ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى



# يۇسۇپ-زىلەيخا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-09847-7

9 787228 098477 >

定价：18.00 元

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

# يۇسۇپ-زىلەيخا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间史诗. 3/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09847-7

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族－史诗－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010441号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间史诗 — 3**(维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.875印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09847-7 定价：18.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
## يۇسۇپ ـ زىلەيخا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09847-7
باھاسى: 18.00 يۈەن



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈمقاپ پادىشاھنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |

| | |
|---|---|
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۇسۇپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| 4. تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| 5. كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| 2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| 3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |

4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

پەرھاد ـ شىرىن ........................1
لەيلى ـ مەجنۇن........................123
يۇسۇپ ـ زىلەيخا........................191



# پەرھاد - شېرىن

رىۋايەتچىلەر بۈيۈك دەريادىن گۆھەر سۈزگەندەك، قايغۇ-لۇق سىرلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، چىنى ماچىن شەھىرىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇ «خاقانى چىن» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. خاقاننىڭ مەجنۇن سۈپەتلىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى پەرھاد ئىدى. ئۇ مەستانە ھالدا بىئىختىيار يۈرەتتى. ئەمما شاھزادە پەرھاد-نىڭ ھۆسن - جامالى شۇنچىلىك ئۆز ئىدىكى، ھېچقانداق گۈزەللىك ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ھە-مىشە ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ خاقاننىڭ باغرى كۆيەتتى. خاقانى چىن: «پەرھادقا قورال - ياراغ ئىشلىتىشنى، سىپاھ-گەرلىكنى ئۆگىتىڭلار» دەپ ئالتۇن كەمەرلىك يۈز يىگىتنى قوشۇپ قويدى. يىگىتلەر شاھزادىگە كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولدى. لېكىن شاھزادە پەرھادنىڭ ھېچنېمە بىلەن كۆڭلى ئېچىلمىدى. بۇ ئىشتىن مەھرەم يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى قانغا تولدى. بىر كۈنى شاھزادە شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تاش كېسىۋاتقان تاشچى ئۇستىنى كۆردى. ئۇنىڭ تاشچىلىق ھۈنىرى پەرھادقا يېقىپ قالدى - دە، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تاشچىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ تاشچىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇستىغا:

— ماڭا تاش كېسىش ھۈنىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن، — دېدى.
شاھزادىدىن قورقۇپ كەتكەن ئۇستىنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. خاقاننىڭ توسقىنىغا ئۇنىمىغان پەرھاد بىرقانچە يىل تاشچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تاش كېسىشنى ئۆگەندى. خاقان بۇ- نىڭ سىرىنى بىلەلمەي، كۈن - تۈنلەپ قايغۇرسىمۇ، لېكىن ھېچنېمە قىلالمىدى. پادىشاھلىقىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى: «مې- نىڭ ئوغلۇم بىر تاشچىنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ شۇنداق ھۈ- نەر بىلەن شۇغۇللانسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈلسىزلىك!» دەپ، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقىسىز بولمىغاندى.
بىر كۈنى خاقان پەرھادنىڭ قولىنى تۇتۇپ:
— ئەي ئوغلۇم، مۇنداق مۇشەققەتكە گىرىپتار بولۇپ



قالغىنىڭ قانداق ئەھۋال، بۇ ساڭا نېمىدېگەن ئازاب؟ ئەي كۆز نۇرۇم، يۈر، مەن سېنى خەزىنىگە ئەكىرەي، ئۇ يەرنى تاماشا قىل، — دەپ پەرھادنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە خەزىنىگە ئەكىردى. خاقانىنىڭ قىرىق خەزىنىسى بار ئىدى. بىر خەزىنىسى لەئەل - مەرۋايىت، بىر خەزىنىسى قىزىل ياقۇت، يەنە بىرىدە مارجان ۋە فىرۇزە، يەنە بىرىدە خەنجەر، ئالماس، يەنە بىرىدە بولسا شەمشەر قاتارلىقلار لىق تولغانىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش قىرىق خەزىنىنى تاماشا قىلدۇردى، ھەممە بايلىقلارنى كۆرسەتتى. شاھزادە پەرھاد ھېچقانداق نەرسىگە نەزەر كۆزىنى سالمىدى. ئۇلار بىر خەزىنىگە كىردى. بۇ خەزىنىدە بىر ئالتۇن ھەللىك قۇتا تۇراتتى. بۇ قۇتىنىڭ شولىسى خەزىنە ئىچىنى يورۇتقانىدى. پەرھاد دەرھال بېرىپ قۇتىنى قولىغا ئالدى. خاقان ئالدىراپ پەرھادنىڭ قۇتىنى ئېچىشىنى توستى:

— ئەي كۆز نۇرۇم بالام، بۇ قۇتىنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ تۇتۇپ باقمىغان. قۇتىنى ئاچمىغىن، — دەپ كۆپ يالۋۇردى، ئاچقۇزماسلىققا ئۇرۇندى. ئەمما پەرھاد ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەسلا ئۇنىمىدى، دەرھال قۇتىنى ئاچتى. قۇتىنىڭ ئىچىدە تۇرغان «ئىسكەندەر ئەينىكى»[①] گە قارىدى. ئەينەكتىن تۆت ئىقلىمدىكى ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆردى. يەنە تاغلار ئارىسىدا بىر گۇمبەز كۆرۈندى. گۇمبەزدە تىلسىم قىلىنغان خەزىنىلەرگە كۆزى چۈشتى. بۇ خەزىنىلەردىكى بايلىقلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. شۇ خەزىنىلەرنىڭ بىرىدە جەمشىدنىڭ جامى بار ئىدى. ئۇلاردىكى ھەممە نەرسىلەر پەرھادقا

① ئىسكەندەر ئەينىكى — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر كۈھقاپتىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئەينەكنى ئاچقانىمىش.

مۇئەييەن كۆرۈندى. پەرھاد ئاتىسىغا:

— مەن ئاشۇ تاغقا چىقىپ، كۆرۈنگەن خەزىنىلەرنى قولـ
غا كەلتۈرىمەن، — دېدى.

خاقان قانچە توسسىمۇ بولمىدى. ئۇ ھەيران قېلىپ: «بۇ
يالغۇز بالام تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تەنھا ئەۋەتەلەيمەن» دەپ
ئويلىدى ـ دە، يۈز مىڭ لەشكەر توپلىدى. لەشكەرلەر پەرھادـ
نى ئېلىپ يولغا چۈشتى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى گويا بۈيۈك
دەريانىڭ دولقۇنىغا ئوخشايتتى.

شۇ ھالدا كۈنلەپ، ئايلاپ يول يۈرۈپ، ھېلىقى تاغقا يېتـ
ىپ كەلدى. تاغقا يەتكۈچە بولغان چەكسىز ئارىلىقتا بىرقانـ
چە پادىشاھلىقلار بار ئىدى. ئۇلار پەرھادقا يول بەرمىدى.
پەرھاد باشچىلىقىدىكى ھېسابسىز لەشكەرلەر:

— ئۆز شەھەرلىرىڭلار ئۆزۈڭلارغا نېسىپ بولسۇن، بىز
شەھىرىڭلارغا چىقىلمايمىز. تاغلىرىڭلارغا بېرىپ سەيلە ـ تاـ
ماشا قىلغىلى كەلدۇق، — دەپ كۆپلىگەن ۋەدىلەرنى بەردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقتى.
باشقا لەشكەرلەر چىقالمىدى. تاغ ئۈستىدە ئاجايىپ ـ غاراـ
يىپلار بار ئىدى. پەرھاد ئۇلارنى كۆردى. بىر غارنىڭ ئالدىدا
مويسىپىت بىر كىشى ئولتۇراتتى. پەرھاد ئۇ كىشىنىڭ ئالـ
دىغا بېرىپ تەزىم قىلدى.

— ئەي بالام، بۇ يەرگە قۇش ئۇچۇپ كەلسە، قانىتى كۆـ
يەتتى، سەن بۇ جايغا قانداق كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ كىم؟ ماڭا
ئەھۋالنى بايان قىلغىن، — دېدى ھېلىقى مويسىپىت كىشى.

— مەن شاھزادە پەرھاددۇرمەن. خاقانى چىنىنىڭ كۆز
نۇرى — پەرزەنتى بولىمەن. بۇ يەرگە تاماشا قىلغىلى كەلـ
دىم، — دەپ جاۋاب بەردى پەرھاد.

ھېلىقى مويسىپىت كىشى:

— ئەي بالام، مەن بەش يۈز يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە سېنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمەن، شۈكۈر لىللاھ سېنى كۆردۈم، مەن بىر دورا ياساپ قويغانىدىم. ئۇنى پۈتۈن بەدىنىڭگە سۈرتكىن. ئاندىن كېيىن ئۇ خەزىنىلەرگە قەدەم قوي، خەزىنىلەرنى ساقلاپ ياتقان سانسىز ئەجدىھالار بار، ئۇلار ساڭا ئاغزىدىن ئوت چاچىدۇ. بۇ دورىنى بەدىنىڭگە سۈرتۈپ كىرسەڭ ساڭا ئوت كار قىلمايدۇ، بەلكى ئوت ئەجدىھانىڭ ئۆزىگە يانىدۇ. تەڭرى بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى ساڭا نېسىپ قىلسۇن. ئەمدى تېنىمدىكى ئامانەتنى تەڭرىگە تاپشۇراي، — دەپ كۆزىنى يۇمدى. پەرھاد مويسىپىتنى ئۆز ئورنىغا دەپنە قىلدى.

شاھزادە مويسىپىت بەرگەن دورىنى ئۆزىگە سۈرتۈپ، ئەجدىھانىڭ ئالدىغا قەدەم تاشلىدى. ئەجدىھا چاچقان ئوت ئۆزىگە قايتىپ، كۆيۈپ ئۆلدى. پەرھاد ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر بوستانلىققا كىردى. بوستانلىق ئىچىدە بىر شەيخ ئولتۇراتتى. پەرھاد دەرھال بېرىپ شەيخكە سالام بەردى. شەيخ پەرھادقا قاراپ:

— ئەي بالام، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟ — دېدى. پەرھاد شەيخنىڭ سوئاللىرىغا مۇۋاپىق جاۋاب بەردى. شەيخ:

— ئەي بالام، مەن مىڭ ياشقا كىردىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنى كۈتۈپ كەلگەنىدىم، ئاخىر كەپسەن. بۇ ئامانەتنى ئال، — دەپ، بىر مەجۈننى پەرھادنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مەجۈننى يېگىن. ھەممە خەزىنىلەر ئەمدى سېنىڭ بولىدۇ.

شەيخ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بارلىق



خەزىنىلەرنى ئالدى. ئۇ خەزىنىلەرنى شۇ يەردىكى پادشاھلارغا ۋە ئۆز لەشكەرلىرىگە ئىنئام قىلدى. چۈنكى پەرھاد بۇ خەزىنىلەرگە قىزىقمايتتى. ئۇ ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ قايتتى. لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ياقۇت، مەرۋايىتلار ھېسابسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشتىن دوستلار شادلىققا چۆمدى. پەرھاد ۋەتىنى چىنى ماچىنغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇدى. شاھزادە پەرھاد خاقانى چىنغا:

— ئەي مېنىڭ قىبلىگاھىم ئاتام، مەن ئاشۇ ئىسكەندەر



ئەينەكنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، بۇ ھەۋەسنى قوي. سەن كۆزۈمـ-نىڭ نۇرى، ئۇنى كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنى كۆرۈشۈڭدىن بېـ-شىمغا بالا ياغمىغاي، — دېدى خاقان ئۇنى توسۇپ.

لېكىن شاھزادە ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەسلا پىسەنت قىلـ-مىدى. ئۇ خەزىنىگە كىرىپ ئەينەكنى ئالدى، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى. پەرھادنىڭ تۆت ئىقلىمدا كۆرمىگەن يېرى قالمىدى. ئاخىر بىر بۈيۈك شەھەرنى كۆردى. بۇ شەھەر ھەمـ-مە شەھەرلەردىن ھەيۋەتلىكرەك ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە سەلتەنەتلىك بىر ئوردىغا كۆزى چۈشتى. شەھەر ئىچىدە يۈز مىڭلىغان لەشكەر ۋە لەشكەرلەر ئوراپ تۇرغان بىر بوستان تۇراتتى. بوستانغا ئالتۇن تەخت قويۇلغان بولۇپ، تەخت ئۈستىدە بىر نازىنىن ئولتۇراتتى. ئۇ نازىنىننىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىدىن شۇ بوستانغا نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ نازىنىن قىزنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك بىرەرى تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ گۈزەل جامالى بىر بوستانىلا ئەمەس، پۈتۈن ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىـ-لىپ تۇراتتى. يۈز مىڭلىغان لەشكەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەيـ-يار تۇراتتى. ئۇنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھوشىدىن جۇدا بولاتتى.

پەرھادنىڭ غەزىلى

ئول نە قىزدۇر، ھۆرى جەننەت ھەم بەرابەر كەلمەگەي،\
كاكۇلىگە مۇشكۇ ئەنبەر ھەم بەرابەر كەلمەگەي،\
ئول نە لەبدۇر، لەئلى بەدەخشان ھەم بەرابەر كەلمەگەي،\
ئول نە يۈزدۇر، ئول قىزىل ھەم بەرابەر كەلمەگەي،

ئول نه كۆزدۇر، ئاھۇيى رۇم ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نه دەندانىدۇر، ساڭا گەۋھەر بەرابەر كەلمەگەي،

ئول نه قاشدۇر، خەت ئارا قەلەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نه سۆزدۇر، سۆز ئارا شەكەر بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نه ساچدۇر، باغ ئارا سۇنبۇل بەرابەر كەلمەگەي،
ئول قەددىدۇر، سەرۋى لەرزان ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول قولىدۇر، ئاق يىپەك مالى بەرابەر كەلمەگەي.

بۇلبۇلى گويەندەلەر بىر گۇفتىگۇنىڭ بەندەسى،
ئول قىزىلگۇل ئاي يۇزىنى گويىيا شەرمەندەسى،
ئول مېھىنبانۇ دېگەن بىر شاھنىڭ ئەرزەندەسى،
بارچە ئالەم خۇبلارى ئول ماھنىڭ فەرۋانەسى،
چۇشتى بۇ پەرھادنىڭ باشىغە ئول دەم سايەسى،
تۇتمىئى شېرىن زەبان  ئول ماھنى ھەمسايەسى،
بارچە ئالەم ئارادە ئول ياخشىلارنىڭ زۇبدەسى،
ئول كەبى سەرۋى رەۋان ئالەمگە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

كىمكى كۆرسە ئاي يۇزىدىن بولغاي ئاڭا بەندى مۇرىد،
ئاچماغە ئەتدى جەفا دەرۋازەسىن بولدى كەلىد،
بول پەرىنى يولىدە بولدى بۇ يەردە ئول فەرىد،
ئول كەبى گەۋھەر ـ سەدەفكە باز تۇشكەي ـ تۇشمەگەي،
كىفرىكى خەنجەرلەرى ئالەمغە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

كۆردى ئول ئادەم يۇزىن پەرھاد ـ شېرىن جورەسى،
كىم ئو شۇل خاقانى چىننى شەھرىنى مەھ پارەسى،
نه جەفا كۆرگەيكى ئول دەم پادىشاھ ئەرزەندەسى،

زەئفىراندەك سارغىيىپ ئانداق لەتافەت چېھرەسى،
ئول كەبى شەھزادە مۇندە باز كەلگەي ـ كەلمەگەي.

سالدى پەرھاد باشغە سەۋدايى شېرىن سايەسىن،
كۆردى ئانى بولدى گۈلى نەرگىسدەك ئول ھەزىن،
ئىشق ئېلىغە خۇش كۆرۈنۈر ئۇشبۇ ئاشىقنىڭ غەمىن،
ئەمدى ئايرىلغاي ئۇشۇل شەھزادەدىن ئۇ شەھرى چىن،
ئول كەبى شەھزادە خان ئالەمغە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، خاقانغا:

— ئەي ئالەمنىڭ پادىشاھى، مېنىڭ قىبلىگاھىم، مەن ئاشۇ شەھەرگە بارىمەن. ئۇ شەھەرنى تاماشا قىلىپ كېلىمەن، — دەپ رۇخسەت سوراپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا كۆپ يىغلىدى. ئۇ ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ، شېرىننىڭ سەۋداسى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەندى. شۇڭا، ئەقلى ـ ھوشىدىن ئاداشتى. ئېلىپتەك قامىتى يادەك ئېگىلدى، قىزىلگۈلدەك يۈزى زەپىراندەك سارغايدى، يۈرىكى، بەلكى جېنىغا ئوت چۈشتى. كېيىكنىڭكىدەك كۆزلىرى نەرگىس گۈلدەك سۇزۇلدى. سەۋر ـ تاقىتى قالمىدى. غېرىبلىق يولىغا چۈشۈپ، سەرگەردانلىق جاپاسىنى تارتماقچى بولدى. ئاھۇپىغانى چەكتىن ئاشتى. ئۇ ھال ـ ئەھۋالىنى خاقانغا بايان قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

پەرھادنىڭ غەزىلى

ۋاي، بۇ باشىمغە تۇشۇبدۇر يۈز تۈمەن سەۋدايى ئىشق،
ۋاي، نېتەي قويماس مېنى ئولتۇرغالى غەۋغايى ئىشق،

جانىمە قەست ئەيلەدى بولدۇم مەگەر رەسۋايى ئىشق،
باشىمە سالدى پەلەك جەۋرى بۇ دەم پەيدايى ئىشق،
باغرىمى سەدپارە قىلدى بۇ زەمان مەئۋايى ئىشق.

خەنجەرى ئىشق ئەيلەدى باغرىمنى، بولدۇم چاك ـ چاك،
ھەجرى دەشتىدە يۈرەكىم بولدى بۇ دەم ۋەھمناك،
كۆيگۈسى ئاھىم شەرارىغە زەمىن ئاستىغە خاك،
مەن كۆيەر بولدۇم ئانىڭ سەۋداسىدىن بىردەمدە پاك،
قانىمى گۈلگۈن قىلىپدۇر مۇندە بىپەرۋايى ئىشق.

ئاھكىم، جانىمغە قىلدى بىر پەرى رويى ئەسەر،
ئاھ نېتەي، جەبر ئەتتى جانىمغە بۇ ئەفغانى سەمەر،
باغلارەم ئەمدى بىلىمغە، ۋاي، زەخمەتدىن كەمەر،
ئاختارۇپ چىقسام تاپىلسا، ۋاي، يارىمدىن خەبەر،
كۆكسۈمى سەدپارە قىلدى، ۋايكىم، ئەفغانى ئىشق.

ئاختارۇپ چىقسام تاپارمەنمۇ ئۇشۇل مەھپارەنى،
تاجى زەررىن باشىدە تەخت ئۈزرە ئول ئازۇردەنى،
كىم ئۇشۇل شىرىن تەكەللۇم كۆزلەرى خۇنخارەنى،
مەھلىيالار ئىچرەكىم ئول دىلبەرى جانانەنى،
باشىمە سالدى قىلىچ، قىلدى مېنى ئەفگارى ئىشق.

مەستىمەن، مەستانەمەن ھەم گەۋھەرى يەكدانەمەن،
ئول پەرىنى ئاختارۇپ ھەر شەھرى بولسا بارەمەن،
قايسى يەردە بولسا ئول جانانەنى مەن تاپامەن،
تاپماسام ئول مەھلىقانى يولىدە جان بېرەمەن،
جانىمى قەقنۇسدەك بىردەمدە پاما قىلدى ئىشق.

مەن شەھى شەھزادەمەن، ئول يار ئۇچۇن ئەۋۋارەمەن،
مەستۇ مۇستەغرەق ئېرۇرمەن يولىدا پەرمانەمەن،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ بۇ يولدە ئاتەشپارەمەن،
ئىزلەبان ئول دىلرەبانى، يولىدە سەدپارەمەن،
مەھزۇنى بىچارەنى بۇ يولدە ھەيران ئەتدى ئىشق.

ئەلقىسسە، پەرھاد خاقانغا يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ، باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلىدى.

خاقان ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەردلىك ئاھ تارتتى، ھېسابسىز قايغۇ - ئەندىشىگە دۇچار بولدى، بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى، يۈرىكى پارە - پارە بولدى. ئۇ پەرھادقا:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ۋاي جېنىم پەرزەنتىم. تۈمەنلىگەن تىلاللىرىم سېنىڭ سادىغاڭ بولسۇن. مېنىڭ شاھلىقىم سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن خاپا بولساڭ، ماڭا تاجۇدۆلەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ سەن نەگە بارساڭ مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى - دە، لەشكەرلەر بىلەن پەرھادنى ئېلىپ، مېھمانىنۇنىڭ شەھرىگە قاراپ راۋان بولدى. كۆپلىگەن خەزىنە ۋە سەپەر ئەسۋابلىرىنى كېمىلەرگە سېلىپ دەرياغا چۈشتى. سۇ ئۈستىدە كۈنلەپ - سائەتلەپ يول يۈرمەكتە ئىدى.



بىر كېچىسى بوران چىقىپ

ئالەم قاراڭغۇ زۇلمەتكە چۆكتى. سۇنىڭ دولقۇنىدىن كېمىلەر بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ بۇزۇلدى. كېمىلەردىكى يۈز مىڭلىغان لەشكەر ھەر تەرەپكە ئېقىپ كەتتى. خاقانى چىن ئۆز كېمىسى بىلەن بىر تەرەپكە ئاقتى. خاقانى چىن چۈشكەن كېمىدىكىلەردىن باشقىلىرى ۋەيران ۋە سەرگەردان بولدى. خاقان شاھزادە پەرھادتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇ:

— ئەي يالغۇزۇم بالام، نېمە بالا بولدىكى، سەندىن ئايرىلدىم. بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇم. ئەمدى قانداق تاقەت قىلاي؟ — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋەھكى، بولدۇم، دوستلار، يالغۇز قۇلۇنۇمدىن جۇدا،
فۇرقەتىدىن گويىيا بولمىش بەدەن جاندىن جۇدا،
ئۇشبۇ رەۋشەنلىك كۈنى بولمىش ماڭا يەلدا تۈنى،
نەيلەيىن بولدۇم ئۇشۇل خۇرشىدى تاباندىن جۇدا،
ئەندەلىبدەك تۈنۇ كۈن فۇرقەت ئوتىدە ئۆرتەنىپ،
بولدۇم ئوخشار بۇ دەمى سەرۋى خىراماندىن جۇدا،
تۈتى دەيىن زار يىغلاپ ئەيلەرەم ئاھۇ فىغان،
ئاھ، نەيلەي بولدۇم ئۇشۇل نازەنىنىمدىن جۇدا،
كۆلبەم ئېردى جەننەتۇل ـ مەئۋا ئۇشۇل شەھزاد ئىلە.
ناگەھان قالدىم ئانىڭدەك نازەنىنىمدىن جۇدا،
تاپمادى يۇسۇف جاھان سۇلتانلىغىدىن راھەتى،
بولدۇم ئوخشار بۇ زەمان مەن پىرى كەنئاندىن جۇدا.
ئەي شەھىم، نېدۇر سەبەب تاشلاپ نەزەردىن بىزلەرى
بولدۇڭ ئوخشار بۇ دىلى سەرگەشتە ھەيراندىن جۇدا.

شاھلىغ ماڭا كۆرۈنمەس زەررەئى خەسچە مەگەر،
سەنسىزىن ئۈشبۇ جەھان بولدى كۆزۈمگە قاپقارا،
تۈتىئى گويا بولۇپدۇر شەككەرىستاندىن جۇدا.
مەھزۇنا، قىلمە شىكايەت ئۈشبۇ فانى دۇنيادە،
بولدۇڭ ئول روزى ئەزەل تەقدىرى يەزداندىن، جۇدا.

ئەلقىسسە، خاقانى چىن يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ يىغلايتـ-
تى، ھېسابسىز ھىجرانلىق دەردىگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن
ئاھۇپىغانى كۆككە يەتتى.

بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى
شاھزادە پەرھادتىن ئاڭلايلى:

ھېلىقى كۇنى شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر
پارچە تاختا ئۈستىدە ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ
دەرھال دەريادىن چىقتى، ماڭغىنىچە بىر شەھەرگە كېلىپ
قالدى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۆز خەلقىگە ئوخشىمايتتى،
بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ۋە جىددىيلىككە چۈشتى:

بۇ قايسى شەھەردۇ؟ مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ ئەي پەرۋەر-
دىگار، ئۆزۈڭ بەندىلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇلۇغ شاھسەن، مەد-
دەڭ بىچارىگە رەھىم قىلغايسەن، دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

مەنى شورىدە ھەيرانغە
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.
بۇ ئەھۋالى پەرىشانغە
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

كى بىر مەھۋەشى دەردىدىن
بۇ يەرلەردە بولۇپ ھەيران؛

مېنىڭدەك يوقتۇر سەرگەردان،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

مەنەم شاھزادە خان ئېردىم،
ئېلىمدە مۇئتەبەر ئېردىم،
مۇنىڭدەك ياقىگە كەلدىم،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

بىلۇرسەن ئۇشبۇ ھالىمنى،
بېرۇر بولساڭ مۇرادىمنى،
ئاقۇزۇپ كۆزە ياشىمنى،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

كۆرۈپ ھۆسنۇجەمالىنى،
يەتۈرۈپ كۆككە ئاھىمنى،
تىلەپ ھەقدىن مۇرادىمنى،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

بۇ جاندە قالمادى تاقەت،
يۈرەكدە قالمادى ھالەت،
تاپارمەن دەپ قىلىپ غەيرەت،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

تۇشۇپ باشىمغە بۇ سەۋدا،
قالىپمەن يۈز تۇمەن داغدا،
قىلۇر جان بىرلە تەن غەۋغا،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد نالە ـ پىغان قىلىپ تۇرغاندى، بىر يىگىت كېلىپ پەرھادنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ يىگىت پەرھادنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتىنىڭ يالقۇنلاۋاتقانلىقىنى، كۆز يېشىنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا مۇنچە دەردلىك ئاھ ئۇرۇپ يىغلايسەن؟

— ھەي بۇرادەر، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىماقچى بولسىڭىز، ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. دادىمغا پەرۋەردىگارى ئالەمدىن باشقىسى يېتەلمەيدۇ.

— نامىڭىز نېمە؟

— ئۆزۈم يېگۈچى ساپىقىنى سورىمايدۇ.

سوئال سورىغۇچى يىگىت رەسسام شاپۇر ئىدى. شاپۇر پەرھادقا:

— بۇ دۇنيا تۇراقسىز، مادارسىز، زالىم ۋە جاپاكاردۇر. ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان جانمۇ يوق. كۆپ ھەسرەت چەكمە، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەرھاد يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزم

بولدۇم مەن غېرىبكىم، ئاتىدىن جۇدا،
چۇن بۇلبۇلى خەزان زەررە گۈلزاردىن جۇدا.
تاڭ يوق فىراق ئوتىدىن زار يىغلاسام،
قالدىم بۇ يەر ئارادا ئەقلۇھوشۇمدىن جۇدا.
سەبر ئەيلە ھەجر ئوتىغە كېرەك بولسە بار،
مەشھۇر بۇ مەسەلكىم: «گۈل ئەمەس خاردىن جۇدا.»

ئانداغ كىشىگە بولماغۇسى يار ـ ھەمنىشىن
تا بولماسە مۇھەببەتى ئەغياردىن جۇدا.
غەم تاغى ھەجر كېمەسىگە ۋەتەن قىلىپ،
بولدۇم بۇ دەمى تەخت ئىلە تاجدىن جۇدا.
ئەۋۋارەئى جەھان بولۇبان مەن دىل ھەزىن،
ئول سەلتەنەتى جانۇن جىگەر خاردىن جۇدا.
ئەقل ئولدى ھەزىن كەتتى ئۇ كۆز نۇرى ئاقىبان،
ئىشق ياردىن دىلى ئىمان ـ جانىدىن جۇدا.
بىلمەم بۇ جاھاندە يار ئۆلۈكمۇ يا تىرىك؟
بالۇ پەرى مەھزۇن دىل ئەفكاردىن جۇدا.

شاھزادە پەرھادنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاپۇر جاۋابەن بۇ بېيىتنى ئوقۇپ يىغلىدى:

تۈن سەھەر فەرياد ئىلە ئالەم كېزىپ يۈرگەن سەبا،
يارنىڭ پەيغامىنى يارىغە يەتكۈزگەن سەبا.
سۇبھى ۋەقتىدە قەبايى غۇنچەدىن ئاچىپ گىرىھ،
بۇلبۇلى بىدىلنى كۆپ ئەفغانە كەلتۈرگەن سەبا.
ھەجر دەردىدىن ئۆلەن ئەفسۇردەلەرنى ھەر سەھەر
بۇيى زۇلفى ياردىن ھەر لەھزە تىرگۈزگەن سەبا.
شور ئىلە بۇلبۇل فىغاندىن نەغمە ئەيلەپ زىرە دەم،
شەۋقىدىن سەرۋى چەمەننى رەقسى قىلدۇرغان سەبا.
ئەرغەۋانى لالە ئى سەبزىن يۈرەكىن چاك ـ چاك،
سەۋسەن ئۆزرە جامەئى ماتەمنى كىيدۈرگەن سەبا.
شەمئى رۇخساردىن ئول فەرمانەدەك ئەيلەپ سەدا،
بىنەۋا ئەيلەپ فەنا مۇلكىگە يەتكۈزگەن سەبا.

ئاشىقا، يار ئىستەسەڭ ھەر سۇبھىدەم بىدار بول،
بىر نەفەس ئويغاقلىرە بۇيىنى يەتكۈزگەن سەبا.
ئىشق دەئۋا ئەيلەگەنلەرنىڭ دىلى پۇرخۇن ئېرۇر،
بۇ دىلى پۇرخۇنلەر كارىنى يەتكۈزگەن سەبا.

ئەلقىسسە، شاپۇر يۇقىرىقى بېيىتلارنى ئوقۇپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە پەرھاد بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. ئۇلار بىرقانچە كۈن يۈرۈپ بىر چۆلگە يەتتى. پەرھاد چۆلنى كېزىۋېتىپ، يارىنىڭ پىراقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇپ ياش تۆكتى:

تا گىرىفتارى خەمى زۇلفى پەرىشان ئولمىشىم،
غۇنچە گۇلدەك بۇ يۈرەكىم تەھ - بەتەھ ئولمىشىم.
سائەتى يوقتۇر فىغانۇنالەدىن ئاسايىشىم،
گويىيا باشدىن ئاياغ فەريادۇ ئەفغان ئولمىشىم.
يۇسۇفى مىسرى غەمىدىن كۇلبەئى ئەھزان ئارا
ياش تۆكۈپ تۇفراق ئارا چۇن پىرى كەنئان ئولمىشىم.
ئەي تەبىبا، كەل مېنىڭ دەردىمغە دەرمان قويغالى،
كىفرىكى ناۋەكلەرىدىن زەخمى پەيكان ئولمىشىم.
گەر مۇيەسسەر بولماسە جەننەت ئارا دىدارى دوست،
بىر گۇلى ئەھمەر كۆزۈمگە نارى سوزان ئولمىشىم.
دەۋزەخ ئىچرە گەر مۇيەسسەردۇر داغى دىدارى يار،
نار ئىچرە ۋەسلى بىرلە نۇرى سوزان ئولمىشىم.
ۋائىزا، سەئيى ئەتمە كۆپكىم، بەندەلەرگە بەردى داغ،
بىر پەرىنىڭ فۇرقەتىدىن نارى ھىجران ئولمىشىم.

ئەلقىسسە، پەرھاد بىلەن شاپۇر ئىككىيلەن بىرقانچە زامان يول يۈرۈپ، ئاخىر ئېرەم شەھرىگە يېتىپ كەلدى.



ئېرەم ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە بۈيۈك شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھى مېھىنبانۇ بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ، شان - شەۋكەتلىك پادىشاھ ئىدى. مېھىنبانۇنىڭ يۈز مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. پەرھاد ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ رەسىم - قائىدىلەرگە ھەيران بولدى. پەرھاد شاپۇر بىلەن شەھەرنىڭ بىر يېرىگە ئورۇنلاشتى.

شاھ مېھىنبانۇنىڭ يېنىدا بىر سىڭلىسى بار ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۆزى نازىنىن، يۈرۈشى يارىشىملىق، ئارامى جان، كۈمۈش تەنلىك، نازۇك بەدەنلىك، چاچلىرى سۇمبۇل، كۆزلىرى شەھلا، لېۋى ياقۇتتەك، ئاغزى غۇنچىدەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك، سۆزى شېرىن، سەرپايى گۈل رەڭلىك، يۈرۈشى توزدەك بىر مەلىكە ئىدى. مېھىنبانۇ ئۇنى دائىم ئالدىدىن نېرى قىلمايتتى، ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بېقىپ قاتارغا قوشقاچقا، مېھرىبانلىقىدىن ئىچى كۆيۈپ «قىزىم، پەرزەنتىم» دەپمۇ ئاتايتتى.

پەرھاد بىلەن شاپۇر ئېرەم شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن مەدىكار بازىرىغا بېرىپ، كۆرۈنۈشتە مەدىكارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شىجائەتلىك، باھادىر يىگىتلەردىن ئىدى. بىكار چاغلىرىدا شەھەرنى كېزىپ يۈرەتتى.

مېھمىنبانۇنىڭ كۆپلىگەن چۆرە ـ كېنىزەكلىرى بار ئىـ-
دى. مەلىكە شېرىن شۇ قىزلار بىلەن ئوينايتتى. ئۇلار
شۇنداق قىزلار ئىدىكى، ئەگەر ئۇرۇشقا كىرسە رۇستەمدەك
جەڭ قىلاتتى، جەڭدە پالۋانلارمۇ قىزلارنىڭ زەربىسىگە
چىداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇلار ئويۇنغا چۈشسە، ئەسلا
ھارمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈل غۇنچىسىدەك گۈزەل ئىـ-
دى. بۇ قىزلار ئوردىدىكى بەدەۋىيلەر بىلەن رۇملۇق خىزمەت-
چى ـ غۇلاملارنىلا كۆرەلەيتتى.

مېھمىنبانۇنىڭ لەكمىڭلاپ لەشكىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ھەر ئەتىگىنى سالامغا كېلەتتى. ھەر كەلگىنىدە
ئۇلارغا تىللا جامدا قەنت سېلىنغان سۈت بېرىلەتتى. لېكىن
ئۇنى ھەممىسىگە يەتكۈزگىلى بولمايتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى
شېرىن مۇنداق دېدى:

— نەچچە مىڭ يىگىتىمىز بار. بۇلارغا شەربەتنى يەت-
كۈزگىلى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا بىر پەرسەخ① كەلگۈدەك ئۇزۇن-
لۇقتا تاشتىن بىر ئېرىق قېزىلسا، ئاخىرىغا تاشتىن كۆل
ياسالسا، كۆل ناھايىتى چوڭ بولسا، ئىچىگە قەنت ـ ناۋات
سېلىپ قويۇلسا، مىڭ كالا بېقىلسا، ئۇنى قىشلاقنىڭ ئۆزد-
دىلا سېغىپ، ئېرىققا قويسا، سۈت ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىپ
تاش كۆلگە قويۇلۇپ لىق تولسا، يىگىتلەر ئالتۇن جام بىلەن
كۆلدىن شەربەتنى ئېلىپ ئىچەلەيدىغان بولسا، بۇنىڭغا كېتەر-
لىك قانچىلىك دۇنيا بولسا بېرەتتىم.

مەھرەملەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بازارغا مېڭىشتى. ئۇلار:
«تاش چېپىشنى بىلىدىغان ئۇستا بارمۇ؟» دەپ مەدىكار بازد-

---

① پەرسەخ (پەرسەنە دەپمۇ ئېيتىلىدۇ) — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر پەرسەخ تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

رىنى ئىزدەشكە باشلى-
دى. دەل شۇ چاغدا،
پەرھاد بىلەن شاپۇر
بازاردا يۈرگەنىدى. مەھ-
رەملەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا
كېلىپ:

— ھەي ئۇستىلار،
ئاراڭلاردا تاش چېپىشنى
بىلىدىغان كىشىلەر بار-
مۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ بۇ ئى-
نىم تاش چېپىشنى بى-
لىدۇ. مەن بولسام ئات
باقىمەن، — دەپ جاۋاب
بەردى شاپۇر.



مەھرەملەر: «ئەجەبمۇ كۆزى ئۆتكۈر، چىرايلىق يىگىتلەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، سىلەرگە ئىش تېپىپ بېرى-مىز، دەپ، پەرھاد بىلەن شاپۇرنى مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا ئې-لىپ باردى. پەرھاد مېھىنبانۇنىڭ شان ـ شەۋكەتلىك ۋە ھە-شەمەتلىك شاھ ئىكەنلىكىنى كۆردى. مېھىنبانۇ:

— كېلىڭلار، ئۇلۇغ ئۇستىلار، مەن سىلەرگە خىزمەت تاپشۇراي، — دېدى.

مېھىنبانۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقىنىدا، مەلىكە شېرىنگە تۇيۇقسىز پەرھادنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئاتىسىنىڭ خەزى-نىسىدىكى «ئىسكەندەر ئەينىكى»دە كۆرۈنگەن قىزنىڭ شۇ ئى-كەنلىكىنى بىلىپ، پەرھاد ھوشىدىن كەتتى. شاھ مېھىنبانۇ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ:

— بۇ ئەقلىدىن ئازغان ساراڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەل-گەن كىم؟! — دەپ ۋارقىرىدى. شاپۇر مېھىنبانۇغا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بىز بىر بىچارە مەدىكار، سىز بولسىڭىز جاھانغا نىجاتلىق بەرگۈچى يۇقىرى مەرتىۋىلىك شاھ. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ سۆزلىشىش بىز ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ بىز سۆزلەشتىن قورقىمىز. شۇڭا ئۇ ھوشىدىن كەتتى، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزىپى بېسىلغان مېھىنبانۇ شاپۇرنىڭ نام - ئەمالىنى سورىدى.

— سېنىڭ ئىسمىڭ كىم؟

— مېنىڭ ئىسمىم شاپۇر، ئۇنىڭ نامى پەرھاد، ئۇ تاش كېسىشنى بىلىدۇ. مەن ئات بېقىشنى بىلىمەن، — دېدى شاپۇر.

— ھەي مەدىكار يىگىتلەر، سىلەر تاغقا بېرىپ تاشتىن بىر ئېرىق قېزىڭلار، ئاندىن كېيىن ئوردىمىزغا تاشتىن بىر كۆل ياسايسىلەر، ئېرىقنى كۆلگە تۇتاشتۇرۇپ چىقىسىلەر. ئېرىقتىن ئوردىدىكى كۆلگە سۇ كېلىدىغان بولسۇن. ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر پەرسەخ بولۇشى لازىم، — دەپ ھۆكۈم قىلدى مېھىنبانۇ.

پەرھاد ئوردىدىن مەستلەرچە چىقىپ كەتتى. شاپۇر بىلەن ئىككىيلەن تاغقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېرىق قېزىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تاشلارنى تاللىدى. پەرھاد: «ئېرىق پۈتسە، شېرىن ئېرىقنى كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆ-رۈشكە مۇيەسسەر بولارمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن ئەجەب دىۋانەۋەش بولدۇم سىنىڭدەك يار ئۈچۈن،
ھەجر ئوتىغە يانە - يانە، كۆل بولۇپ دىلدار ئۈچۈن.

چىنى ماچىندىن كېلۇرمەن، نە ئەجەب پەرۋانەمەن،
بۇ سىفەت دىۋانەدۇرمەن، بىر پەرى رۇخسار ئۈچۈن.
شاھ ئېردىم بىر زەمانى، ئەمدى بولدۇم مەردىكار،
رەھم ئېيتىپ، باقغىل يۈزۈمگە، مەن غېرىب ئەفكار ئۈچۈن.
پادىشاھلىق تەختىدىن كەچتىم، ھۈنەر قىلدىم بۇ كۈن،
تاش كېسەرمەن بۇ يەردە، ھۆكمى رەۋان يار ئۈچۈن.
ھەسرەتىڭدە لەختە ـ لەختە بولدى باغرىم، ئاھ ـ ئاھ،
ئۈشبۇ يەرگە ئاختۇرۇپ كەلدىم سېنىڭدەك يار ئۈچۈن.
خىزمەت ئەتكۈمدۇر ساڭا، ئەي دىلبەرىم، جان بارىچە،
جان بېرۇرمەن يولۇڭغە، جانىمغە نازىڭ بار ئۈچۈن.
چۈن قىزىلگۈلدەك يۈزۈم يولۇڭدە بولدى زەئفىران،
بۇ ئەلىف قەددىم ئېگىلدى سەن كەبى شەھباز ئۈچۈن.
مەن گەدادۇرمەن بۇ يەردە، ھەمكى يۈرگەن مەردىكار،
باز قۇۋۋەت تاپارەم سەندەك نىگارىم بار ئۈچۈن.
مەن بىلۇرمەن، مەن گەداغە شاھسەن، ئېرمەس رەۋا،
بولماسام مەنھەم رەۋا كەلدىم يەنە خىزمەت ئۈچۈن.
بولماسام يارىمغە لايىق، خىزمەتىم لايىق ئېرۇر،
جانۇ دىلدە خىزمەت ئەتكۈم، ئەي پەرى، سەن يار ئۈچۈن.
مەن غەرىبى خەستەدۇرمەن، دەردىمە تاپدىم دەۋا،
دەردىمە تاپمام دەۋا دەپ كەلدىم تەبىبىم بار ئۈچۈن.
مەھزۇنا، ئايغىل بۇ سۆز ئول خۇبرونىڭ ھالىغە،
مەن پۈتەرمەن ئۈشبۇ سۆز قەلەم ـ دۇۋەتىم بار ئۈچۈن.

ئەلقىسسە، پەرھاد تاغقا يېتىپ كېلىپ، تاش چېپىشقا تۇتۇش قىلدى. تاش چېپىش ھەۋىسى شاھزادە پەرھادقا گۈل تېرىشتىن ئەۋزەل بىلىندى. خالايىق ئۇنىڭدىن:

— تاش چېپىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، پەرھاد:

— ياق، گۈل تېرىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆكۈل تا ئىشق ئوتىغە كۆيمەيىن شورى شەرەر بەرمەس،
ھەزەر ئەيلەسە ئولكىم ئىشقدىن ئاھى سەھەر بەرمەس،
نىگارىم ساڭا دىل فەريادۇ ئەفغانىم ئەسەر بەرمەس،
ماڭا بادى سەبا ئول سەرۋى گۈل رۇخدىن خەبەر بەرمەس،
ئاچىلماس غۇنچە بەختىم، ئەتمەدىم نەخلىيۇ بەر بەرمەس.

ھەقىقەت بەھرەسىن بىلدىم، كۆكۈل سەئيى غۇبار ئەتمە،
قايۇ بىر دەردىنى مەھرەم قىلىپ ئەفشايى راز ئەتمە،
خەدەڭگىلىك تىيرە پەيكانىڭ نەسىبىن بىزگە ئاز ئەتمە،
كۆزۈمدىن مەسكەن ئەت، خارى مۇرەمدىن ئىھتىراز ئەتمە،
گۈلى خەندانغە سوردۇم، خارە يار ئولماس، مەزار بەرمەس.

جەھان مەھۋەشلەرىن خەيلىدە شىرىن گەۋھەرى يەكتا،
مۇسەلسەل كاكۇلىڭدىن ھەر كىشى باشىغە بىر سەۋدا،
ھەمىشە يىغلايۇپ ۋەسلىڭ تىلەرمەن، ئەي مەلەك سىيما،
تۆكۈپ كۆز ياشىمىز سەنسىز بىلەكىڭ ئىستەرەم، ئەي ماھ،
ئەجەل پەيكىغە سىلى ئەشك گىردابى ئەسەر بەرمەس.

يېتەر ئۆز ھۆسنۇ زاتىڭ، زىينەت ئەتمەككە گۆھەر ئالمە،
بىزى ئۆرتەندۇرۇر ئىشق ئوتىدىن ئەغيار ئىزىن باسمە،
جەھەت تاھىر ئەتمەك ئەيب ئەمەس، ئەي مەھ يولۇم توسمە،
ئەگەر جان ئالماق ئىستەرسەن، تەنىمدىن تىغنى كەسمە،
ئەگەر بىر مۇژدە نىھال بەرمەگۇنچە سۇ سەمەر بەرمەس.

فەلەك ھېچكىم مۇرادىن چېھرەسىن ئاچماس نىقابىدىن،
ئوقۇپ كۆردۇم، ۋەفاسىن كۆرمەدىم ئالەم كىتابىدىن،
خەبەرسىز بولماغىل، كەچكىل بۇ گەردۇننىڭ شىتابىدىن،
قىياس ئەت شەمئىدىن، ۋەھم ئەيلە چەرخىنىڭ ئىنقىلابىدىن،
كىم ئول باش ئالماقە قەسد ئەتمەيىن، تاجىيۇ زەر بەرمەس.

«كېسەرمەن تاش» دېسەم، گويا ماڭا گۈل تەرمەك ئوخشايدۇر،
مەگەر تاش كەسمەگۈنچە ياردىن ماڭا نەزەر بولماس،
قولۇڭدىن بەرمە خەۋفىڭ، بەندەلىكتە ئىش ئەمەس ئاسان،
بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە گۈل تەرمەكىمدىن تاش كېسىش ئاسان،

ۋەفايى ئۇمردىن بۇ يەردە بۇنياد ئىشق بىپايان،
ئەگەر مەقسەد تەلەبسەن شەۋق مەھزۇن ئەيلەگىن ئەفغان،
فۇزۇلى، دەھردىن كام ئالماغۇنچە ئەيلەدىڭ گىريان،
سەدەف سۇ ئالماغۇنچە ئەبرى نىيساندىن خەبەر بەرمەس.

پەرھاد بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ تاش چېپىشقا باشلىدى. ھەر جۇمە كۈنى ئوردىغا بېرىپ، مېھىنبانۇغا سالام بېرەتتى. شۇنداق چاغلاردا مېھىنبانۇنىڭ قېشىدا تۇرغان شېرىننىڭ جامالىنى كۆرەتتى. شېرىن پەرھادقا چاقچاق قىلىپ، ئۇنى «مەجنۇن ئۇستا» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن بىر جام سۈت بېرەتتى. پەرھاد ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن مەستلەرچە ئىختىيارسىز ھالدا تاغقا قايتاتتى ــ دە، تاش چېقىشقا كىرىشەتتى.

پەرھاد شاپۇر بىلەن دوست ۋە ئاكا ــ ئۇكا بولۇپ بىللە ئۆتتى. پەرھادنىڭ كۆز يېشى مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، يۈزىگە چۈشكەن ياشلىرى ئۇنىڭ رۇخسارىغا يارىشاتتى، ھۆسن ــ

جامالى ئالەمنى روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى. كىمكى پەرھادنى كۆرسە، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق بولۇپ قالاتتى. پەرھاد دائىم مەستلەرچە ـــ ئىختىيارىنى يوقاتقان ھالدا يۈرەتتى. چۈنكى، بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق بۈيۈك چىنى ماچىن پادىشاھىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى بىر ساھىبجامال مەلىكىگە گىرىپتار قىلىپ، سەرگەردان مەدىكارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ئېرەم شەھىرىگە كېلىپ، تاغلاردا تاش چېپىش جاپاسىغا قالدى. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرىنىڭ ئەمرىسىز بولغان ئەمەس. پەرھاد ئۇ جايدا ئاپتاپنىڭ ئىسسىقىدا، چىللىنىڭ سوغۇقىدا، يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا مېھنەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا زار ـ زار يىغلاپ، كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى مېنى ھەيرانەلەر،
كۆزلەرىمدىن ئاققۇزۇپ ياش، قىلدى كۆپ گىريانەلەر.
ھەجر ئوتىدە كۆيدى بۇ جانىم، بولۇپ بىريانەلەر،
مۇددەتى ئاباد ئىدىم، بولدۇم بۇ كۇن ۋەيرانەلەر.
ھەجرى بىپايان ئوتىغە قىلدى بىزنى مۇبتەلا،
بۇ سىفەت ھەيرانۇ سەرگەردان بولۇپ ئەفسانەلەر.
بەئزىگە يۇقتۇرمادى قەد سەرۋىدەك ئاباد ئېتىپ،
بەئزىلەرگە بەردى زەۋقىن نالەئى فەريادلەر.
مەن غەرىبنىڭ كۆڭلىنى مېھنەت ئىلە ئاباد ئېتۇپ،
قىلدى رەھۇ دەرد بولدى بۇ ئىشىم ئەفغانەلەر.
ئەي خۇداۋەندا، مېنىڭ ئاتام قانى، ئانام قانى؟
مەن ياتۇرمەن شەھرى ئېرەم تاغىدە ئەفسانەلەر.
كۆردۇمۇ شەيدايى بولدۇم ئول پەرى روھ چېھرەسىن،
قوللارىمدە تاشدىن تېشە چاپارمەن تاشلەر.



ئەي خۇدايا، مەھزۇنى بىچارەنىڭ ئەيىبىن ياشۇر،
بولمايىن ئالەم يۈزىندە شەرمىسار بىچارىلەر.

ئەلقىسسە، پەرھاد تاغدا تاش چېپىش ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدى. شاپۇر بولسا مىراخورلارغا قوشۇلۇپ، ئات بېقىش بىلەن شۇغۇللاندى، بەزى ـ بەزىدە تاغقا بېرىپ پەرھادنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بىر كۈنى پەرھاد دۇنيادىن ئەپسۇسلىنىپ، شاپۇرغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋەھ، قاچان يەتكۈمدۇرۇر ماھپارە ئول ئادىم بىلەن،
قۇمرىيۇ دىۋانە يەڭلىغ سەرۋى ئازادىم بىلەن.
گەھ تۇتۇپ ئەشكىمنى ئوتلۇغ ئاھلار بىرلە باراي،
كەئبە كويى يول ئارا بۇ تۇشەئى زارىم بىلەن.
قان ياشىم ـ لە چەكتىم ئاھۇ نالەئى، تاپغايمۇمەن،
زۇلفى سۇنبۇل، يۈزى گۈل ئول قەددى شەمشادىم بىلەن.
زۇلملارنى ھەجر ئىلكىدىن چېكەرمەن، ئەي كۆڭۈل،
ھۆسنى شاھىغە باراي بۇ دادۇ فەريادىم بىلەن.

كاكۇلىن تارنى قىلمىش ئاشىيان كۆڭۈل قۇشى،
بۇ ئەجەب سەيدىگە كۆزى، گەھ تىرگۈزۈر لەئلى لەبى.
گاھى ئۆلتۈرگەي كۆزى، گەھ تىرگۈزۈر لەئلى لەبى،
كىمكى، ئەنفاسى مەلىھ، ئەنفاسى جەللادىم بىلەن.
رەمزى مەھزۇنغە دۇنيا كەلسەۋۇ كەتسە نە غەم،
شاھى مۇلكى مۇئىمى تەبئى خۇدا دادىم بىلەن.

پەرھاد تاغدا سۇبھىدىن ـ شامغىچە رىيازەت چېكىپ، كەكىسى بىلەن تاش چاپاتتى. شىرىن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. پەرھاد ئۆزىنىڭ شاھزادىلىكىنى يوشۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك مېھنەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەمدى شاپۇرنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى. شاپۇر بىرقانچە ۋاقىتلارغىچە ئات بېقىپ يۈردى. بىر كۈنى: «پەرھاد جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئەمدى مەنمۇ پەرھادقا ئوخشاش بىرەر بالاغا ئۇچراپ قالماي» دېگەن خىيال كۆڭلىگە كەلدى ـ دە، ئاتلارنى تاشلاپ، ئىرەمدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، شۇ ماڭغىنىچە بىرقانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدى.

بۇ شەھەرنىڭ ھورمۇز ئىسىملىك بىر پادىشاھى بار ئىدى، ھورمۇز نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئوغلى بولۇپ، مەملىكىتىنى ئادالەت بىلەن سوراپ كەلگەنىدى. ئۇ دىيانەت ۋە ئادالەتتە ئاتىسى نۇشىرۋان ئادىلدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ لەشكەرلىرىم مۇبادا پۇقرالارغا بىرەر زىيان يەتكۈزۈپ قويسا، زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى.

شاھ ھورمۇزنىڭ پەرۋىز ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ھۆسن ـ جامالى ۋە قەددى ـ قامىتى تولىمۇ كېلىشكەن

شاھزادە ئىدى. شاھزادە پەرۋىزنىڭ تاللانغان تۆت يۈز يىگىتى ۋە ئاجايىپ شوخ، گۈزەل قىرىق كېنىزىكى بار ئىدى. شاھزادە شۇلار بىلەن بىللە ئويناپ ـ كۈلەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە پەرۋىز تۆت يۈز يىگىتى ۋە قىرىق كېنىزىكىنى ئېلىپ شىكارغا چىقتى. كۆپلىگەن ھايۋان ۋە جانىۋارلارنى ئوۋلاپ، شاراب ئىچىپ، بەزمە قىلىشتى. ئاخىر مەست ھالدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن بىر باينىڭ بېغىغا كىرىپ يېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى باغدىكى بېدىلەرنى يەپ ـ چەيلەپ ئاياغ ئاستى قىلىۋەتتى. شاھزادە تېخى ئويغانمىغانىدى. باي دەرھال ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، شاھزادە بۇ كېچە بىزنىڭ بېغىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى، دادىمغا يەتكەيسىز ! — دەپ ئەرز قىلدى.

— جاللات ! — دېدى غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ھورمۇز، —



دەرھال بېرىپ شاھزادىنى تۇتۇۋالار، تۆت يۈز يىگىتنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىنى كېسىپ، قىرىق كېنىزەكنى تارقىتىۋېتىشتى. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ قالسۇن!

جاللاتلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە دەرھال باينىڭ بېغىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا شاھزادە باشلىق تۆت يۈز يىگىت مەست ھالەتتە يېتىشقانىدى. جاللاتلار ئالتۇن كەمەرلىك تۆت يۈز مەھرەم يىگىتنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. قىرىق كېنىزەكنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. شاھزادىنىڭ قولىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئوغلىنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتلارغا:

— بۇنى نېمە ئۇچۇن ئۆلتۈرمىدىڭلار؟ ئەڭ ئاۋۋال بۇنى ئۆلتۈرمەك لازىم ئىدى. دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

جاللاتلار شاھزادىنى زىندانغا تاشلىدى. ئالتۇن كەمەرلىك تۆت يۈز مەھرەمنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. شاھزادە زىنداندا سۇبھىدىن ـ شامغىچە تىنماي يىغلايتتى. پادىشاھ غەزىپىدىن قايتقىنىدىن كېيىن، ئوغلىغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قالدى. ئۇ بارغانسېرى قايغۇرۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇ ئەھۋالدا ئاردىن بىرقانچە زامان ئۆتتى. بىر كۈنى پادىشاھ مۇلازىملىرىغا مۇنداق دېدى:

— شاھزادىگە باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان مۇساپىر يىگىتلەردىن بىرىنى ھەمراھ قىلىپ قويۇڭلار، ئەمما شەھەرىمىزنىڭ يىگىتلىرىنى ئۇنىڭ يېنىغا يولاتماڭلار.

— ئەي شاھىم، — دېدى مۇلازىملاردىن بىرى، — باشقا يۇرتتىن ئەقىللىك ھەم كېلىشكەن بىر يىگىت كەلدى. ئۇ ئات باقىمەن دەيدۇ. شۇنى شاھزادىگە ھەمراھ قىلىپ قويساق، ئۇ-

نىڭ بىلەن سىرداش بولۇپ قالار.

پادىشاھ مۇلازىمنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلدى. مۇلازىملار دەرھال بېرىپ شاپۇرنى ئەكەلدى ۋە ئۇنى شاھزادە پەرۋىزگە قوشۇپ قويدى. شاھزادە شاپۇرنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئوچۇق ـ يورۇق ۋە دەۋرنىڭ بىر يېگانىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىككىيلەن ئۆز ئارا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. شاپۇر شاھزادىنىڭ بەزى ـ بەزىدە ئۆزىچە يىغلاپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە، نېمىشقا مۇنداق يىغلايسىز؟ — دېدى.

— مېنىڭ بىر ياخشى كېنىزىكىم بار ئىدى، — دېدى شاھزادە، — ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ ئىشق ئوتى يۈرەك ـ باغرىمنى كۆيدۈردى، پىراقى جېنىمنى ئۆرتىمەكتە. شۇڭا يىغلايمەن.

— ئەي شاھزادە، بىر كېنىزەك ئۈچۈنمۇ يىغلامسىز؟ ئەگەر ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ ئادەم بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا كۆيسىڭىز بولاتتى. سىزگە مۇناسىپ ۋە لايىق بىرى بار، ئۇ ئېرەم شەھىرىنىڭ پادىشاھى مېھىنبانۇنىڭ سىڭلىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى شېرىن بولۇپ، ئۇنداق نازىنىن دىلبەر تېخى جاھانغا كەلگىنى يوق. سىزگە ئاشۇ شېرىن مۇۋاپىق، — دېدى شاپۇر ۋە شېرىننى تەرىپلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دېدى شاپۇر: «ئانىڭدۇر ئاتى شېرىن،
شەكەر تامغاي ئانىڭ شەكەر لەبىدىن.
ئەجەب ھۆسنى رەسا سەرۋى رەۋانى،
ئارا سەرۋى رەۋانلار نازەنىنى.

قەدى سەرۋى رەۋان، سەرۋى سەنەۋبەر،
كۆزى شەھلا، يۈزى رەئنا ئۇ دىلبەر.
ئېرۇر گۈلدەستەئى سەرۋى خىرامان،
ئۇ شۇنداق نازەنىن ئول سەرۋى بوستان.
يۈزى ئايدۇر، لەبىدۇر لەئلى ئەھمەر،
تىشى دۇر، ئەقلى گەۋھەر، نازەنىن تەر.
ئانىڭدەك قامەتە سەرۋ ئېردى بەندە،
ئانىڭدەك يۈزلەرە گۈل ئېردى بەندە.
ئانىڭ لەبلەرىغە لەئل ئېردى بەندە،
ئانىڭ تىشلارىغە دۇر ئېردى بەندە.
قاشىغە ئېردى گويا ياي بەندە،
كۆزىگە ئېردى گويا ئاھۇ بەندە.
ئەگەر كۈلسە بولۇر ھەر كەسكى بەندە،
يۈرۈمەككە بولۇر ئول ماھ بەندە.
قىزىلگۈلدىن زىيادە ئېردى دىلبەر،
ئۇشۇل شىرىن لەب ھەم ماھ پەيكەر.
يانىدە قىرىق كەنىز مانەندى رىزۋان،
تۇرۇرلار كېچە ـ كۈندۈز بەزم ئېتىبان.
ئوتۇرۇپ ھەر كېچە ئىچسە شەرابلار،
بولۇپ مەستانە ـ مەستانە ياتارلار.
يەنە ئەرتە تۇرۇپ ئاۋغە بارۇرلەر،
يۈرۈپ ئاۋلاپ، جاھاننى سەير ئېتۇرلەر.»
دەبان تەئرىف قىلدى ئول زەمانى،
كى كۆيدى شول زەمان شاھزادە جانى.
دېدى: «ئانى نەچۇك قىلساق تاپارمىز؟
نەچۇك بائىس بىلە ئاڭا يېتەرمىز؟»

دېدى شاپۇر: «كۆڭۈلنى شاد قىلىڭىز،
ئۇشۇل قىزنى قولىڭىزغە ئالىڭىز.»
دەبان شاھزادىنى كۆپ شاد قىلدى،
ئۇشۇل شېرىن شەمايىل ياد قىلدى.

شاھزادە پەرۋىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەردلىك ئاھ تارتتى، يۈركى دولقۇنلاندى، شېرىن جېنىغا ئوت چۈشۈپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەندى. ئۇ شاپۇرغا دېدى:

— بۇ ئىشقا قانداق ئىلاج قىلىسەن؟

— ھەي شاھزادە، ئەسلا غەم يېمەڭ، خۇدا خالىسا شېرىن سىزگە نېسىپ بولىدۇ.

— مەن ساڭا ئىشەندىم، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ئۆزۈڭ قىل، — دەپ شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆرمەيىن ھەجرىڭدە كۆيدۇم، يارى جانىم، قايدەسەن؟
فۇرقەتىڭدە زار بولدۇم، مېھرىبانىم، قايدەسەن؟
مەن ئۆزۈم كۆيگەنىدىم، يارىمدىن ئايرىلغانىدىم،
غايىبانە ساڭا كۆيدۈم، سەرۋى نازىم، قايدەسەن؟
سەن ئۆزۈڭ غايىبسەنۇ بوينۇمغە تۈشتى رەنجىرىڭ،
ئەي مېنىڭ جانىمغە كەلگەن ئافەتى جان قايدەسەن؟
غايىبانە نامىڭ ئاڭلاپ، بولدى باغرىم چاك - چاك،
ئەي مېنىڭ تۈنۈمنى رەۋشەن ئەيلەگەن ئاي، قايدەسەن؟
ئىشتىپ مەن ئاي يۈزۈڭ تەئرىف - تەۋسىفلەر بىلەن،
بىخۇد ئولدۇم ئۇشبۇ يەردە، ماھىتابانىم، قايدەسەن؟
ئۇندا سەن ئىشقىڭغا مەغرۇر، مۇندا مەن زىندان ئارا،
ماھى مەن سەرۋى خىرامان گۈلىستانىم، قايدەسەن؟
قايسى كۈن بولغايكى ئاستانىڭغە ئۇرسام باشىمە،

ئۆزى يوقتۇر مېهرى چوغ، ئەي سەرۋى نازىم، قايدەسەن؟
مەن قاچان كۆرگەيمەن ئەمدى ئاي يۈزۈڭنىڭ شەمئىنى،
شۇم رەقىبلەر ئىچرە، ئەي شەمئى شەبىستان، قايدەسەن؟
ھېچ ئىلاج بارمۇ ساڭا يەتمەككە، ئەي ھۆرۈپەرى،
مۇندا مەن فۇرقەتتە يۈتتۇم دەم - بەدەم قان، قايدەسەن؟
كۆرسەمۇ ئەرز ئەيلەسەم بۇ دادۇ پەريادىم بىلەن،
ھەسرەتىڭدە مەن قالىپمەن دىلىستانىم، قايدەسەن؟
مەھزۇنى ئەفگار يىغلاپ خۇب رولار ھالىغە،
ئەي سۇرۇرى سەرۋەرىم، ئارامى جانىم، قايدەسەن؟

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىزنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ماڭ-غۇدەك ماجالى قالمىدى.

— ھەي شاپۇر، مەندە تاقەت قالمىدى. بىر ئىلاجىنى قىلغايسەن، — دېدى شاھزادە پەرۋىز.

شاپۇر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، شاھزادە غەم شارابىنى ئىچىپتۇ، ئۇنداق قىلماي، بىرنەچچە كېنىزەكنى شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە قويسىڭىز، ئۇنىڭ قايغۇرۇپ يۈرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس، شاھلىقىڭىز شاھزادە بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى.

پادىشاھ شاپۇرنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق تېپىپ دەرھال بىر باغنىڭ ئىچىگە ئايۋان ساراي بىنا قىلىپ، شاھزادىنى زىنداندىن ئاشۇ باغقا ئاپاردى. كۆپلىگەن كېنىزەكلەر بىلەن شاھزادىنى شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇردى. شاپۇرمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. لېكىن شۇنچە گۈل - گۈلىستان، چىمەنزار ۋە ئۇ جايدىكى كېنىزەكلەر شاھزادىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دائىم كۆزىدىن ياش تۆكەتتى.

شاپۇر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي غەم قايىنىمىغا چۆكۈپ

قالدى. بىر كۈنى شاپۇر شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئىرەم شەھىرىگە باراي، شىرىننى ئىلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دېدى.

شاھزادە:

— ھەي شاپۇر، ئەگەر بۇندىن كەتسەڭ قاچان كېلىسەن؟ — دېدى.

— مەن ئىرەم شەھىرىگە بېرىپ، شىرىننىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما خۇدا خالىسا، قىرىق كۈن ئىچىدە شىرىننى ئەكېلىمەن. ئەگەر ئە-كېلەلمىسەم، ئۆزۈم كېلىمەن ياكى شىرىننىڭ ئۆزىنى ئەۋەتى-مەن.ئەي شاھزادە، سىز ياقۇت قادالغان تون، ياقۇت قادالغان كەش كىيىڭ، ئېتىڭىزغا ياقۇت كۆز قويۇلغان ئېگەر - جاب-دۇق ياستىڭ، ياقۇت قويۇلغان كەمەر باغلاڭ، ياقۇت قادالغان سەللە ئوراڭ، باشتىن - ئاياغ ياقۇت بىلەن زىننەت-لەنگەن كىيىم كىيىڭ. مۇ-بادا ئۆزۈم كېلەلمەي شى-رىننى ئەۋەتسەم، ئۇ سىزنى ئاشۇ كىيىملىرىڭىزدىن تو-نۇۋالسۇن، — دەپ، شاپۇر شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ ئىرەم تەرەپكە راۋان بولدى.



شاپۇر ئۇزاق يول يۇ-رۇپ، ئاخىر ئىرەم شەھە-رىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى

گۈزەل شىرىننىڭ ھەشەمەت بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. شاپۇر شاھزادە پەرھادنى ئىزدەپ باردى. بۇ چاغدا پەرھادنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ كەدىنىگە چۈشكەنىدى. ئۆزى مەستلەرچە ئىختىيارسىز تاغقا پالتا ئۇرۇپ، تاشتىن ئېرىق قېزىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزى بىلمەيتتى. پەرھاد تاش چېپىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇۋاتاتتى:

«تاش كېسەر» دەرلەر مېنى، مەنكىم قىزىلگۈل تىرەمەن،
ئەجەب ئېيتارلار خەلق، مەنكىم گۆھەر ئاختارەمەن،
يار ـ يار دەپ دائىما مەن يارىمى ئاختارەمەن،
يار ئەگەر تاپىلماسە، پەرۋانە يەڭلىغ يانەمەن،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شىرىنمەن، پەرھادمەن.

لەيلى بولدۇم مەن بۇ كۈن، ئول سەرۋى رۇخسارىم قانى؟
بىر قەدەھ سۇ بەرگىلى ئول كۆزى چولپانىم قانى؟
ھالىمە سورسە بۇ كۈن لەئلى شەكەر بارىم قانى؟
ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۈل ئول باشى تاجدارىم قانى؟
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شىرىنمەن، پەرھادمەن.

تاش كېسىش ماڭا كۆرۈنمەس بەرگى گۈل تەرگەنچە،
مەن جەفا ـ جەبىر چېكەرمەن ياكى جانىم بارىچە،
بارچە ئاشىقلار ئىچىندە ياكى جانىم بارىچە،
سۆزلەنۇر بولسە نىگارىم تىللارىدۇر ھەم كېچە،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شىرىنمەن، پەرھادمەن.

سەرەتان ئافتابى ماڭا نەۋبەھار ئەييامىدۇر،
مېھنەتى مۇنچە ماڭا گويا گۈلىستان ئىچرەدۇر،

قىلمىشىم، مېھنەتلىرىم گويا گۈلىستان ئىچرەدۇر،
بۇ شېرىنىنىڭ يولىدا پەرھادخان دىۋانەدۇر،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

مەن ئېرۇرمەن شەھرى چىن خاقانىنىڭ ئەرزەندەسى،
شەھرى رۇمۇ شەھرى چىن پادىشاھى ئىچرە زۇبدەسى،
پادىشاھلار ئىچرە ئۇلكىم ياخشىسى، ئازادەسى،
......
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

ئول شەھى شاھزادە ئېردىم، مۇندە مەدىكارمەن،
ئىشق ئوتىغە كۆيەدۇرمەن ئەخكەرى ئەفگارمەن.
كىم غەرىبى بىنەۋا بولسە يانىغە بارەمەن،
قايدە شېرىن بار ئىسە جانىم ئىلەمەن بارەمەن،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

لەيلى دەرمەن، لەيلى دەرمەن، ئول مېنىڭ لەيلىم قانى؟
ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇنۇم قانى؟
ئاھ شېرىن، ئاھ شېرىن، ئاھ شېرىنىم قانى؟
ئاھ پەرھاد، ئاھ پەرھاد، ئاھ پەرھادىم قانى؟
لەيلى دەپ مەجنۇن دەپ، يالغۇز خۇداغا بارەمەن،
مەھزۇنى بىچارە مەن، نەيلەي خۇدا، ئاختارەمەن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد مەجنۇندەك ئاشىقانە بېيىتلار-نى ئېيتىپ تاش چاپاتتى. شاپۇر پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، پەلەكتىن شىكايەت قىلىپ جىگەرىدىن ئاھ تارتتى. ئۇ ياش تۆككەن ھالدا: «ئاھ، بۇ نازىنىن شۇنداق يىگىتلەرگە

جاپا قىلدى. ئۇنىڭ قولىدىن يەنە نېمە ئىش كېلەر؟» دەپ كۆپ قايغۇردى.

شاپۇر مىراخورلارنىڭ ئالدىغا باردى. مىراخورلار ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قاياقتىن كەلدىڭ؟

— ئات باققۇچىمەن، ئاتلارنى ياخشى باقىمەن.

— ئارىمىزدىكى ئات باققۇچىلاردىن بىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنداق بولسا، سەن شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلە. سېنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ قويايلى.

— ماقۇل، — دېدى شاپۇر ۋە مىراخورلارغا قوشۇلدى. ئۇ بىرقانچە كۈن خىزمەت قىلىپ، ئات باققۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى، بارا - بارا شېرىنغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى شېرىن باغقا چىقىپ سەيلە قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان شاپۇر دەرھال شاھزادە پەرۋىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ شېرىننىڭ باغدا ئولتۇرىدىغان جايىغا قويۇپ قويدى. شېرىن باغقا يېتىپ كېلىپ بۇ قەغەزنى يەردىن ئالدى. شېرىننىڭ كېنىزەكلىرى ئىچىدە ناھايىتى زېرەك بىر قىز بار ئىدى. شېرىن ھېلىقى سۈرەتنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى كېنىزەك شېرىننىڭ قولىدىن سۈرەتنى تارتىۋالدى. شېرىن بۇ ئىشقا ھەيران قالدى:

— بۇ خەتنى نېمىشقا قولۇمدىن تارتىۋالىسەن؟

— ئەي ئاي يۈزلۈك ئارامىجان، بۇنداق كېرەكسىز خەتلەرنى كۆرۈش سىزگە لايىق ئەمەس، — دېدى ھېلىقى زېرەك كېنىزەك ۋە ئۆزى بۇ قەغەزنى ئېچىپ كۆردى. قەغەزگە ياش بىر شاھزادىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى ئالەمنى روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى. كېنىزەك: «بۇ

قانداق ئادەمنىڭ سۈرىتىدۇر، نېمىشقا بۇ سۈرەتنى مەلىكىگە كۆرسەتمەكچى بولغاندۇر، ھېلىمۇ ياخشى مەلىكە كۆرمەي قال-دى» دەپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

شېرىن باغدا كېنىزەكلىرى بىلەن راسا ئوينىدى. مەيلەر-نى ئىچتى، ئاخىر سەلتەنەتلىك ئوردىسىغا قايتتى، ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، يەنە باغدا سەيلە قىلماقچى بولدى. شا-پۇر دەرھال سۈرەت سىزىپ شېرىن ئولتۇرىدىغان جايغا قوي-دى. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن باغقا يېتىپ كېلىپ ھېلىقى قەغەزنى قولىغا ئالدى. ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئەقىللىق قىز كېلىپ مەلىكىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. شېرىننىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى ـ دە، كېنىزەككە ۋارقىرىدى:



— ھەي بەتبەخت، نىمىشقا قولۇمدىن قەغەزنى تارتىۋا-لىسەن ! — دېگىنىچە قەغەزنى كېنىزەكنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرمەكچى بولدى. ئەقىللىق قىز:

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزنىڭ دوستىڭىز. قەغەزدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ، سىزنى بىرەر بالاغا قالمىسۇن دېدىم. بۇ قەغەزنىڭ بىرەر بالاسى باردەك تۇرىدۇ، شۇڭا قولىڭىزدىن تارتىۋالغانىدىم. كۆرەي دېسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئۇنىڭدا گۈزەل بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى بار. ئۇ يىگىت سەرۋى قامەت بولۇپ، ھۆسن - جامالى ئالەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، — دەپ سۈرەتنى تەرىپلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىگىتكى، نازەنىندۇر، نازەنىنى،
ئاجايىپ مەھلىقايى خۇشەچىنى.
يۈزى گۈل، غۇنچە لەب، قاشى يادۇر،
كۆزى شەھلا، تىشى دۇر، ئۇل دىلاۋۇر.
مىيانە قەد ئىدى ئۇل يارى خۇشخۇي،
سۇخەندان ئۇل گۈزەل، ئۇل ماھى دىلجوي.
تونى لەئل، كەمەرى لەئل، سەللەسى لەئل،
كۆڭلەك لەئل، ئېگەرى لەئل، تاجىسى لەئل.
بىدۇ ئاتلار مىنگەن ئوشۇل يار،
ئەجايىپ سۈرەت ئۇلكىم، شاھى شەھيار.
ئوشۇل دەم يەرگە باقتى قالمادى ھوش،
بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ قىز بولدى بىھوش.
ئانىڭ بويىنىغە ھەم جەفا تاقىلدى،
ئانىڭ جانىغە ھەم ئوتلار ياقىلدى.
يۈرەكى كۆيدىيۇ، باغرى ئېزىلدى،
كۆزىنىڭ ياشلارى ئۇل دەم تۆكۈلدى.

چىرايى بولدى ئول دەم زەئفىرانى،
قىزىلگۈلدەك يۈزى بولدى خەزانى.
ئەلىفدەك قامەتى يادەك ئېگىلدى،
يۈرەك ـ باغرى كۆيۈبان زار بولدى.
كىشىگە باققۇدەك قالمادى هالى،
يۈرەرگە قالمادى ئەسلا مەجالى.
جەهان ـ ئالەم قاراڭغۇ بولدى ئاڭا،
ئانىڭ هالى ئەجايىپ قالدى تاڭا.
ئۇ يەردە قويدى باشىن رويى سولغۇن،
تۆكەردى كۆزلەرىدىن ئەشكى گۈلگۈن.
ئۇ سۈرەتكە باقىپ يىغلار ئىدىلار،
بۇلاردى دائىما ئاشۇفتە دىللار.
ئانىڭ ئەقلۇهوشى كۆپ لال بولدى،
يۈرەكى چاك ئۇرۇپ بىهال بولدى.
گەرەڭ بولدى، تۇرارغە تاقەتى تاق،



كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ھېچ ھالەتى يوق.
چىرايى بولدى ئول دەم زەئفىرانى،
ئاچىلۇر ۋەقتىدە بولسە خەزانى.
ئوتۇرۇپ يىغلار ئېردى گۈلى تەر،
كى ئانداغ سارغارىپ رەڭگى چۇ زەئفەر.
ئانىڭدەك ھال ئىلە ئول يىغلادى زار،
ئۇ سۇرەت يولىدە بولدى دىلئەفگار.

ئەلقىسسە، مەلىكە شېرىن قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، ھو-شىدىن كەتتى، يۈرىكىدىكى ھەسرىتىنى كىشىگە ئېيتالمىدى. ئۇ يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاھ نەچۇك سۇرەت ئىدى جانىمنى شەيدا ئەيلەگەن،
ئەندەلىبى ھەجر ئوتىدە بىزنى رەسۋا ئەيلەگەن،
كۆيدۈرۈپ خاكىستەرىمنى مۇندە بىجان ئەيلەگەن،
بۇ مېنىڭ باشىم ئۇزە يۈزمىڭتە غەۋغا ئەيلەگەن،
كۆڭلىمە ۋەيران ئېتىپ، ئەقلىمنى ھەيران ئەيلەگەن.

ۋاي، يۈزمىڭ ۋاي، بولدۇم بۇ غەم ئىچىدە مۇبتەلا،
ئۇشبۇ سۇرەتنى كۆرۈپ بولدۇم جەھاندىن ماسەۋا،
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، بولدۇم جەھاندا مۇبتەلا،
ئۇشبۇ سۇرەتنى كۆرۈپ بولدۇم جەھاندىن مەن ئەدا،
قالمادى جانىمدە تاقەت، ئەيلەدىمەن ئاھۇ ۋاھ.

مەن ئىدىم بۇ شەھرى ئېرەم چەمەننىڭ بۇلبۇلى،
ئول مېھىنبانۇ مەلىكەنىڭ گۈلىستانىن گۈلى،
تۆت يۈز مىڭ قىزنىڭ ئاراسىندە ئەجايىپ مەشئەلى،

پادىشاھى زادەلەر ئىچرە مەن ئېردىم سەيقەلى،
ئەقلىمى ھەيران ئېتىپ، كۆڭلۈمنى رەۋشەن ئەيلەگەن.

ئاھ، نەيلەي، كىردىم ئەمما ئىشقىنىڭ بازارىغە،
تۇشتى ئەمما بول پەرىنىڭ ئوت، نېتەي، گۇلزارىغە،
كۆرمەسە بۇ سۇرەت ئەھلىن نە قىلۇر خۇمارىغە،
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاغاي شېرىن بۇ سۆزنى يارىغە،
يۈرەكىمنى چاك ئېتىپ، ئەقلىمنى ھەيران ئەيلەگەن.

تاپماسەم ئول دىلرەبانى ئەمدى قايدە بارەمەن،
ھەجر ئوتىدە ئۆرتەنىپ، ئىشق ئوتى ئىچرە يانەمەن،
يارىمى كويىدە ئەمدى گويىيا پەرۋانەمەن،
گويىيا قەقنۇسدەك مەن ئۆز ئوتۇمدا يانامەن،
ئەقلىمى ھەيران ئېتىپ، كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلەگەن.



ھېچ غەم يوق ئېردى مەندە شادمان ئوينار ئىدىم،
دەۋرۈدەرۋانلار سۈرۈپ، گۈللارنى مەن ئۈۋلار ئىدىم،
باشىمە تاجىم قويۇپ، ئالتۇن كەمەر باغلار ئىدىم،
مەي ئىچىپ، مەستان بولۇپ، خوبلار ئۈچۈن خۇمار ئىدىم،
ئەقلىمى ھەيران ئېتىپ، كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلەگەن.

مەھزۇن، ئەمدى سۆزلەگىل، سەن كۆرمەگەننىڭ بارمۇكىن؟
خاھى خوبۇ، خاھى ناخوب كۆرمەگەن تۈن بارمۇكىن؟
ئۇشبۇ دۇنيا غەملەرىدىن ھېچ بىرۇن بارمۇكىن؟
سەن كەبى ئالەم غەمىدىن ھېچ مەجنۇن بارمۇكىن؟
ئۇشبۇ دۇنيا ئىچرە جانىم، ۋاي، نەلەر كۆرمەگەن.

مەلىكە شېرىن يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ، يىغلىدى. بۇ ۋاقىتتا شاپۇر مەلىكىگە ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ يۈردى. بىر كۈنى شېرىن كېنىزەكلىرىنى ھەر تەرەپكە خىزمەتكە بۇيرۇپ، ئۆيىنى خالىي قىلدى، ئاندىن كېيىن شاپۇرنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي شاپۇر، سەن ئەقىللىك، زېرەك ئادەمسەن، مېنىڭ قولۇمغا بىر سۈرەت چۈشتى. ئۇنى كىشىگە كۆرسەتكىنىم يوق. پەقەت ساڭىلا كۆرسىتىۋاتىمەن. بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىر چارە قىلارسەن.

— قېنى، ئۇ سۈرەتنى ماڭا كۆرسىتىڭ، مەن بىر تەدبىر كۆرەي.

— بۇ سۈرەتنى كۆرسەڭ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىسەن، — دەپ شېرىن بۇ سۈرەتنى شاپۇرغا ئۇزاتتى. شاپۇر سۈرەتنى كۆرۈپ:

— بۇ سۈرەت شاھ ھورمۇزنىڭ ئوغلى شاھزادە پەرۋىزنىڭ

سۈرىتىدۇر. ئۇنى مەن تونۇيمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكنىڭ چارىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

— ئەلۋەتتە چارىسى بار. بۇنچە قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن سىزنى شاھزادە پەرۋىزنىڭ قېشىغا يەتكۈزىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شاپۇر. مەلىكە شىرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولدى. شىرىننىڭ كۆنى سۇبھىدىن شامغىچە ئاھ ئۇرۇش، پىغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. شاپۇر بىر كۈنى مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، مەن بېرىپ شاھزادە پەرۋىزنى ئەكېلەي، — دېدى.

— ئۆزۈم بېرىشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟ — دېدى شىرىن. شاپۇر:

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قېشىغا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دېدى مەلىكە. شاپۇر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— سىز شىكارغا چىقىڭ، ئەمما مېھىنبانۇنىڭ قارا ئېتىنى تىلىۋېلىڭ. ئۇنىڭغا قامچا ئۇرسىڭىز سىزنى كۆتكەن يېرىڭىزگە ئېلىپ بارىدۇ. شاھزادە پەرۋىزمۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىدۇ. سىزنى تونۇيدۇ. يولدىلا ئۇچرىشىسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى تونۇيسىلەر.

شىرىن مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كىردى:

— مەن شىكارغا چىقىمەن، ماڭا سىزنىڭ قارا ئېتىڭىزنى ئېگەرلەپ بەرسۇن، — دەپ تەلەپ قىلدى. مېھىنبانۇ شىرىنگە:

— ئەي شىرىن، شېكەر سىڭلىم، بىر بالاغا ئۇچراپ قالما، قارا ئاتنى مىنسەڭ ئۇ سېنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئۇ بەك چاپقۇر ئات. ئۇنى مىنمىگىنىڭ ياخشى، — دېدى. شىرىن زار - زار يىغلاپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى. ئاخىر مېھىنبانۇ ئاچچىقلىنىپ:



— مەيلى، ئەمما سەن
تېخى ياش، ناھايىتى ئېھ-
تىيات قىلغىن، — دەپ
رۇخسەت بەردى.

شېرىن تۇنجى قېتىم
مېھىنبانۇدىن ئايرىلىپ
تۆت يۈز يىگىت بىلەن
شىكارغا چىقتى، شۇ كۈنى
كەچكىچە ئويىندى. شېرىن
شاپۇرغا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى كەتسەم
بولامدۇ، شاھزادىنى نەدىن
تاپىمەن؟

— غەربكە قاراپ
ماڭسىڭىز يولدىن تاپىسىز. يولدىن تاپالمىسىڭىز، ئۆز شەھ-
رىدىن تاپىسىز، — دېدى شاپۇر ۋە شاھزادىنىڭ بەلگىسىنى
ئېيتىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تونى لەئل، كەمەرى لەئل، تۆپىسى لەئل، بەلباغى لەئل،
باشى لەئل، ئاياغى لەئل، ئېگەرى لەئل، قامچىسى لەئل،
ئۆزىدۇر بىر قارچىغاي سەرۋى رەۋان ئارامجان،
شاھزادەئى ئەۋۋەل ئۆزى، باز ئول شەھى ھۆكمى رەۋان،
فۇرقەتىڭ ئوتى ئانى ھەم زارۇ نالان ئەيلەگەن،
ھەجرىڭ ئوتىدە يەنە ئۆرتەنگەن ئول سەرۋى رەۋان.

ئەلقىسسە، شېرىن يۇقىرىقى تەرىپلەردىن شاھزادە پەر-
ۋىزنىڭ بەلگىلىرىنى بىلىۋالدى. مەلىكە شېرىن قىزلار بىلەن

شىكار قىلىۋېتىپ بىر تەدبىر ئويلاپ تاپتى. ئۇ ئويناپ كېتىۋېتىپ قارا ئاتقا قاتتىق بىر قامچا ئۇردى. قارا ئات ھېلىغىچە مۇنداق قاتتىق قامچا يەپ باقمىغانىدى. ئۇ بىر قامچا بىلەن شۇ چاپقىنىچە ئۈچ ئاي ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بېرىپ توختىدى. گوياكى قۇش قانات قاققاندەك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يەردە قالغان تۆت يۈز يىگىت بىلەن كېنىزەكلەرمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يىغلاشقىنىچە مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار:

— مەلىكە شىرىن قارا ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇش بىلەن كۆزدىن غايىب بولدى، — دەپ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشتى. بەزىلىرى ھوشىدىن كەتتى، گوياكى بېشىغا ماتەم چۈشكەن كىشىلەرگە ئوخشاش ھەسرەت چېكىشتى.

مېھىنبانۇ تەڭداشسىز قايغۇغا چۆمۈپ، كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. ئۇ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى، ئەي ماھى گۈلخانىم، قايان كەتتىڭ؟
يۈزى گۈل، ساچى سۇنبۇل، چەشمى بادامىم، قايان كەتتىڭ؟
مېنىڭ بۇ لەشكىرىم ئىچرە سەرەنجامىم، قايان كەتتىڭ؟
ئايا شىرىن شەمايىل، لالە رۇخسارىم، قايان كەتتىڭ؟

نېتەرمەن، بۇ قولۇمدىن بۇلبۇلۇم ئۇچتى، نە ئەيلەرمەن؟
يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى، ۋاي گۈل رويۇم، نە ئەيلەرمەن؟
بۇ باغۇ گۈل - گۈلىستانىمدىن ئايرىلدىم، نە ئەيلەرمەن؟
مېنىڭ باشىمغە غەم تۈشتى، بۇ دەۋران ئۆتتى، نەيلەرمەن؟
لەتافەتلىك، نەزاكەتلىك، سۇخەندانىمدىن ئايرىلدىم.

سېنىڭ ھۆسنۇ جەمالىڭ ئافتابى خاۋەرى ئېردى،
كى ھەربىر كاكۈلىڭ جانىم خىراجى مەملەكەت ئېردى،

كى بىر دانە قارا خالىڭ يۈزۈڭدە مۈشتەرى ئىردى،
كى يۈزمىڭ لەشكەرىمنىڭ ئىچىدە ئول گەۋھەرى ئىردى،
ئۇ شۇنداغ نازەنىن، ئول دىلبەرى ماھىمدىن ئايرىلدىم.

قەدىڭ سەرۋى خىرامانلۇر، ئۆزۈڭ بىر دىلبەرى رەئنا،
يۈزۈڭنىڭ شۇئلەسى ئىردى جەھانغە تۇرفە بىر شاھا،
بۇ تەختىم ئىگەسى، باشىمدە تاجىم ئىردى ئول رەئنا،
كى يۈزمىڭ لەشكەرىم ئىچرە ئىدىڭ سەن گەۋھەرى يەكتا،
سىنىڭدەك نازەنىنى بىر شوخى ئەييارىمدىن ئايرىلدىم.

مەن ئەمدى نەقىلارمەن شەھرى ئىرەم تەختۇ تاجىنى،
بىر ئىقلىمدىن ئالار ئىردىم خەلايىق ئىچرە باجىنى،
فەلەك ئۈردى مېنىڭ يۈزۈمگە، نەيلەي، ئەمدى كاجىنى،
خۇدايا، سەن ئۆزۈڭ بەرگىل بۇ ئىشلارنىڭ رەۋاجىنى،
سىنىڭدەك دىلرەباۋۇ نازەنىن جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئايا جانىم، نېتەرمەن باغ ئىلە بوستانلارنىڭ قالدى،
گۇلىستانلار ئىچىدە كۆشەكۇ ئەيۋانلارنىڭ قالدى،
سەيەسلەر قولىدە نەچچە ئەجايىپ ئانلارىڭ قالدى،
يەنە سەر ھەۋز ئىچىندە كۆشەكۇ ئەيۋانلارىڭ قالدى،
ئۆزى شىرىن، سۆزى شەكەر، سۇخەندانىمدىن ئايرىلدىم.

قالىپ تۆت يۈز كەنىزىڭ مۇندە باشىمغە بەلايى جان،
يەنە بۇ شەھرى ئىرەم خەلقى بارچە بولدىلار ھەيران،
كى بىر ئىقلىمدەكى لەشكەر بولۇپدۇر بارچە سەرگەردان،
سىنىڭ يولۇڭدە، ئەي جانىم، بولۇپدۇر كۆزلەرىم گىريان،
كى ئەمدى مەن سىنىڭدەك يارۇ دىلدارىمدىن ئايرىلدىم.

جىگەرىم، سەن مېنىڭ ئالدىمدە شەمئى ئەنۋەرىم ئېردىڭ،
ئاتامدىن يادىكار قالغان جىگەرىم، دىلبەرىم ئېردىڭ،
ئۆلارنىڭ يادىگارى زۇلمەت ئارا رەۋشەنىم ئېردىڭ،
لەبىم چاڭقاپ يارىلغاندا ئابىكەۋسەرىم ئېردىڭ،
سېنىڭدەك دىلبەرىم ھەم نازەنىن جانىمدىن ئايرىلدىم.

كى مەن ئۆلسەم بۇ تەختىم ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
كى يۇزمىڭ لەشكەرىمنىڭ ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
باشىم ئۆزرە بۇ تاجىم ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
يەنە ئالتۇن مۆھۇرنىڭ ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
بۇ تەختىم ئىگەسى، ئول ھەمدەمى جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەگەر ئۆلسەم يەنە بۇ تەختى جايىم كىملەرە قالغاي؟
بۇ ئېرەم شەھرىغە سەندىن بۆلەك كىم پادىشاھ بولغاي؟
بۇ فەرھاد ئاشىقىڭنىڭ باشىغە كىم سايەبان بولغاي؟
مۇنىڭدەك جەبرى چەككەنلەرغە كىملەر پاسىبان بولغاي؟
سېنىڭدەك مەھرەمى رازىم، گۈلىستانىمدىن ئايرىلدىم.

ئايا مەھزۇن، مۇنىڭدەك سۆز بىلە ئۆمرۈڭ ئەدا بولدى،
بۇ ياخشىلاردىن ئايرىلىپ، يۈرەك - باغرىمدە قان قالدى،
بۇ فانى دۇنيەدە قالمادى، باقىغە رەۋان بولدى،
كى ئون سەككىزمىڭ ئالەم ئۈشبۇ ئالەمدىن فەنا بولدى،
نېتەي، نەيلەي، جەھاندە بارچە خۇبانلاردىن ئايرىلدىم.

ئەلقىسسە، مېھىنبانۇ يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ، يىغا - زار قىلىشقا باشلىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ماتەمگە چۈشتى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى مەلىكە شې-

ـرىندىن ئاڭلايلى:
شىرىن شۇ ماڭغىنىچە قارا ئات بىلەن نەچچە كۈنلۈك يولنى باستى. ئاخىر بىر جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ جايدا بوستانلار، گۈلىستانلار بار ئىدى. شىرىن چارچاپ قالغانلىقتىن، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى تال - تال يېيىلىپ، ئەتراپقا ئالتۇن چاچقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سۇنىڭ يۈزىدە گويا كى بۇلۇت ئارىسىدىن ئاپتاپ كۆرۈنگەندەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ سۇدىن راھەتلەندى. شىرىن بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى پەرۋىزدىن ئاڭلايلى:
شاھزادە پەرۋىز قىرىق كۈنگىچە شاپۇرنىڭ يولىغا قاراپ دى، لېكىن شاپۇر كەلمىدى. ئۇنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ، ئاخىر ئۆزى يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن باشتىن - ئاياغقىچە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ئېتىنىڭ ئېگەرلىرىنىمۇ ياقۇت بىلەن زىننەتلىدى، ئاندىن كېيىن ئاتمىسىنىڭ ئېتىنى مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ كەپتەردەك پەرۋاز قىلىپ نەچچە كۈن، نەچچە سائەتلەپ يول يۈرۈپ، ئاخىر باغۇبوستانلىق، بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى، قارىسا، بىر قىز بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇراتتى. قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى سۇدا يېيىلىپ تۇرغان، گويا كى بۇلاقتىن ئاپتاپ چىققاندەك، جامالىدىن نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىر نازىنىن، دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەل قىز ئىدى. شاھزادە پەرۋىز ئاتتىن چۈشۈپ، قورال - ياراغلىرىنى يەرگە قويۇپ، كۆڭلىدە: «مەن ئىزدەۋاتقان گۈزەل شۇ بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر ئالدىغا بارسام ھاياسىزلىق قىلغان بولۇپ قالماي، ئۇ قىزمۇ خىجالەتچىلىك تارتمىسۇن، سۇدىن چىققاندىن كېيىن سۆزلىشەي» دېگەنلەرنى ئويلاپ

خىلۋەتىرەك بىر جايدا ئىتتىغا يۆلىنىپ تۇردى ـ دە، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كويى نىگار يەڭلىغ باغى بەھار يوقتۇر،
ھەم سۇنبۇلى بىنەفشە چۇن زۇلفى يار يوقتۇر.
چۇن قامەتى بەلەندى يوق سەرۋى قەددى ئەرئەر،
كەيگەن لىباسى گۇلگۇن لالە ئۇزار يوقتۇر.
خۇرشىدۇ ماھى گەردۇن يوقتۇر يۇزىگە مانەند،
ئول نەۋئى باجەلالەت ھېچ تاجدار يوقتۇر.
ئەي شوخى دىلرەبايى، خۇرشىدى دىل فەزايى،
ئاشىقلارىڭ سەفىدە مەندەك فىگار يوقتۇر.
ئايدىكى پىرى: نادان، بۇ ئىشنى تۇتما ئاسان،
بۇ ئالەم ئىچرە سەندەك بىر بىقەرار يوقتۇر.
ئەي شوخى دىل مىزاجىم، نەچۇك بولۇر ئىلاجىم،
ئايدىكى ئىيدى راھىم، غەيرى ۋىقار يوقتۇر،
ئەي ئاشىقى دىل ئەفگار، يولۇڭدە يىغلادىم زار.
ئىشق ئەھلىغە، ئا يايار، سەبرى ـ قەرار يوقتۇر.
كەلدىم سېنى كۆرەي دەپ، بۇ يەرلەرە ئاختارىپ،
زار ئولغان ھەسرەتىڭدە مەندەك بىئار يوقتۇر.
ئەي ماھ روي كىمسەن، مېنىڭ يارىمدۇرمۇسەن؟
سېنىڭ ئۇچۇن ئۆرتەنگەن مەندەك فىگار يوقتۇر.
نەچە كۇندۇر يۇرۇپمەن، قانۇ زەرداب يۇتۇپمەن،
يولۇڭدە، ئەي نىگارىم، نامۇسۇ ئار يوقتۇر.
ئەي مەھزۇنا، سۆزلەگىل، سۆزۈڭدىن ئوت چىقارغىل،
غەددار بۇ دۇنيەدە سەندەك فىگار يوقتۇر.

ئەلقىسسە، مەلىكە شېرىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، شاپۇر ئېيتىپ بەرگەن بەلگىدىكى بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ

پەرۋىزنى تونۇپ، ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. شىرىن. «ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەم، ئۇ: مەن بىلەن سۆزلەشتى، باشقىلار بىلەنمۇ سۆزلەشكەندۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، كەينىمدىن ئىزدەپ بارار» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ـ دە، دەرھال سۇدىن چىقىپ كىيىمىنى كىيدى. ئېتىغا مىنىپ، بىر قامچا ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە پەرۋىزنىڭ شەھىرىگە ئۇچقاندەك يورۇپ كەتتى.

شاھزادە ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، شىرىننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھوشىغا كەلدى. بۇلاق بېشىدا قىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئاخىر ئېرەم شەھىرىگە قايتتى.

ۋاقتىكى، شىرىن ئېرەم شەھىرىگە كېلىپ شاھزادە پەرۋىزنىڭ بېغىغا چۈشتى. باغدا شاھزادىنىڭ قىرىق كېنىزىكى بار ئىدى. ئۇلار شىرىننى كۆرۈپ، بېشىدىن تۇتۇن ئۆرلىدى. ئۇلار: بۇ قىز شاھزادىمىزگە ئاشىق بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، شىرىننى تۇتۇپ قالدى. ئېتىنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. قىرىق كېنىزەك ھەر كۈنى بىر ـ بىرلەپ ئۇنى ئازابلايتتى. شىرىن كۆپ ئازاب تارتتى. ئۇ تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى. «بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلۇقنىڭ جاپاسى ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئول يار كەتتى مېنى ھەيران قىلىپ،
گىرىفتارى بۇ نەۋ ئىچرە ھىجران قىلىپ.
خۇمار ئىلە روز ـ شەب قان يىغلاتىپ،
فىراقىدە قۇمرىئى نالان ئېتىپ.
ئۇ ئىشق ئاتەشى باغرىمنى تىلىپ،

كۆكسۇمنى مەجرۇھ، سوزان قىلىپ.
كېلىپ مەن سېنى ئاختارىپ، يارى جان،
ھەر سەھەرلەردە ئاھۇئەفغان ئېتىپ.
نە بولغاي دىلىمنى شاد قىلساڭ دەمى،
جەمالىڭ بىلە ماڭا ئېھسان ئېتىپ.

كېرەك ئەمەسمۇ ساڭا سەۋابى ئەزىم،
كى بۇ مۇشكۇلۇمنى ئاسان ئېتىپ.
ئوشاتىپ شان ئىلە شەۋكەتىم،
مېنى دوست ـ دۈشمەنگە رەسۋا ئېتىپ.
نە قىلدىم، نە ئەتتىم، نە ئىشلار بۇدۇر،

جەھان خەيلىغە مېنى ئايان ئېتىپ.
قانى يارىم، قانى ھالىم، قانى قۇۋۋەتىم؟
يۈرەكىم ئەلەمدە گىريان ئېتىپ.
ئەزەلدىن، فەلەكدىن، مەلەكدىنمۇكىن؟
رەقىب قولىدە مېنى گىريان ئېتىپ.

ئەلقىسسە، شېرىن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپ-نى شاھزادە پەرۋىزدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە پەرۋىز دىلىغا ئارام بەرگۈچى ئايىنىڭ غايىب بول-غانلىقىنى كۆرۈپ باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلاپ تەڭرىگە مۇنداق مۇناجات قىلدى:

دوستلار، ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ ھەيران ئولماسۇن،
بىر پەرى سەۋداسىدە بىسەرۇ سامان ئولماسۇن.
دەم بەدەم يۇسۇف كەبى ھىجرانىدە كۆپ يىغلابان،
كۇلبەئى ئەھزان ئارا چۇن پىرى كەنئان ئولماسۇن.

ساز ئېتىپ شورى ئەلالا كوچەئى بازار ئارا
مەن كەبى سەرگەشتەئى رەسۋايى دەۋران ئولماسۇن.
خابگاھى دەۋزەخى بالىن ـ بىستەر ئاتەشىن،
شەربەتى زەھرىيۇ زەققۇم، تۇئمەسى قان ئولماسۇن.

نەيلەيىن، ئەي ھۇرىۋەش، سەنسىز جەھان ئىشرەتلەرىن،
سەن بولۇپ بۇ دەھر ھەرگىز راھەتى جان ئولماسۇن.
ۋەئدەئى دىيدار ئىلە ئىشق ئەھلى نەيرەڭ ئولماسۇن،
سەن كەبى مەككارەئى ۋەزئى پۇشەيمان ئولماسۇن.
رەمزەئى ئۇششاق ئارا مەن يەڭلىغ بىر زارۇ زەلىل،

خۇش گىرىفتارى غەنى زۇلفى پەرىشان ئولماسۇن.
بىر بۇتى نامىھرىبان بىزنى غەمىدىن مەن كەبى،
جىسمى بىمارى سەراسەر زەخمى پەيكان ئولماسۇن.
كۆزلەرىدىن تىنمايىن بىر سائەتى سىلابى ئەشك،
شەۋقى مەھزۇن مەن كەبى بۇ كۆڭلى ۋەيران ئولماسۇن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئېتىدىغا قامچا ئۇرغىنىچە ئېرەم شەھىرىگە كىردى. قارىسا، شەھەر غوۋغاغا تولۇپ، ھەممە كىشىلەر سەرگەردانلاردەك يۈرەتتى. بۇ جايدا بىر مەلىكە يوقىلىپ، كىشىلەر ئۇنى شەھەرمۇشەھەر ئىزدەپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئاھۇپىغان چېكىشەتتى. شاھزادە بىر كىشىدىن سورىدى:
— بۇ نېمە ئالامەت؟
— شەھرىمىزدە شېرىن ئاتلىق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ پادشاھنىڭ قارا ئېتىنى مىنىپ شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

شىكار قىلىپ يۈرگىنىدە ئات ئېلىپ قاچقانىمىش. ھېچ يەر-دىن دېرىكىنى ئالالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر خەلقى غوۋغا قىلىشىۋاتىدۇ.



پەرۋىز ئەھۋالنى چۈشەن-دى. ئۇ بىر جايدا تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا شاپۇرنىڭ سېپىسلار بىلەن كېلىۋاتقانلى-قىنى كۆردى. ئۇ شاپۇرغا غە-زەپ كۆزى بىلەن قارىدى. شا-پۇر كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. كەچتە شاھزادىنى ئىزدەپ كەلدى. لېكىن شاھزادە شاپۇرغا غەزەپلىنىپ:

— يالغانچى ئادەم ئىكەنسەن، مېنى شۇنچە سەرگەردان قىلىۋەتتىڭ، — دېدى.

— نېمانچە ئەخمەق شاھزادىسىز، مەلىكىنى سىزگە ئەۋە-تىۋېتىپ، قىرىق كۈندىن بۇيان بىر ئىقلىمنى غوۋغاغا سېلىپ قويدۇم. ئۆزۈممۇ بۇ مالامەتلەر ئىچىدە يۈرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى شاپۇر.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە يولدا كېلىۋېتىپ بوستانلىقتىكى بۇلاق بېشىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شاپۇرغا سۆزلەپ بەر-دى. شاپۇر:

— ئۇنداق بولسا، مەلىكە ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ. بىلمەي قاپسىز، — دېدى.

— بۇنىڭغا ئىلاج بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى شاھزادە. شا-پۇر شاھزادىگە قاراپ:

— سىز مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىڭ. ئۇ سىزگە كۆپ

مېھرىبانلىق قىلىدۇ. سىز شۇ يەردە تۇرىسىز. قالغان ئىشنى كېيىن ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپ يولغا سالدى.

شاھزادە شاپۇرنىڭ سۆزى بويىچە مېھىنبانۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. مېھىنبانۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ:

— شۇنداق ئالىي سۈپەت بىلەن يەنە مېنىڭ خىزمىتىمگە كەپتۇ، — دېدى. ۋەزىرلەر مېھىنبانۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھىم، بۇ يىگىت شاھزادە بولۇشى ئېھتىمال، چۈنكى گۈزەللىكتە شېرىننىڭ نامى جاھانغا پۇر كەتكەن، بۇ شاھزادىمۇ شېرىننىڭ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكى بۇ بىرەر شەھەرنىڭ ئەركىن ئۆسكەن ئارزۇلۇق يىگىتلىرىدىن بىرىدۇر. بەلكىم، بۇ يىگىتمۇ بىرەر ئىقلىمغا ئوت چېچىپ كەلگەندۇر. شۇڭا ئۇنى بىرقانچە ۋاقىت تۇتۇپ قالساق، شېرىنمۇ بىرەر جايدىن تېپىلىپ قايتىپ كېلەر.

ۋەزىرلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى مېھىنبانۇغا مۇۋاپىق تۇيۇلدى:

— ئېيتقىنىڭلاردەك، ئۇ شېرىن ئۇچۇن دىيارىمىزغا كەلگەن بولسا، شېرىننىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى مېھىنبانۇ.

ۋەزىرلەر پەرۋىزنى شېرىننىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدى. شاھزادە پەرۋىز ئاھ تارتىپ نالە - زار قىلدى. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

فۇرقەتىڭدە، ئەي نىگارا، جىسمۇ جانىم ئۆرتەنۇر،
جان نە بولغاي، بەلكى بىدادى نىھانىم ئۆرتەنۇر.
ھەر سەھەر ئەفغان چېكەر بولسام فىراقىڭ دەردىدىن،

دىل نە بولغاي، تەندە مەغزى ئۇستىخانىم ئۆرتەنۇر.
سەنسىزىن باقسام، ئايا، يارىم، گۇلىستانلار ئارا،
سەبزەلەر ئاتەش بولۇپ، خاكىستەرىم ھەم ئۆرتەنۇر.

گەردى بادى بىنەۋادەك سائەتى تاپىمام قەرار،
نەيلەيىن جان ئارا جىسمى ناتەۋانىم ئۆرتەنۇر.
شەمئى رۇخسارىڭ فىراقىدە، ئايا شېرىن سۇخەن،
چۇن پەرى پەرۋانە جىسمىم ئىچرە جانىم ئۆرتەنۇر.

لالەدىن سوردۇم: «نېدۇر دەشت ئۇزرە بۇ باغىڭدە داغ»
ئايدى: «جىسمىم ئىشق ئوتىدە كۆيدى، جانىم ئۆرتەنۇر»
ساقىيا، مەھزۇننى سەن قىلمە شىكايەتدىن شېرىن،
ئەيلەبان مىڭ شىۋە، خەللاقى جەھانىم، ئۆرتەنۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ، زار ـ زار يىغلاپ، كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. شاپۇر بۇنى كۆرۈپ، شاھزادە پەرۋىزگە نەسىھەت قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىشق دەئۋا ئەيلەگەنلەرنىڭ دىلى پۇرخۇن ئېرۇر،
رەڭگى زەئفەر ئاھى سەرسەر، كۆز ياشى جەيھۇن ئېرۇر،
لەۋھى دىلنى پاك ئېتىپ، نەقشى سەۋادىن جۇز ئەلف،
كوھ ئارا فەرھادنى كۆر، يار ئىشقىدىن مەجنۇن ئېرۇر.
گەر ئاڭا بولسە مۇيەسسەر دۇر داغى دىيدارى يار،
بولماغاي خۇشنۇد ئەگەرچە جەننەتۇل ـ مەئۋا ئېرۇر.
ئەي بەرادەر، گەر تىلەر بولساڭ نىشانى ئىشقدىن،
سىنە پۇر ئاتەش، ئىكى كۆزلەرى كۆپ پۇر خۇن ئېرۇر.
بولماغاي خۇش ئولكى سەبزە لالەئى باغۇچەمەن

بەلكى غەم ئۇزرە غەمى، دەرد ئۇزرە دەرد ئەفزۇن ئېرۇر.
بۇلھەۋەسلىك بىرلە ئېرمەسدۇر مۇيەسسەر بولسە يار،
تا جۇدا بولماي بۇ جان، ئاندىن قاچان مەجنۇن ئېرۇر.
ھەر كىشىدە ئىشق يوقتۇر، فەرقى يوق ھايۋانىدىن،
بەلكى ئول فەسلى بەھارىم خەيلىدىن ھەم دۇن ئېرۇر.
نە دېدىم، ئەي سامىئا، پەندىمگە كىرسەڭ سەن ئەگەر،
غافىل ئولسە ئىشق ئەتۋارىدە بۇ قانۇن ئېرۇر.
ساقىيا، كۆپ سۆزلەمە، مەھزۇن ئۆزى دىلخەستەدۇر،
ئىشق ئېلى بىر ھەرفىدىن ئەھۋالى دىگەرگۇن ئېرۇر.

ئەلقىسسە، شاپۇر شاھزادە پەرۋىزگە:

— ئەي شاھزادە، قايغۇرماڭ، مەن سىزنىڭ دىيارىڭىزغا باراي، ئىنشائاللا مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، — دېدى.

شاپۇر ھىيلە - تەدبىر ئىشلىتىپ يولغا راۋان بولدى. كۈنلەپ - سائەتلەپ يول يۈرۈپ، پەرۋىزنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە پەرۋىزنىڭ بېغىغا چۈشتى. شاپۇر كېنىزەكلەرگە:

— سىلەر باغدىكى بۇ سارايدىن چىقىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ بۇ يەردە ئىشىم بار، — دېدى.

كېنىزەكلەر باغقا چىقىپ كېتىشتى.

شاپۇر دەرھال سارايىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىر شىرىننى بىر چوڭقۇر زىنداندىن تاپتى. شىرىن شاپۇرنى كۆرۈپ كۆپ خۇشال بولدى، ئاندىن كېيىن شاپۇر مەلىكە شىرىننى پەرۋىزنىڭ خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىپ تاماشا قىلدۇردى. ئۇنىڭغا خىلمۇخىل كىيىم - كېچەكلەرنى كىيدۈردى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىزنى ئاشىقىڭىز ئېرەم شەھىرىگە ئىزدەپ بېرىپ مېھمانخانىڭىزدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. كۆزى يولىڭىزغا ئىنتىزار، پىراقىڭىزنىڭ ئوتىدا يانغان جېنىنى يولىڭىزغا نىسار

قىلىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ۋە پەرۋىنىزدىن نىشانە سۆزلەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باردى ئالدىڭغا ئۇ كۈن ھورمۇز شاھ ئەرزەندەسى،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى شېرىن دىلجۇ بەندەسى،
ئاھ ئوتى، ھىجران غەمى، ھەسرەت ئانىڭ سەرمايەسى،
تۇتقان ئېردى تۆرت ئىقلىمنى ئانىڭ ئاۋازەسى،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى دىلبەرنىكىم ئەۋۋارەسى.

باربان كۆرسەڭ ئانىكىم، بىر يىگىت كۆرمەگى بار،
تونى لەئلى، لەئلىدىنكىم باشى ئۇزرە تاجى بار،
لەئلىدىن كەش ئاياغىدە، لەئلىدىن قامچاسى بار،
ئولتۇپدۇر گويا ئېرەم شەھرىدە ئول شەھسەۋار،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى شېرىن زەبانىنىڭ بەندەسى.

ئول شەھى شەھزادەدۇر باغرى بولۇپتۇر چاك - چاك،
سەن كەبى گۈلرۇخ ئۈچۈن يولۇڭدە بولدى دەرد ناك،
ئۆزى ئېرۇر بارچە شاھ، شاھزادەلەردىن خۇبراق،
گويىيا يولۇڭدە بولدى قامەتى خەم زەھرناك،
ئولتۇرۇپدۇر ئول يىگىت سەندەك پەرىنىڭ بەندەسى.

ئەي پەرى، ئول ساڭا لايىق، سەن ئاڭا لايىقدۇرسەن،
ئىككىڭىز بىر - بىرىگە لايىق، تۇرفە بىر - بىر ئاتەسەن.
سەن بۈگۈن يا تاڭلا كۈن ئالدىغە ئانىڭ بارەسەن،
ياخشى ئىززەتلەر قىلىپ ئانى مېھمان قىلاسەن،
ئول يىگىت بولغان سېنىڭدەك ماھىنىڭ پەرۋانەسى.

سەن گۇلىكىم، بۇلبۇلۇڭ بولسە ياراشۇر، ئەي سەنەم،
ئاشىقۇمەئشۇق ئىكەۋ بولساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
بىر ـ بىرىڭغە رازى دىل ئېيتساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
بىر ـ بىرىڭغە ھەم ۋەفا قىلساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
ئول يىگىت بولغان سېنىڭدەك ماھنىڭ پەرۋانەسى.

ئەمدى، مەھزۇن، سۆزلەگىل خوبلار سۆزى ھېچ قالماسۇن،
ئول پەرىلەردىن سېنىڭ كۆڭلۈڭدە ئەرمان قالماسۇن،
ئايتىپ ـ ئايتىپ ئۆتەسەن، تۆك كۆز ياشىڭ ھېچ قالماسۇن،
بۇ كىتابىمنى ئوقۇغان كۆڭلىدە غەش قالماسۇن.
ئول شەھى شەھزادە بولمىش، سەن پەرى ئاۋارەسى.

ئەلقىسسە، شېرىن كۆپ خۇشال بولدى. ئىككىيلەن قارا ئاتنى مىنىپ يولغا چىقتى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئېرەم شەھىرىگە يېتىپ باردى. شەھەر سىرتىدا بۇلاق سۈيىگە چۈشۈپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى زىننەتلەپ ئاتقا مىندى ـ دە، شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشى گويا كى ئېرەم شەھىرىدە ئاپتاپ چىققاندەك بولدى. بۇ چاغدا مېھىنبانۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز كۆزى ئۈلگە تەسەللى بەرگۈچى شېرىننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، تەختتىن چۈشتى. شېرىنمۇ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ مېھىنبانۇنى قۇچاقلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ خۇشاللىقتا چۆمۈلدى. مېھىنبانۇ شېرىنغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

شۈكرى لىللاھ، كەلدىڭىز بۇل دەم كۆزۈمنىڭ قارەسى،
ئۆرگۈلەي باشىڭدىن، ئەي مەھ، يۈرەكىم سەد پارەسى،



شەھرى ئېرەم ئىچرە يەكتا گەۋھەرى ئەللامەسى،
قايدە كەتتىڭ، ئەي مەھىم، ھەم تەختۇتاجىم ئىگەسى،
بىرنەچە ئەرزەندە شەھزادە چىرايىڭ بەندەسى.

يوقاتىپ سىزنى نەچە كۈن، بولدى باغرىم تولا خۇن،
مۇنچە لەشكەر، مۇنچە ئەسكەر باشى بولدى سەرنىگۇن،
ھەسرەتىڭدە قالمادى كۆڭلۈم ئاراسىندە پۈتۈن،
قالمادى تاقەت ماڭا بولدىكى ياشىم لالەگۇن،
بولدىلار شەھرى ئېرەمدە سەن پەرى دىۋانەسى.

بىرنەچە شەھزادەلەر بولدى بۇ يەردە خارۇ زار،
ھەسرەتىڭدە زار يىغلاپ ئولتۇرۇرلار بىقەرار،
سەن كەبى دىلبەر ئۈچۈن باغرىدە ئانىڭ داغى بار،
مىسلى قەقنۇسدەك ئانىڭ جانىدە ئوت گۈلزارى بار،
ئول كەبى شەھزادە سەندەك مەھلىقانىڭ بەندەسى.

شاھدۇر، شەھزادەدۇر، ئىشق ئوتىدە يانغانىكەن،
سۇرەتىڭغە قاي كۆنى شەھلا كۆزى تۇشكەنىكەن،
ھەسرەتىڭدە مىسلى بۇلبۇل بىنەۋا بولغانىكەن،
مەستى مۇستەغرەق بولۇپ ئەقلى - ھوشى ئۇچقانىكەن،
ئول كەبى مەھپارە سەندەك دىلرەبانىڭ بەندەسى.

قامەتى يايدەك ئىگىلمىشكىم ئوشۇل جانانەنىڭ،
كۆزى ياشى قان بولمىش سەرۋى رەۋان ئازادەنىڭ،
ھالىغە قان يىغلادىمكىم، يۈرەكى سەد پارەنىڭ،
يولۇڭغە سەد جان فىدا قىلمىش، بىل، ئول پەرۋانەنىڭ،
بىر نەچە شەھزادەلەر بۇ يەرنىڭكىم زى بەندەسى.

ئەي بالام، ھەجرىڭدە تاش كەسمەككە فەرھاد مۇبتەلا،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىپ يانغايكى بۇلبۇل بىنەۋا،
مەستى مۇستەغرەق بولۇپ، يولۇڭدە بولدى بىر گەدا،
تۈن - سەھەرلەر ياتماغاي ئەيلەپ خۇداغە ئاھۇ ۋاھ،
ئول كەبى شەھزادەلەر بولمىش بۇ دەرد ئەۋۋارەسى.

سۆزلە شىرىن سۆزلەرىن، مەھزۇن، مىسالى بۇلبۇلى،
شىرىن ئىردى گويىياكى شەھرى ئىرەم سۇنبۇلى،
شاھى ئىرەم ھەم گۇلىستانىن چەمەنى بىر گۇلى،
مەھزۇنى ئەفگار بولدىلاركى سۆزلەر سەيقەلى،
بولدىلار نەچچە رەسالار بۇ شىرىنىنىڭ بەندەسى.

ئەلقىسسە، بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ خۇشاللىقتا چۆمگەن مېھىنبانۇ شىرىنىنىڭ تېپىلىش شەرىپىگە قىرىق كۈن توي - تاماشا قىلىپ بەردى.

ۋاقىتكى، شاھزادە پەرۋىز شىرىننىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئو- چۇق - ئاشكارا سۆزلىشەلمىسىمۇ، لېكىن قاش - كۆزلىرىنى ئەلچى قىلىپ سۆزلىشەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بىر يەردە بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىش، بىر پى- يالە شاراب ئىچىشكە پۇرسەت تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەردىن بىر كۈنى شىرىن مېھىنبانۇغا مۇنداق دېدى:

— ئەي بۈزرۈكۋارىم، بۇ شاھزادە ناھايىتى يىراق يەردىن بىزگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئىززىتىنى بەجا كەلتۈرۈشىمىز، ياخشى مېھمان قىلىشىمىز، شىكار ۋە دەشت - سەھرالاردا تاماشا قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

— ئەي كۆز نۇرۇم بولغان سىڭلىم، — دېدى مېھىنبا- نۇ، — سەن تېخى بىر قىز، بىزگە ھايا لازىم. ئۇ شاھزادە ساڭا ئاشىق بولۇپ كەپتۇ. يىگىتلەر نېمە قىلسا ئانچىمۇ ئە-



يىب ھېسابلانمايدۇ، ئەمما قىزلارغا ئەيىب سانىلىدۇ. شۇنچە لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى مالامەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ قويما. كىشىلەر سېنى ئەيىبلەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. سەن ئاددىي كىشى ئەمەس، بەلكى بىر مەلىكە. ئۆزۈڭگە ھېزى بول. مېنىڭ بېشىمغىمۇ مالامەت ياغدۇرما.

— ئەي كەبەگاھى، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئەقلىم ئۆزۈم بىلەن بىللەدۇر. مەن سىزدەك بىر شاھنىڭ جانجىگەر سىڭلىسىمەن، مەندىن قىلچە ئەيىبلىك ئىش سادىر بولمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى مېھماندارچىلىقتۇر. مېھماندارچىلىق بىزنىڭ سەلتەنەتلىك شاھلىقىمىز ۋە دۆلەت ئاساسىمىزغا مۇۋاپىق. شاھلار ئارا بېرىش ـ كېلىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش دوستلۇقنىڭ بەلگىسى، پادىشاھلىقنىڭ زىننىتى ھەم شەۋكىتى. ئەلۋەتتە قۇرمىساقلاردەك ئولتۇرغىلى بولماس، — دېدى مەلىكە شېرىن. مېھىنبانۇ شېرىننىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، شاھزادە پەرۋىزنى مېھمان قىلدى.

ئۇشبۇ دۇنيا زىننىتى ئېرمىشكى مېھماندارلىق،
ھەم خۇدانىڭ رەھمەتى ئېرمىشكى مېھماندارلىق،
باز جانىنىڭ راھەتى ئېرمىشكى مېھماندارلىق،
دەۋرۇ دەۋران ھۆرمەتى ئېرمىشكى مېھماندارلىق،
بۇل جەھاننىڭ خۇشلۇقى ئېرمىشكى مېھماندارلىق.

مېھمان كەلگەن يەرە ياغمىش ئېرۇر ھەق رەھمەتى،
كۆتەرىلگەي ئول زەمانكىم ئانى مېھنەت ئافەتى،
كۆرگۈسى مېھمان چاقىرغان تاڭلا مەھشەر راھەتى،
كۆرمەگەي ئول بەندە ھەرگىز بۇ جەھاندە كۇلفەتى،
بۇ جەھان خۇرسەندلىكى ئېرمىشكى مېھماندارلىق.

ھەركىمى مېھمان چاقىرسە كۆڭلى رەۋشەن بولغۇسى،
باز بارسە تار لەھەتكە گورى رەۋشەن بولغۇسى،
مېھمان كەلگەن يېرى ئەلبەتتە گۈلشەن بولغۇسى،
مېھماننىڭ ھۆرمەتىدىن خەتتى ئازاد بولغۇسى،
بۇ جەھانۇ ئول جەھان ئابادى مېھماندارلىق.

مېھمانغە لازىم ئېرمىش خانەئى نەقشىنلەر،
ھەم يەنە زەررىن گىلەمۇ تەھ ـ بەتەھ كىمخابلار،
ھەم يەنە تۈرلۈك تەئامۇ قەند قۇرسى قەنچىلەر،
دۇنيانىڭ ھەم ھۆرمەتى ھەم زىننەتىدۇر گەنجلەر،
بۇ جەھاننىڭ گۈلشەنى ئابادى مېھماندارلىق.

مېھمان كەلسە كېرەكدۇر ئىززەتۇ ئىكراملار،
ئەيش ئىلە ئىشرەت بىلە تۆر تۇتۇپ ئادابلار،
ھەم ئويۇن ھەنگامەئى مەي شىشەئى مەي شادلار،
ئويناسە بەزمى تەرەب ئەيلەپ نەچە ئازادەلەر،
ئۇشبۇ ئالەم شادمانىدۇركى مېھماندارلىق.

ئول خۇدا ئۇلۇغ ياراتتى مېھماننى دۇنيەدە،
ئول تۇفەيلى رەھمەت ئەتكەي مىزباننى دۇنيەدە،
مېھمان قىلغان كىشى بولغاي خۇدانىڭ ئەمرىدە،
مېھماننىڭ ئەجرىنى كۆرگەي بەقانىڭ ئۆيىدە،
ئۇشبۇ ئالەم شادمانىدۇركى مېھماندارلىق.

ھەركىمى مېھمان سۆيەر ئاسان بولۇر جان بەرمەكى،
ھەم يەنە ئاسان بولۇر شەيتان بىلە جەڭ قىلماقى،
ھەم گۈلىستانى ئېرەم بولغاي لەھەدكە كىرمەكى،

مەھزۇنى ئەفگار كۆپ كۆردىكى مېھماندارلىق،
ئىككى ئالەم ئابرۇيىدۇركى مېھماندارلىق.

ئەلقىسسە، شىرىن مېھىنبانۇغا شاھزادە پەرۋىز توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىدى. مېھىنبانۇمۇ شىرىنگە بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بالام[①] سەن ھەزل بىلمە، ئىشقبازلىق كۆپ قىيىن،
ئەي بالام، سەن ھەزل بىلمە، دەمسازلىق كۆپ قىيىن،
ئەي بالام، سەن ھەزل بىلمە، رۇھبازلىق كۆپ قىيىن،
ئىشق ئارا ئۆرتەنسە جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن،
بۇ جەھاندا ھەممەدىن يەتمەك ۋىسالغا، بەك قىيىن.

ئىشقبازى ئەيلەمەك ــ ئەجدەر بىلە جەڭ ئەيلەمەك،
مەردى مەيدان، دەۋران بىرلە مۇلاقات ئەيلەمەك،
ئۆرتەنىپ ئىشق ئوتىغە بىردەم فەراغەت ئەيلەمەك،
ئاشىقى خەستە كۆڭۈلنى شادە خۇرەم ئەيلەمەك،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

ھەر كىشىدە ئىشق بولسە لەشكەرى ھەسرەت بولۇر،
ئورداسى ئېرمەس مەلامەت سەلتەنەسى غەم بولۇر،
باغۇ راغى، گۈلشەنۇ، خابگاھىكىم فۇرقەت ئېرۇر،
ئۆزنى بىلمەي يۈرگەن ئەلگە ئۇشبۇ ئىش مېھنەت ئېرۇر،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

① مېھىنبانۇ سىڭلىسى شىرىننى كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيەت قىلغاچقا، بەزىدە ئۇنى بالام دەپمۇ ئاتايتتى.

شەھزادە يات يىگىتتۇر، سەن ئۆزۈڭ ئالدۇرماغىل،
مۇنچە لەشكەر ئاراسىدە، سەن ئۆزۈڭ سۆز قىلماغىل،
ئەي پەرى رويۇم بالام، ئۆزنى مەلامەت قىلماغىل،
پادىشاھلىقدە مېنى ھەم بىر سەرى قان ئەتمەگىل،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

ئىشق غالىبلىق قىلىپ كەلمىش ئۇشۇل شەھزادەئى،
ھەسرەتىڭدە ئۆرتەنىپ جانىم ئانى فەرزانەئى،
بىرسى تاغنى كېسەردۇر، بولۇبان دىۋانەئى،
بولدىلار بۇ يولدە نەچچە ياخشىلار ئەفسانەئى،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

ئىشق ئوتى، ئەي نۇرى دىيدەم، دەۋزەخ ئوتىن ئۆچۈرۈر،
ھەركىمى بۇ يولغە تۇشسە تاج ـ تەختىدىن كۆچۈرۈر،
ئۇشبۇ يولدە نەچچە سۇلتانلار جەھان ئەۋۋارەدۇر،
تاجۇتەختتىن ئايرىلىپ مەقامى پەست پەگادەدرۇ،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

ئويناغىل زىنھار ـ زىنھار شاھغە كۆز ئاچماغىل،
كىم مۇبادا كۆزنى ئەلچى ئەيلەبان قاش قاقماغىل،
بۇ مەلامەتنى، بالام، ئەسلا باشىڭغە ئالماغىل،
يۇرت ـ ئالەم ئىچرە سەن تەئنە سۆزىغە قالماغىل،
ئانداغىن ئىشق ئوتىغە ھەم تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

سەن ئۆزۈڭ شەھزادە سەن، شەھزادەگە لايىق قىل ئىش،
باقماغىل كۆز ئۇچىدىن ئەمما ئۆزىغە قىل رەۋىش،
كىم ساڭا ھەم تەگسە ئىشقىدىن چۇنان قىلمە خۇرىش،

جۇملە ئالەم ساڭا ئەيلەرلەر تۇمەنىڭ سەرزەنىش،
ئىشق ئوتى دېگەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

سەن بىلە سۆزلەمەگەن ئىشق ئېلىدىن كۆز قالدىمۇ؟
ئىشق ئوتى تەگكەنگە، جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

ئەلقىسسە، مېھىنبانۇ رۇخسەت قىلدى، ئاندىن مەلىكە شېرىن لەشكەرلىرىگە ئەمر قىلىپ دېدى:

— بۈگۈن مۇساپىر شاھزادىنى پالانى باغقا چاقىرىمىز.

مەلىكىنىڭ ئەمرى بويىچە لەشكەرلەر ۋە مەھرەملەر باغ بەزمىسىگە جىددىي تۇتۇش قىلدى. باغنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى تەييارلىدى. شۇ كۈنى ئېرەم شەھىرىدىكى سازەندە قىز - چوكانلار، گۈزەل ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلىدى. ئۇلار شۇنداق داغدۇغا بىلەن باغ سەيلىسىگە راۋان بولدى. باغقا كېلىپ بىرقانچە كۈن بەزمە تۈزدى. قەدەھلەردە شارابلار تارتىلدى. شۇ تەرىقىدە ئويۇنغا چۈشتى. بەزمە ئەھلى كەيپ بولۇشقا باشلىغاندا، شاھزادە پەرۋىز شېرىن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ شېرىنگە ئاستا بىر سۆز تاشلىدى. شېرىن دەرھال پەردە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شاھزادىنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، شېرىننىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قالدى، باشقا چارىمۇ تاپالمىدى.

ئەتىسى شېرىننىڭ پەرمانى بىلەن سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ، نەغمە ئاۋازىنى پەلەككە يەتكۈزدى. يەنە ئويۇن باشلاندى. شۇ تەرزدە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئوينىدى.

بەزمە ئاخىرلىشىپ، شاھزادە بىلەن شېرىن مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. مېھىنبانۇ شېرىن بىلەن شاھزادىگە كۆپتىن كۆپ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، خىل-



مۇخىل تونلارنى تەقدىم قىلدى. ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

ئەلقىسسە، كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى شىرىن مېھىنبانۇ بىلەن سۆزلەشتى:

— ئەي قىبلىگاھىم، مەن سەھراغا چىقىپ تاماشا قىلىپ كەلسەم.

— شاھزادىمۇ بارامدۇ؟

— بۇنى ئۆزىڭىز بىلىڭ.

— ئېلىپ بارغىن، يالغۇز زېرىكىپ قالمىسۇن.

بۇنى ئاڭلاپ شىرىن خۇشال بولدى ۋە مەھرەملەرگە كىشى ئەۋەتتى. ئۇ كىشى مەھرەملەرگە:

— بۈگۈن مەلىكەم سەھراغا تاماشاغا چىقماقچى، سىلەرمۇ بېرىڭلار، — دەپ شىرىننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

شىرىن شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلەن دېدى:

— ئەي شاھزادە، سىزمۇ بېرىڭ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دىلى ئېزىلگەن شاھزادىنىڭ پىراق ئوتى قايتىۋاشتىن يالقۇنلىنىپ ئاھ تارتتى، دەرھال مەلىكە بىلەن ئاتلىنىپ، سەھراغا چىقىشقا تەييارلاندى، سازەندىلەر، سۆزمەنلەر ۋە قىزىقچىلارنى توپلاپ سەھراغا راۋان بولدى. سەھرادا بىرقانچە كۈن ئويۇن تۈزدى. ئوينىمىغان ئويۇنىمۇ قالمىدى. شاھزادە بىلەن شېرىن «دەستە - توپ» ئوينىدى. بۇ جەرياندا شېرىن شاھزادىگە مۇتلەق ئىلتىپات قىلمىدى. شاھزادە كۆپ تاقەتسىزلىنەتتى، لېكىن شاپۇر يىراقتىن كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۇنى جىملەيتتى. ئۇلار كېچىسى بەزمە تۈزۈپ، كۈندۈزى «دەستە - توپ» ئوينايتتى. بىر كۈنى شاھزادە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەلىكىگە سۆز تاشلىدى، مەلىكە جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

شاھزادە:

سادىغاڭ بولاي، گۈزەل يارىم، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
سۇ بولۇپ ئاقتى جىگەرىم، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
يادەك ئېگىلدى بۇ قەددىم، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
زەرداب بولدى يۈرەك - باغرىم، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
ئۆلەرگە يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟

شېرىن:

قۇربان بولايىن، يارىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
مەن ئۇچۈن كەلگەن، شەھبازىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
كۆككە يېتەر مېنىڭ ئاھىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
بولدى قان ھەم كۆزدە ياشىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قانداق قىلاي، ئەي شاھزادەم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.

شاھزادە:
شەھزاد ئايدى: قان يىغلادىم، يادەك يولۇقىدە ئېگىلدىم،
دەۋام يولۇقىدە تەرمۇلدۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
قىزىلگۈل ئېردىم، سولدۇم، ساماندەك سارغىيىپ قالدىم،
ئىشىكىڭدە گەدا بولدۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
چىقارغا يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
پەرۋانە بولساڭ يانۇرسەن شۇ ئەلفازدە كۈن كۆرەرسەن،
شۇڭا ھەم شۇكر ئەيلەرسەن سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قىزىلگۈل بولساڭ سولارسەن، ئەندەلىبدەك زار ئولارسەن،
ھەجرىمدە نېلەر كۆرەرسەن، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قانداق قىلاي، ھەي شاھزادە، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.

شاھزادە:
شەھزادە ئېردۇم، قۇل بولدۇم تاج ـ تەختىمدىن ئايرىلدىم،
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلدىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئۇلكان لەشكەردىن ئايرىلدىم، غېرىب بولۇپ مۇندا كەلدىم،
چوخ مېھنەتلەر مۇندە كۆردۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
جانىم چىقار ۋەقتى بولدى، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
شاھزادە بولساڭ نە ئىشىم بار، سېنىڭدەك نەچچە ئاشىقىم بار،
ياتۇر يولۇمدە خارە ـ زار، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
مەن يۇرەرمەن ئۆز ئېلىمدە، ھۆكۈمەتىم ئۆز قولۇمدە،
ئېتىبارىم بار سۆزۈمدە، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.

شاھزادە:
شەھزاد ئايدى: بىر سېنى دەپ، ئەل ـ خەلقىمدىن ئايرىلىپ،
قالدىم بۇ يولدە سارغىيىپ، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئىشقىڭدە تاكى كۆيەرمەن ھىجرىڭدە ئۆرتەنەرمەن،
مۇنداق كۈنلەر مەن كۆرەرمەن، نېچۈن بىزگە قارامايسەن؟
چىقارغە يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
ئەي شاھزادە، چاقىردىمۇ، بۇنداغچە بولغۇن دېدىمۇ؟
بىئابرۇي يۈرگىن دېدىمۇ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
ئۆزۈڭگەدا قىل دېدىمۇ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
كىمەرسە سايە بول دېدى، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
ئەي شاھزادە، كۆپ سۆزلەمەڭ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر.



شاھزادە:
سېنى دېدىم، بولدۇم ھەيران، چۆللەردە بولدۇم سەرگەردان،
كۆز ياشىم بولدى قاراقان، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى، كۆزدە ياشىم قانغا تولدى،
جىسمىمدە جانىم ئۆرتەندى، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
گۈلگە تەشنا بۈلبۈلۈڭمەن، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
شاھزادە سەن، لەشكەرلەرىڭ يوق، لەشكەر ئارا ھۆكۈمەتىڭ يوق،
يانىڭدە خۇش ۋەزىرىڭ يوق، بىر قارارغە فۇرسەتىم يوق،
زەر كەمەرلى مەھرەملەر يوق، بىر قارارغە فۇرسەتىم يوق،
ئەي شاھزادە، كۆلۈپ سۆزلەرسىز، سىزگە سۆزلەر سۆزۈم يوق.
مەن نە قىلاي، ئەي شاھزادە، سىزگە قارارغە فۇرسەتىم يوق.

شاھزادە:
شاھزادە دەر: ئەي نازاكەت، قالمادى مەندە ھېچ تاقەت،
جانىمدە يوقتۇر فەراغەت، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئەي ئېرەم شەھرىن چەمەنى، گۈلىستانىن گۈلشەنى،
ھۆسن باغىنىڭ خىرمەنى، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
جانىم چىقارغە يېتىپدۇر نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
ئەي شاھى ھورمۇز نىھالى، ئۆز شەھرىنىڭ بەدىئۈلجامالى،
سۆزلەيسەن نەچچە سوئالى، جاۋاب بېرۇر فۇرسەت يوقتۇر،
شەھزادەئى سەرۋى رەۋان، بىھۇدە سۆزلەر كۆپ ھەمان،
پادىشاھلىقدە ئەنجامىڭ يوق، خۇش ياراغۇ جابدۇق ھامان،
كۆپ سۆزلەمەڭ، ئارامى جان، جاۋاب بېرۇر فۇرسەت يوقتۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئېرەم شەھرىدە تۆت يىل تۇردى. قانچە كۇنلەر ئويۇن ـ بەزمىلەر بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. بىر كۇنى شېرىن شاھزادىگە ھىيلە ئىشلىتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھزادە، سىزدە شاھزادىلىقنىڭ نىشانىسى يوق ئىكەن. بىر ئىقلىمغا شاھ بولغان كىشىنىڭ ئوغلى تۇرۇپمۇ بىر يۇرتقا بېرىپ، قىمارۋازدەك يۇرۇشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىك، شاھزادە دېگەن ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىگە لايىق تۇگىتىشى كېرەك.

شېرىننىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب: «بۇ شاھزادە مەن بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئاشىق ـ مەشۇق ئويناپ يۇرىدۇ. ئەگەر راستىنلا شاھنىڭ ئوغلى بولسا، ئاتىسىغا ئېيتىپ توي قىلسا بولمامدۇ؟» دەپ خاپا بولغانلىقىدىن ئىدى. شاھزادىمۇ شېرىننىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغانلىقىدىن رەنجىپ قالغانىدى. شۇڭا، شاھزادە شېرىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەلىكىدىن رەنجىگەن پېتى ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەتتى. مەلىكە قالدى. گويا جان تەندىن ئايرىلدى. ھاياتى كەتتى، شېرىن جېنى قالدى. شاھزادە باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۇپ، سەھەرالاردا زار ـ زار يىغلاپ كېتىۋېتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يار قالدى، دوستلار، ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج،
بالا قۇشتەك تەلفۇنۇپ ھەيرانۇ گىريان نائىلاج،
ئۆرتەنىپ قەقنۇسدەك ئەخگەر بولارمەن نائىلاج،
تاغۇتاشلارنى كېزىپ ياشىم تۆكەرمەن نائىلاج،
بۇلبۇلى نالان بولۇپ سايراپ ئۆتەرمەن نائىلاج.

قايدا قالدى نەيلەيىن شېرىن دىلجۇ ـ دىلرەبا،
يىغلارەم چۇن ئەندەلىبدەك مەن غەرىبى بىنەۋا،

ئىشق ئوتىغە مەن بولۇپمەن، ئاھ نەيلەي مۇبتەلا،
ئەمدى بولدۇم بۇ زەمان ئۇشبۇ جەھاندىن ماسەۋا،
ئاھۇ ۋەيلا، بۇ زەمان مەن بۇ جەھاندىن نائىلاج.

تۆرت يىل بولدى زەمانى يار ئىلە سۆزلەشمەدىم،
بىر دەمى ئۇشلاپ قولىن ھەسرەتلەرىمنى ئېيتمادىم،
غەملەرىم ئايتىپ، يۈرەكىم زەرەئى بوشاتمادىم،
تۆرت يىل بولدى نىگارىم، ئاي يۈزىنى كۆرمەدىم،
ھەسرەتۇ ئەرمان ئىلە ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج.

بۇ رەقىبلەر ئاراسىدە بىر كۈلۈپ سۆزلەشمەدىم،
بىر قۇچۇپ نازۇك بېلىدىن، كۆكسىدە جان بەرمەدىم،
شادۇ شادمانلىق ئىلە مەن دەۋرۇ دەۋران سۈرمەدىم،
يۈز تۈمەن مىڭ غەم بىلەن ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج.

تۆرت يىل بولدى مۇھەببەت ئوتىدە مەن يانەمەن،
ئاتا ـ ئانامدىن جۇدا بولۇپ يۈرگەن بەندەمەن،
بىر پەرى سەۋداسىدە بولغان جەھان ئەۋۋارەمەن،
شەھرىمە ئەمدى بۇ ھالىم بىرلە نېچۇك بارەمەن،
مەن كېتەرمەن بۇ سىفەت ھەيرانۇ نالان نائىلاج.

ھەركىمى ئىشق ئىچرە كىرسە بىسەرۇ سامان ئېرۈر،
جانى نالان، ئەقلى ھەيران ھەم كۆڭۈل ۋەيران ئېرۈر،
مەستۇ مۇستەغرەق يەنە ھەم كۆزلەرى گىريان ئېرۈر،
تۈنۇ كۈن ئىشق ئوتىدە جىسمى ھەم لەرزان ئېرۈر،
مەن كېتەرمەن بۇ سىفەت ھەيرانۇ گىريان نائىلاج.

مەھزۇنا، سەندەك جەھاندە بىسەرۇ سامان يەنە،
ياخشىلاردىن ئايرىلىپ باغرىم ـ يۈرەكىم قان يەنە،
سەن كەبى بارمۇ جەھاندە باز بىر كۆيگەن يەنە،
بۇ فىراق ئەندۇھدە باغرىم ـ يۈرەكىم قان يەنە،
ئاھۇ ۋاۋەيلا، ئۆتەرمەن بۇ جەھاندىن نائىلاج.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز يوللارنى بېسىپ، چۆللەرنى كېزىپ، كۆنلەپ ـ سائەتلەپ يول يۈرۈپ بىر جايغا يەتتى. بۇ يەردە ئېگىز تاغلار، يېشىللىقلار بولۇپ، گۈللەر ئېچىلغان، بۇلاق سۇلىرى ھەر تەرەپلەرگە ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار، تۇ-تىلار، قۇمرىلار يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سايرىشىۋاتقانىدى. شاھزادە بۇ جايغا چۈشتى ۋە بۇ يەرنى تاماشا قىلدى. شاھزا-دە: «ئۇ سەرۋى بويلۇق رەنا، قىزىلگۈل رەڭلىك، سۆزى شې-رىن، نازۇك بەدەن يارىم بۇ يەردە بولسا ئىدى، ئۇ ئاي يۈز-لۈك بىلەن مۇشۇ يەردە بىر سائەت سەيلە قىلغان بولسام نې-مىدېگەن ياخشى بولار ئىدى» دەپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ بې-يىتنى ئوقۇدى:

قەنى يارىم، قەنى يارىم، سەيرگاھغە خىرام قىلسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، چەشمەلەردە يۈزىن يۇۋسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ گۈللەردىن ئالىپ تاقسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، مېنىڭ بىرلە شەراب ئىچسە.

قەنى يارىم، قەنى يارىم، يولىغە گۈللار پايئەنداز،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ يەر ئوينارغە كۆپدۇر ساز.
قەنى يارىم، قەنى يارىم، قولىغە ئالسالار بىر ساز،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ يەردە ئەيلەسەك بىر ساز،

يارىم قالدى ئىشرەت بىلەن، مەن كېتەرمەن ھەسرەت بىلەن،
يۈزمىڭ غەمۇغۇربەت بىلەن، مەھزۇن ئۆزى سەرگەرداندۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز شۇ ماڭغىنىچە رۇم شەھىرىگە يېتىپ باردى. شۇ ھامان «بىر شاھزادە كېلىپ پالانى جايغا چۈشتى» دەپ رۇم پادىشاھىغا خەۋەر يەتتى. رۇم شاھى شاھزادىنى ئوردىغا چاقىرتتى. پەرۋىزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن سەلتەنەتلىك ئوردىسىغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالىدەك كۆرۈشتى. پەرۋىز رۇم شاھىغا ياراپ قالدى. رۇم پادىشاھىنىڭ مەلىكە مەريەم ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكە مەريەمنى شاھزادە پەرۋىزگە نىكاھلاپ قويدى. شاھزادە ئۇ قىز بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى ھورمۇز شاھنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، پەرۋىزنىڭ ئاتىسى ھورمۇز شاھنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە پەرۋىز رۇم پادىشاھىغا ئەرز قىلدى. رۇم پادىشاھى پەرۋىزگە كۆپ لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. پەرۋىز بۇ لەشكەرلەر بىلەن بېرىپ بىرقانچە كۈن جەڭ قىلىپ، ئۆز شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن مەلىكە مەريەمنى ئۆز شەھىرىگە ئەكەتتى. ئۇ ئاتا تەختىگە ئولتۇرغانلىقىدىن ناھايىتى كۆپ سۆيۈندى. ئۆز شەھىرىدە مەلىكە مەريەم ئۈچۈن توي قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شاھلىق سەلتەنىتىنى سۈرۈپ، دەۋرى - دەۋران بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ پەرۋىز يەنىلا شىرىن يولىدا ئۆرتىنەتتى.

بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى شىرىندىن ئاڭلايلى:

شىرىن پەرۋىزنىڭ مەرىيەمنى ئالغانلىقى، ئۆز شەھىرىگە پادىشاھ بولۇپ ئاتا تەختىگە ئولتۇرغانلىقى، ئەيش - ئىشرەتكە چۆمۈپ، دەۋران سۈرۈۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ كۆپ خاپا بولدى، پىراق ئوتىدا ئۆرتەندى. شىرىن باشتا پەرۋىزگە: «مەن بىلەن ئويناپ بىكار يۈرۈۋەرمەي، يۇرتىغا بېرىپ توي تەييارلىقىنى قىلسۇن» دېگەن مەقسەتتە سۆزلىگەنىدى. لېكىن، پەرۋىزنىڭ مەرىيەمنى ئېلىپ، ئەيش - ئىشرەتكە چۆمۈشىنى كىم بىلسۇن؟

ۋاقتىكى، پەرھاد تاغلاردا ئاھۇپىغان چېكىپ، جاپا - مۇشەققەت بىلەن تاش كېسىپ ئېرىق ياساپ ۋە تاشتىن كۆل چېپىپ ئىشنى پۈتتۈردى. شىرىن ئېرىق ئارقىلىق كۆلگە سۈت ئاققۇزۇپ كەلدى. ئۇنىڭغا قەنت - ناۋات تاشلاپ، يېگىتلىرىگە ياقۇت چىنىلەردە كۆلدىن شاراب ئۇسۇپ بېرىشكە باشلىدى. شىرىن بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. شۇ خۇشاللىقىدا پەرھادقا:



— ئەي مەردانە يىگىت، تەلىپىڭنى ئېيت، خەزىنىمدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىقلاردىن خالىغانچە ئال، — دېدى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى پەرھاد، — ماڭا مال - دۇنيا، باغ - بوستان، چىمەن - گۈلزار كېرەك ئەمەس. پەقەت سىزنىڭ سالامەتلىكىڭلا ماڭا كۇپايە. بۇ بىۋاپا دۇنيادا بايلىقنى، ئالتۇننى نېمە قىلىمەن؟

پەرھاد بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. شېرىن شۇ چاغدىلا پەرھادنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ دەرھال ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، قۇلىقىدىكى هالقىسىنى ئاچىقتى. بۇ هالقا بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كېلەتتى. ئۇ هالقىنى پەرھادقا تۇتتى. پەرھاد هالقىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى - دە، هوشىدىن كەتتى، بىرئازدىن كېيىن هوشىغا كېلىپ، هالقىنى شېرىننىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى يىغان تارتىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى شېرىن پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ شۇ يەردىلا يىغلاپ تاشلىدى. پەرھاد بولسا، تاغ - باياۋانلاردا ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى. بەزى - بەزىدە شېرىن پەرھادنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بەزمە قۇرۇپ بېرەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆز يېنىدىكى تىللا ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، بۇيۇك ۋەزىر ۋە سەركەردىلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرەتتى، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن پەرھادقا ياقۇت قەدەھتە شاراب تۇتۇپ: «كېلىڭ، ئەي پالۋان، ساھىبقىران، بۇ قەدەھنى ئېلىڭ» دەيتتى. پەرھاد مۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى يوقاتقان هالدا يەنە تاغ - باياۋانلارغا چىقىپ كېتەتتى. شېرىن: «شاھ پەرۋىزنىڭ مەريەمى بولسا، مېنىڭمۇ پەرھادىم بولسا» دەپ ئويلاشقا باشلىدى. شۇڭا ھەر ھەپتىدە بىر كېچە پەرھادنى بەزمىگە چاقىراتتى، پەرھاد يەنە ئۆزىنى يوقاتقان هالدا باياۋاند-

غا كىتىپ قالاتتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىرىن پەرۋىزگە تۆۋەندىكىچە مەكتۇپ يازدى: «ئەي شاھزادە، سىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭ بىھۇدە ئىشلار ئىكەن. مەن سىنى ئاشىق دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما سەن مەريەمنىڭ گاداسى ئىكەنسەن. سەن بىلەن يۈرگەن كۈنـ-لىرىمگە ئىسىت !» شىرىن بۇ مەكتۇپنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بېيىتنىمۇ مەكتۇپقا قوشۇپ پەرۋىزگە ئەۋەتتى.

بېيىت

شىرىن دېدى: نەجانىسەن، ئايا ئادەمى بىھوش، بىر يار يانىپسەن،
جاندىن ھەم ئەزىز يارنى قويۇپ، مەريەمنى تاپىپسەن.
ئاھ دىل سوردىڭ بوشاتىپدۇر، ئەي ئاقىبەتى يوق،
نېدىن سىنى پاكىز دىلىڭ بولدى مۇشەۋۋەش، نە ئېتىپسەن؟
باغرىڭ ئېزىلىپ، ھەلقىڭ قۇرۇپ، ئاغزىڭ تولا زەرداب،
قانلىغ جىگەرىڭ بار،
مەريەم قولىدىن بادە ئىچىپ، مەست ئىلە مەغرۇر،
ئەقلىڭ ئۇنتۇپسەن.
مەريەمدۇر نىگارىڭ يۈرەكىڭگە سالىپ ئاتەش، ئەي ئاشىقى بىكار،
ئايغىل ماڭا كىم دەردى دىلىڭ ئەمدى بىلەيىن كۆڭلۈڭدە نىلەر بار؟
مەريەم بىلە بىزنى تۇتادۇرسەن، قانى ئەقلىڭ؟
ئەي ئەقلى يوق، بىئەقىل ئاشىق سەن ئېرۇرسەن، ئالەمە بىئار.
مەريەمنى خىيالىي بىلە ئالەم ئۇنتۇپسەن، جىسمىڭدۇر ئاتەش،
مۇنچە جەھاندىن خەبەرىڭ يوق، نەدۇر ساڭا بۇ ھال؟
مەريەم ئوتىدە ئۆرتەنىبان كۆيدۈڭ ئەجەب، مۇنچە خەراب،
ھېچكىم سىنىڭ ھالىڭە تاقەت قىلالمايالماس، ئەي سەرۋەرى ئالەم.
ئاشىقلىق ئىشى مۇنداغ ئەمەس، ئەي باربىبەھرە،

كۆرۈنمەدى ئالەم كۆزىگە دانەئى خەشخاش كويى ھەۋادە.
ئەي بىخەبەر، ئاشىقدۇرسەن، ئالەمنى يولىدە،
شەھزادە بولۇپ يويلە نېچۈك شاھ بولۇرسەن، ئەي شاھىئالەم،
مەن مۇندە كۆزۈم تەلمۈرۈبان ياشى قاراقان، ئەي ۋەئدەسى يالغان،
كۆڭلۈڭدە بار ئىكەن ئارزۇ ـ ھەۋەس مۇنچە، مەن بىلمەدىم ئەسلا.
يۈز ھەيفكى يۈز ھەيف، ساڭا ئۇشبۇ جەھاندە، ئەي مەردى دىلئارا،
بۇ ئىشلارىڭە بولدى بۇ كۈن، ئەي شەھى ئالەم، كۆنۈمدە مۇسەففا.
مەھزۇن سۆزى ئەل ئىچرە ئەگەر بولماسە مەنزۇر، ئۈز،
سۆزىنى ئۈزگىل،
ئۆزى بىلەدۇر ئۆز سۆزىنى گەۋھەرى يەكتا، ئەي بارچەئى ئالەم.

شېرىن بۇ مەكتۇپنى خۇسرەۋ[1] پەرۋىزگە ئەۋەتتى. خۇسرەۋ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئاچچىقتىن ئېيتىلـغانلىقىنى بىلىپ، بۇ بېيىتنى مەكتۇپ قىلىپ يازدى:

ئەي نىگارىم، كايىماڭ، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
بۇ جۇدالىغ يەتكەنى، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
بۇ سىتەملەر يەتكەنى، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
بۇ باشىمنىڭ قاتقانى، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
مۇندايىن بولغانىمىز، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
بۇ جەفالار چەككەنىم، بارچە فەلەكىنىڭ گەردىشى.

ھۆرى جەننەت بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
ماھى تەلئەت بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،

---

[1] ئەسەردە «پەرۋىز» «خۇسرەۋ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئالمىشىپ كېلىدۇ، «خۇسرەۋ» ئەسلىدىكى «پەرۋىز»نى كۆرسىتىدۇ.

ئۈدۈ ئەنبەر بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
شەمسۇ قەمەر بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
تەقدىرى ئەللاھدۇركىم، بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئولكى بىر مەريەم ئىرۇر يۈز مىڭتە مەريەم بولسەمۇ،
جەننەتۇل ـ مەئۋا ئىچىندە ھۆرى جەننەت بولسەمۇ،
كوھىقاف ئىچرە پەرىلەر شاھى خۇررەم بولسەمۇ،
ھۆر ئەينلەر ئىچىندە ئارتۇق مەھرەم بولسەمۇ،
تەقدىرى ئەللاھدۇر، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

سىز ئىرۇرسىز ئەي نىگارىم، ھۆسن ئېلىگە پادىشاھ،
بەخت ماڭا كۆرۈنمەس، ۋاي، ئىشىمدۇر ئاھۇ ۋاھ،
كۆپ غەزەب قىلماڭ، بىزى يار، بىزدە يوقتۇر ھېچ گۇناھ،
ھەسرەتىڭدە دائىما بىزلەر ئىرۇرمىز غەمزەداھ،
كايىماڭ بىزدىن، يارىم، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئۇشبۇ دۇنيا نازەنىنى تارى مۇيىڭ سەدقەسى،
بۇلبۇلى گويەندەلەر بىر گۇفتىگويىڭ سەدقەسى،
گۈلشەن ئىچرە كۆپ چەمەنلەر ئاي يۈزۈڭنىڭ سەدقەسى،
خەنجەرى خۇنرىزلەر بىر كىفىرىككىڭنىڭ سەدقەسى،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

سەن قاچان بولدۇڭ مۇيەسسەر، مەن فىدا جان قىلمادىم،
باشىڭىزدىن دەم بەدەم لەئلۇ زەبەرجەد ساچمادىم،
باغلابان بەلگە كەمەر خىزمەتدە دائىم تۇرمادىم،
نە ھۆكۈمەت ئەتتىڭىز جان بىرلە ئانى قىلمادىم،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

خىزمەتىڭدە نەچچە كۈنلەر قۇل بولۇپ تۇردۇم بارىپ،
ئۆلتۈرۈر ئىردۇم غۇلاملارنىڭ قاتىدە سارغارىپ،
چۈن غۇلاملارنىڭ ساڭا ئىردى يەقىن، مەن بىر غەرىب.
ئۆلتۈراردىم زار يىغلاپ خەلق ئىچىندە مۇزتەرىب،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئۆزىڭىز ھۆكم ئەتتىڭىز: كەتكىل، بۇ يەردە يۈرمەگىل،
شاھ سەن، بىر مەن ئۈچۈن گەدا سىفەتلەر يۈرمەگىل،
سەن گەداسەن، شاھدۇرمەن، ۋەسل ئۈمىدى ئەتمەگىل،
بار، كەتكىل يۇرتىڭە، قەقنۇس يەڭلىغ ئۆرتەگىل،
كايىماڭ، يارىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى؟

مەھزۇنا، كۆپ سۆزلەمە، فەلەكدە نە ھەد باردۇر،
ئاشىقى بىچارىلەرگە ھەق ئۆزى، بىل، باردۇر،
ھەق ئۆزى يار ئولماسە، ئالەم بارى بىكاردۇر،
بارچە ئالەم ئەھلىغە ئاخىرى ئەجەل باردۇر،
بۇ فەلەكتىن كۆرمەڭىز، بارچە خۇدايىمنىڭ ئىشى.

ئەلقىسسە، شاھ خۇسرەۋ بۇ مەكتۇپنى شىرىنگە ئەۋەتتى. شىرىن مەكتۇپتىكى سۆزلەرگە ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدىكى ئاشىقى پەرھاد ئىدى. شىرىن: «سىنىڭ مەريەمىڭ بولسا، مىنىڭ ئاشىقىم پەرھاد بار» دىگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يىزىپ خۇسرەۋ پەرۋىزگە ئەۋەتتى. مەكتۇپقا يازغان بىيىتى تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر مەريەمنى ئالساڭ، پەرھادى ساھىبقىرانىم بار،
ساڭا مەريەم تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،

کی مەندىن سەن كېچەر بولساڭ، مېنىڭ ئۇل پەھلىۋانىم بار،
ساڭا مەھبۇب تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،
ساڭا تاپىلسە بىر مەھبۇب، مېنىڭ ئۇل شەھسەۋارىم بار،
كۆڭۈل خۇشھال بولغاي، ئۇل شەھى سەرۋى رەۋانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن كېلىپ چىن شەھرىدىن ئەفسانە بولمىش ئۇل،
تاپالماي ۋەسلىمى ھىجران ئارا ئەۋۋارە بولمىش ئۇل،
ئاڭا مەريەم تاپىلسە مەيلىكى، پەرھاد جانىم بول،
مېنىڭ داغى فىراقىمدە يەنە دىۋانە بولمىش ئۇل،
كېزىبان تاغۇ چۆللەرنى يەنە دىۋانە بولمىش ئۇل،
ئالارنىڭ مەريەمى بولسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن غېرىب بولۇپ كېلىپدۇر چىنى خاقاندىن،
ئانىڭ باشىغە تۇشمىش سەۋدا ئانداغ ئاھۇ ئەفغاندىن،
كى بولمىش يارىمە ھەمراھ بولمىش ئاھۇيى مۇشكىن،
ئانىڭ باشىدە چەرخ ئۇرمىش نەچە ھەق كەۋكەبۇ تەردىن،
ئاڭا مەئشۇق تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىكى، پەرھاد خانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن غەرىب بولمىش فىدا جانۇجەھان ئاڭا،
ئانىڭ ئۇچۇن فىدا بولدۇم تۆكۈپ يولىغە قان ئاڭا،
فىدا قىلدىم ئاڭا مەن بولسە يۈز سەرۋى رەۋان ئاڭا،
قىلۇرمەن كۆكسۇمى باسماققە بىر گۈلىستان ئاڭا،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىگەكىم، ئاشىقانىم بار.

بۇ سۆزلەرنى بىتەر مەھزۇن، ئالار رۇھىنى شاد ئەيلەر،
ئالارنىڭ ھەسرەتىدە ھەر زەمانى ئاھ ئۇرۇپ يىغلار،

دۇۋەت بىرلە قەلەم ئالىپ بۇ يولدە بىلىنى باغلار،
تىلەپ مەدەد ئالاردىن ئول زەمانى ئىلتىجا ئەيلەر،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىگە، ساھىبقىرانىم بار،
ئالارغە يار تاپىلسە مەيلىگە، پەرھاد خانىم بار.

ئەلقىسسە، شاھ خۇسرەۋ بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ پىراق ئو-
تى ئۆلغىيىپ، زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

جەھان، جانا، جەمالىڭگە تەسەددۇق،
دىلۇ جان ماھى رويىڭگە تەسەددۇق،
چەمەندە سەرۋى شەمشادى سەنەۋبەر،
سېنىڭ مەۋزۇن نىھالىڭگە تەسەددۇق.
كۆرەرمەن تەن ئارا جانىن كەرامى،
بولۇر ھەر كۇن ۋىسالىڭگە تەسەددۇق.
لەبىڭ سەر چەشمەسى ئابىھەياتدۇر،
خىزىر خەتتى خەيالىڭگە تەسەددۇق.
قالىپ ئېردى ۋۇجۇدىمدىن خەيالى،
جەھان جاھى جەلالىڭگە تەسەددۇق.
لەبىڭ ھەجرىدە زەھرى غەم يۇتارمەن.
يۈزۈڭ سەھنىدە خالىڭگە تەسەددۇق.
كۆڭۈل ئايىنەسىدە جۇش ھەسرەت،
جەمالى بىزەۋالىڭگە تەسەددۇق.
ئېرۇرسەن ھۆسن مۇلكىنىڭ ئەمىرى،
بۇ ھۆسنىڭگە مېنىڭ جانىم تەسەددۇق.
سېنى دەپ بىۋەفالاردىن كېچەرمەن،
جەمالىڭ شەمئىگە جانىم تەسەددۇق.
بۇ مەھزۇن سۆزلەرىدۇر شىرى شەككەر،
شېرىن جانىم جەمالىڭگە تەسەددۇق.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ پەرۋىز ئوقۇغان بۇ بېيىتنى مەرىيەم ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ: «جاۋابىمنى بەر» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايا شەھزادە، مەنزۇر بولماسام، بول دەم جەۋابىم بەر،
كى راھەت كۆرمەسەم سەندىن، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
كى ئىشرەت تۇزمەسەم سەندىن، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
بەرابەر بولماسام ساڭا، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
ئايا شەھزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى مەن خانىم دېسەم سېنى، كى خانىڭ بار ئىكەن بىلمەم،
كى مەن يارىم دېسەم سېنى، كى يارىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
كىم مەن جانىم دېسەم سېنى، كى جانىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
كى سۇلتانىم دېسەم سېنى، كى خانىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
ئايا شەھزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

ئاتام رۇم پادىشاھىدۇر، كى سەندىن كەملىگىم بارمۇ؟
يەنە ئەركانى دەۋلەتدەكى سەندىن كەملىگىم بارمۇ؟
ۋە يا ھۆسنى مەلاھەتدەكى سەندىن كەملىگىم بارمۇ؟
ئايا شەھزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

يەمەن شەھزادەسىدۇرسەن، كى رۇم شەھزادەسىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ تۇتىسى بولساڭ، ئېرەمنىڭ بۇلبۇلىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ زۇبدەسى بولساڭ، يەمەن ئەرزەندەسىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ ياخشىسى بولساڭ، ئېرەمنىڭ سەرۋەرىدۇرمەن،
ئايا شەھزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى رۇمنىڭ سەن گۇلى بولساڭ، ئېرەمنىڭ چەمەنىدۇرمەن،
يەمەننىڭ گۇلشەنى بولساڭ، خوتەننىڭ نافەسىدۇرمەن،

هورمۇز شاھ گەۋھەرى بولساڭ، بىرەۋنىڭ ئەركەسىدۇرمەن،
ئايا شەھزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى مەھزۇن سۆزلەرى ئولدۇر: داۋام روھلارنى شاد ئەتسەم،
كۆزۈمنىڭ نۇرىنى خەرج ئەيلەبان دەفتەرلەرىن بىتسەم،
كى جانىم بىلە دائىم ئالارنىڭ يادىنى قىلسەم،
مەدەد ئەيلەپ پىرىم مەۋلەۋى جامىدىن قەلەم تارتسەم،
جەھانى بىۋەفايىدىن ئۇمىدىم بار، جەۋابىم بەر،
قالىپ يوللاردە مەن ھەيران باغدا ئەر جەۋابىم بەر.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە شاھۇ نە گەدالىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە گۇل ھەم گۇلئوزارلىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، غەرىبى ناتەۋانلىغ بار؟
ئۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە ئەيبۇ نە ئۇياتلىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، غەم ئىلە مۇبتەلالىغ بار؟

بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ھۆسنۇ نە مەلاھەتنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياخشى، نە يامانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە خوردۇ نە كەلانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە غۇربەت، ئاشنالىقنى،
بۇ ئىشق بازارىدە خانىم، نە ئەيبۇ نە ئۇياتىم بار؟

بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ئەقلۇ بىئەقلىلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياشۇ نە قەرىلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر چىرايلىق نە چىرايلىقنى،

بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياخشى، نە يامانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە ئەيىبۇ نە ئۇياتىم بار؟

بۇ ئىشقنىڭ يولىدە نەچچە شەھەنشاھلار گەدا بولدى،
بۇ ئىشقنىڭ يولىدە نەچچە ئەزىزلەر خارۇ زار بولدى،
ئۇ ئىشقنىڭ يولىدە نەچچە گەدارلار پادىشاھ بولدى،
ئۇ ئىشقنىڭ يولىدە ئۇل شەيخ سەنئان خوكبان ئولدى،
بۇ ئىشقنىڭ يولىدە ھەم ياخشىلىق بار، ھەم يامانى بار.

بۇ مەھزۇن بىنەۋادۇر ئۇل ئۆزى خوبلارە يار ئولدى،
جاھاننى ئاختارىپ تاپماي، يولىدە ئىنتىزار ئولدى،
تاپارمەن دەپ بۇ يولنى كىچە - كۈندۈز دىلفىگار ئولدى،
بۇ ئىشقنىڭ يولىدە نەچچە بۇ مەھزۇن ئاھۇزارى بار.

ئىسىز ساھىبقىران تاغ ئىچرە يەرگە ئاشنا بولدى،
ئانىڭ نەرگىس كۆزى سۇزۇلدى ئۇل دەم جاننى بەردى،
ئەجەلنىڭ دەستىدە پەرھاد خان ئاندا غەرىب ئولدى،
ئۇ ئىشق ئوتى بىلە ياندى ئۇشۇل يەردە شەھىد ئولدى،
ئانىڭ مېھنەتلى جانى ئۇل زەمان ئەرشى ئەلا كەتتى.

خۇدانىڭ ئاشىقى ئېردىكى يار ۋەسلىگە ئۇل يەتتى،
ئۇ شۇنداق شاھى پەرھاد قالدى ھەيۋانلار ئاراسىندە،
بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتتى رەقىبلەرنىڭ جەفاسىندە،
ئەزىز ئۆمرى ئەدا بولدى بۇ ئىشقنىڭ ماجىراسىندە،
ئۇشۇل شەھزادە چىن قالدىكى تاغلارنىڭ ئاراسىندە،
ئانىڭ مېھنەتلى جانى ئۇل زەمان ئەرشى ئەلا كەتتى.



شاھ خۇسرەۋ يۇقىرىقى بېيىت بىلەن مەلىكىنىڭ كۆڭ-لىگە تەسەللى بەردى.

ئەمدى پەرھادتىن سۆز ئاڭلايلى: ئەلقىسسە، پەرھاد تاغۇ تاشلار ئارىسىدا ئاھۇ پىغان چېكىپ يۈرەتتى. ھەر جۈمە كۈنى شېرىنىنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بەزمىسىگە قاتنىشىپ يەنە ھوشىدىن ئايرىلغان ھالدا تاغلارغا چىقىپ كېتەتتى. خۇسرەۋ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ: «پەرھادنى ئۆلتۈرۈپ، شېرىنىنىڭ شې-خىنى سۇندۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ۋەزىرلەر خۇسرەۋگە مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— مۇنداق دېيىشكىز بولماس، ناھەق قان تۆكۈش ئىنساپ-تىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىر ئاشىق، ئۇنىڭغا جاپا سالسا بولماس.

خۇسرەۋ سورىدى:

— بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

— پەرھادنى ئەكېلىش لازىم، ئۇنى بىر قىيىن ئىشقا سېلىپ ھيلە ئىشلىتىش كېرەك.

— ئۇ كېلەرمۇ؟

— شىرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەلسەڭ، دەپ چاقىرساق كېلىدۇ.

خۇسرەۋ ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پەرھادنى چاقىرىپ كېلىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئادەم ۋەزىرلەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە شىرىننىڭ نامىنى ئاتىغانىدى، پەرھاد بۇ نامنى ئاڭلىغان ھامان يۈزى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ، ئىختىيارسىز يولغا چۈشتى، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئوردىسىغا يەتتى. پەرھاد ھەقىقىي ئاشىق ئىدى. شىرىن دېسە، ئاغزىدىن پۈتۈن چىقاتتى.

خۇسرەۋ پەرھادنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. پەرھاد جاۋاب بەردى:

— ئەي پەرھاد، ئالدىمغا كېلىپ ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى سېنى ئۆلتۈرىمەن.

— ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ئارزۇسى ئۆلۈمدۇر.

— سېنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن.

— مەن دائىم ئوت ئىچىدە كۆيۈپ يۈرىمەن.

— سېنى زىندانغا تاشلايمەن.

— ئاشىقنىڭ جېنى زىنداندا.

— سېنى زەنجىر بىلەن باغلايمەن.

— يارنىڭ چېچى زەنجىر بولۇپ بوينۇمنى باغلىغان.

— سېنى دەرياغا تاشلاپ سۇغا غەرق قىلىمەن.

— ئۆزۈممۇ ئىشق دەرياسىغا غەرق بولغان.

— بېشىڭنى كېسىمەن.

— بېشىم شىرىننىڭ يولىغا كېسىكلىك، غانجۇغىسىغا ئېسىقلىق.

— قېنىڭنى تۆكىمەن.

— قېنىم يار يولىغا چېچىلغان.

بۇ مۇنازىرىنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر:

— شاھ بىلەن مەجنۇن تەڭ ئەمەس، ئەي شاھ، سۆزنى قىسقارتىڭ، پەرھادنى بىرەر خىزمەتكە سېلىپ، تاماشا قىلىڭ، — دېدى.

خۇسرەۋ پەرھادقا قاراپ:

— ئەي پەرھاد، شىرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەندىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ جايدا بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئارقىسى دەريادۇر. شەھىرىمىزدە بولسا سۇ كەمچىل، ئاشۇ تاغنى كېسىپ دەريا سۈيىنى شەھىرىمىزگە باشلاپ بەرسەڭ، — دېدى.

پەرھاد «شىرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال مېتىن، كەكە ۋە پالتىلارنى ياسىدى. ھەربىر سايمىنى نەچچە پاتمان كېلەتتى. ئۇ سايمانلارنى ئېلىپ تاغقا راۋان بولدى. تاغقا يېتىپ بېرىپ، دەرھال ئىشقا كىرىشتى. تاغقا ھەربىر كەكە چاپقىنىدا تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشلار لايدەك كېسىلەتتى. تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا، چىللىنىڭ سوغۇقىدا جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ تاغنى چېپىشقا مەشغۇل بولدى.

خۇسرەۋ كۆڭلىدە: «پەرھادنى جاپاغا سېلىپ، شىرىننىڭ شېخىنى سۇندۇردۇم» دەپ خۇشال بولدى.

ئەمدى گەپنى شىرىندىن ئاڭلايلى: پەرھادنىڭ رۇم شەھىرىدىن ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن شىرىن ئەتراپىدىكىلەرگە:

— پەرھادىم كەلمىدى، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ — دېدى.

— پەرھادنى خۇسرەۋ تاغ كەسكىلى سالدى، پەرھاد خۇسرەۋنىڭ شەھىرىگە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن تاغنى چې-

پىۋاتقۇدەكمىش، — دېدى ئەتراپىدىكىلەر. بۇ سۆز شېرىنگە قاتتىق تەسىر قىلىپ:

— مەن بېرىپ پەرھادىمنى كۆرۈپ كېلەي، ئېتىمنى تەييارلاڭلار، — دېدى. خىزمەتچىلەر قارا ئاتنى ئېگەرلىدى. مەلىكە شېرىن قوينىغا بىر شېشە شارابنى سېلىپ، دەرھال ئاتقا مىندى. بىرمۇنچە لەشكەرلەر شېرىن بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. شېرىن رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ پەرھادنىڭ رىيازەت چېكىۋاتقانلىقىنى، شېرىننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئاھ تارتىپ تاغقا پالتا سېلىۋاتقانلىقىنى، تاغنى لايدەك كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەرھادنىڭ تاشلارغا ئۇرغان مىتىنىدىن چاچراپ چىققان تاش پارچىلىرى ئەتراپقا تولۇپ كەتكەنىدى. شېرىن ئاشۇ تاش پارچىلىرى ئۈستىدىن كېلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۇتلىرى تاش پارچىلىرىغا پېتىپ قالدى.



پەرھاد ئارقىسىغا قاراپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئېتىنىڭ پۇتلىرى شېغىل تاشقا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ پالتىسىد-

نى تاشلاپ، دەرھال شىرىننىڭ ئالدىغا چاپتى. پەرھاد شىرىنـ-
گە تەزىم بەجا كەلتۈردى. شىرىن:

— ئەي پالۋان، بۇ شارابنى ئىچىڭ، — دەپ قوينىدىن
شىشىنى چىقىرىپ پەرھادقا سۇندى. پەرھاد شارابنى ئىچىپ،
ئىختىيارىنى يوقاتتى. ئۇ شىرىننى ئىتى بىلەن يەلكىسىگە
ئالدى - دە، تاغنىڭ ئىرىسىغا ئاچىقتى. چىپىلغان ئۈستەڭنى
كۆرسىتىپ، شىرىننى تاماشا قىلدۇردى. بۇنى كۆرۈپ شىرىنـ-
نىڭ پەرھادقا بولغان مۇھەببىتى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە
كۈچەيدى. ئاندىن كېيىن شىرىن قايتماقچى بولدى. ئۇ پەر-
ھادقا: «ئەمدى خوش قېلىڭ، باھادىر» دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:



ئەي مېنىڭ باھادىرىم، ساھىبقىرانىم، ياخشى قال،
رۇستەمى داستانىم، پەھلىۋانىم، ياخشى قال،
جانىم ئىچرە جاي بولان، ئەي ماھىتابىم، ياخشى قال،
شاھزادەئى چىنى خاقان سۇلتانىم، ياخشى قال،
ئاشىقىم ھەم لايىقىم، ھەم گۇلىستانىم، ياخشى قال.

مەن ئۇچۇن تاشلاپ كېلىپ سەن چىنى خاقان تەختىنى،
باشىغە قويغان خۇدايىم ئېردى شاھلىق تاجىنى،
كۆرمەدىڭ ئۆز شەھرىڭ ئىچرە دەۋرى - دەۋران مەۋجىنى،
ئالار ئېردىڭ مەملەكەتلەر، بەندەلەردىن باجىنى،
شاھ ئىدىڭ، ئاخىر گەدا بولغان نىگارىم، ياخشى قال.

كاشكى بولساڭ ئىدىڭ سەن شاھ، مەن بولسام كەنىز،
بۇ فەلەكنىڭ گەردىشىدىن ئۇركىمىم، ئايا ساھىب تەمىز،
ئىككىمىزنىڭ ئۆمرىمىزكىم بولدى ئاخىر كۆپ ئىسىز،
بۇ سىفەت بىرلە يۇرۇپ شاھىم نە يەرگە يېتەمىز،
ئەي ئەزىزىم، شاھۇ سۇلتان، شەھسەۋارىم، ياخشى قال.

ئېردىڭىز شاھزادەسىز، بۇ يەردە خار ئولماق نېچۈن،
پادىشاھلىق تەختىنى تاشلاپ گەدا بولماق نېچۈن،
شاھى خاقان زۇبدەسى بۇ يەردە تاش كەسمەك نېچۈن،
چىن شاھىن ئەرزەندەسى مۇنداغ جەفا كۆرمەك نېچۈن،
ئەي ئەزىزىم، ئالىي جاھىم، سۇلتانىم، ياخشى قال.

سەن كەبى كەلمەس جەھانغە باز بىر ساھىبقىران،
مىڭ فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جاھەنىم بۇ زەمان،
بىلمەگەيلەر ئىككىمىزنىڭ ھالىمىز، كۆپ ئاقىلان،

يار بولسۇن سىزغە يارىم ئۇل خۇدايى مۇستەئان،
پادىشاھىم نامدارىم، غەمگۇزارىم، ياخشى قال.

ئايدى مەھزۇن: دوستلار، ئەقلىم مېنىڭ ھەيران ئېرۇر،
شەھرى چىن بۇ شەھرى ئىچرە نە سەبەب سەرسانەدۇر،
بۇ شېرىن دىلجو ئۈچۈن بۇ ئىككىمىز گىريانەدۇر،
ئۇ ئەزىزلەر فۇرقەتىدە تەندە جانىم يانەدۇر،
مەن كېتەرمەن بۇ جاھاندىن، ئاشىنالار، ياخشى قال.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيىتنى ئىشىتىپ تاقەتسىزلەندى. كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان تۆكتى. شېرىن لەشكەرلەر بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. پەرھاد يىغان قىلغانىدى. ئۇنىڭ يىغانىغا جانىۋارلارمۇ قوشۇلۇپ يىغلاشتى. پەرھاد خوشلىشىپ، شېرىنگە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن نېچۈك تاقەت قىلاي، شېرىنى شەككەر، ياخشى بار،
ئۆرتەدى جىسمىمدە جانىم، ماھى پەيكەر، ياخشى بار،
ئەي مېنىڭ جانىمغا قويدۇڭ، بولدۇم ئەخگەر، ياخشى بار،
نازىنىنلەر ئىچىدە، ئەي نازىنىنىم، ياخشى بار،
ئەي گۇلۇمنىڭ بۇلبۇلى ھەم ماھتابىم، ياخشى بار.

گەر سېنى شېرىن دېسەم ئاڭا شەكەرى جانچە بار،
سەن ئۈچۈن چەكسەم جەفا جەننەت ئىچرە يۇرگەنچە بار،
مىھنەت ئەتسەم سەن ئۈچۈن گۇلشەن ئارا كەزگەنچە بار،
بويۇران ئەمرىڭ ماڭا دۇررى گۆھەر تەرگەنچە بار،
ئەي ئەزىزىم، دىلبەرىم، سەرۋى رەۋانىم، ياخشى بار.

ئەي نىگارا، سەن كېتەرسەن، باز بىر كۆرگەيمۇ مەن،

بۇ لەتافەتلىك يۈزۈڭگە باز بىر تويغانمۇ مەن،
ئالدىڭە بارىپ يەنە خىزمەت قىلىپ يۈرگەيمۇ مەن،
بۇ سەفەر كۆردۇم، نىگارا، كۆرمەيىن ئۆلگەيمۇ مەن،
ئەي كۆڭۈل ئارايىشى سەرۋى رەۋانىم ياخشى بار.

ئەي شىرىن شەككەر قىلىپسەن يۈرەكىمنى چاك ـ چاك،
ئافتابى خاۋەرىسەن، بىزنى قىلدىڭ دەردناك،
رۇستەم ئىردىم، ھەسرەتىڭدە بولدۇم ئەمدى ۋەھمناك،
بۇ سىتەملەر بىرلە بولدۇم، يارىم، ئەمدى مەن ھەلاك،
ئەي مېنىڭ جانىم ئارادە گۈل ئۈزارىم، ياخشى بار.

بولدى نامىم فەرھاد ھەمراھ ماڭا پەرياددۇر،
بۇ كېلىپ كەتكەنىڭ، ئەي يارىم، كى خەيرى باددۇر،
ھەر كىمى ئايدى بۇ سۆزلەرنىكى كۆڭلى شاددۇر،
ئىككىمىزنىڭ ھالىمىز بولدى مەگەر بەربادۇر،
مەھزۇنى بىچارە ئايتۇر: يارى جانلار، ياخشى بار.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيتنى ئوقۇپ، شېرىننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغىنىچە كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشى دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندىنمۇ ئېغىر چۈشتى. پەرھاد مۇھەببەت ساقىيسى تىللا قەدەھتە تۇتقان شارابنى ئىچىپ مەست بولغىنىنى شەرھلەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئىشق ساقىيسى كېلىپ بەردى بۇ كۈن جام ماڭا،
غۇنچەئى دەردى ئەلەمدىن نەچچە پەيغام ماڭا،
چەرخدىن يەتتى زەرەر سۇبھى بىلە شام ماڭا،

شىر ئورنىغە بېرىپدۇر زەھرى كام ماڭا،
ۋەھشەتى كۆڭلۈمە نە سەبرى، نېدۇر ئارام ماڭا.

بۇ نېچۈك ئوتكى، ئورار سۇ ئىلە تۇفراقغە شەرار،
تاش ئەگەر ئېرۈركى يار مۇنچە كۆيدۈرمەكى بار،
زەررەدەك جىسمىمنى ياندۇرماق ئۇچۇن ماھ غەددار،
ئاچتى ياز ۋەئدە بېرىپ، ۋەئدەسى ئول خام ماڭا.

ئىشقىدىن مۇنچەكى ئافەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
ياشلىقىمدىن سىررى مېھنەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
يۇتقانىم قاندۇر، مەن ئىللەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
ئەقىلدىن قالمادى زەررە بىر سەرى ئەنجام ماڭا.

ناگەھان بىر بۇتى نەۋرەستەغە چۈشتى گۇزەرىم،
پايىبەند ئولدىكى ئاندىن ئۆتەلمەي نەزەرىم،
رام جىسمىمدىن ئاچىپ چەشمەئى خۇن جىگەرىم،
بەس بەرابەر كۆرۈنۈر كېچەيۇكۈندۈز ماڭا.

بەردىلەر ئۇستادى تەر ماڭا تەئلىمى ۋەفا،
خاب ـ خور ھاجەت ئەمەس خۇنى جىگەرلەرغە رەۋا،
يەتكۈرۈرمۇ بۇ سۆزۈم يارى ئەزىزىمگە سەبا،
دېسە جانىمكى ئۇشۇل مەھزۇنى ئەفگار ماڭا.

مەھزۇن سەن ئېرۇرسەن بۇ جەھان غەمزەدەسىدىن،
كۆردۈڭ نە ئەجەب دۇنيەنى كۆپ دەغدەغەسىدىن،
بول كۇن ئۇچار ئولسە بۇ جانىڭ قەفەسىدىن،
بۇ سۆز ھەمەسى ھەزرەتى ئىشىن نەفەسىن،
ۋاي، ۋاي، بۇ ئالەم ھەمەسى بىھۇدە ماڭا.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيىتلەرنى ئوقۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ تاقىتى ـ تاق بولغانىدى. ئۇ شېرىنىنىڭ نامىنى يادلاپ تاش چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەرھاد جۇدا بولغالى شېرىن ھەرەمىگىدىن،
ھەر يان يۈگۈرۈر چۆن سېنىڭ سەۋدايى غەمىگىدىن،
ئۈمىد ئېتىبان ۋەسلىگە لۇتفى كەرەمىگىدىن،
سەرگەشتە كېزەر ئېردى سەر ئەلتاق خەمىگىدىن،
تاغلار كېسەدۇر پەرھاد، سېنىڭ ئەلەمىگىدىن.

بىلمەس كىشىلەر ئانى قاي تەرىقە گۈزەر گاھ،
بەس سايەسىدۇر مەھرەمى غەم، ھەمدەمىدۇر ئاھ،
كىم قايىسى گۆرىستانغە تىكىلدى ئاڭا خىر گاھ،
نە تۇشە ئالىپدۇر، نە تون راھىلەئى راھ،
تاشلار كېسەدۇر پەرھاد، سېنىڭ ئەلەمىگىدىن.

بىرنەچچە زەمان ئېردى نالەئى ئەفغان، پەرھاد بەلاكەش،
جانلار ئېزىلىپ غۇسسە بىلەن ۋالەئى ھەيران، پەرھاد جەفاكەش،
باغرىدە جەراھەت، كۆزى گىريان، ئۆزى نالان، پەرھاد سىتەمكەش،
نە ئاتا ۋۇ نە ئانا ئانىڭ دەردىغە دەرمان، پەرھاد ئەلەمكەش،

ئەۋۋارە بولۇپدۇر فەرھاد سېنىڭ ئەلەمىگىدىن، پەرھاد ئەلەمكەش،
ئىشق پەردەسىن ئاچتى كۆزىدىن، كەتتى ھەياسى، پەرھاد جەفاكەش،
جانىغە توشۇپ ئول كۆنى ئالەمنىڭ بەلاسى، پەرھاد بەلاكەش،
قايدا يېتەدۇر، بىلمەدىم فەرھاد نەۋاسى، پەرھاد ھەياكەش،
باشىدە ئانىڭ مۇرغى بەيابان ئۇياسى، پەرھاد بەلاكەش.

ئالىم دېدى: ئاشىق ئېلى بىر دەم تۇرائالماس،
كىم قايدا قالىپدۇر، ئانى ھېچكىم بىلەئالماس،
تاقەت كەلتۈرۈپ سەبر ئىلە ئارام ئالائالماس،
بۇ ھەسرەتى ئوت كۆكسىدە مەھزۇنى بەلاكەش.

ئەلقىسسە، پەرھاد شىرىنىنىڭ نامىنى ئېيتىپ تاغقا پالتا ئۇراتتى. ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كۈچى بىلەن تاغنى گوياكى ئوتتۇن يارغاندەك ياراتتى. تاغدىكى كېيىكلەر، شىر ـ قاپلانلار پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى. كەپتەرلەر ئۇنلەپ، بېشىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچاتتى. ئۇنىڭ تاشنى لاي كەسكەندەك كېسىشى تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن ئىدى. پەرھادنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى قەلبىدە جۇشقۇنلىنىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كېلىڭ، ئاھۇ غەزالىيلەر، بولايلۇق بۇ زەمان ئۇلفەت،
كى يار يۈزىنى كۆرمەكدىن بۆلەك ھېچ بارمۇكىن راھەت،
يېتەرنى ئارزۇ قىلسام، يېتەدۇر شول زەمان كۇلفەت،
مېنى ئەۋۋارەلەر قىلدى بۇ شىرىن يولىدە فۇرقەت،
ئەگەر سەن بەرمەسەڭ فۇرسەت، كى مەندە يوقتۇرۇر قۇربەت.

خۇداۋەندا، شىرىن دەرمەن سىنىڭ نامىڭ ماڭا شىرىن،
تاپارمەنمۇ شىرىن ۋەسلىنى بۇ كۆڭلۇم تولا مەھزۇن،
كى شىرىن ھەسرەتىدە بۇ ئەلىف قەددىم بولۇپدۇر نۇن،
شىرىن دېسەم، شىرىن دېسەم، تاپارمەنمۇ ئاخىر مەھبۇن،
كۆرەرمەنمۇ، خۇداۋەندا، ۋىسالىنى تاپىپ فۇرسەت.

شىرىن دەرمەن، شىرىن دەرمەن، تىلەكىمدۇر سىنىڭ ۋەسلىڭ،
ئەگەر يۈزىڭ مىڭ جەفا بەرسەڭ بۇتەرمەن مەن سىنىڭ ئەمرىڭ،



کی ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان بىر سېنىڭ ھۆكمىڭ،
بىزنىڭدەك مۇرى ـ لەڭنى شىر قىلغان بۇ سېنىڭ ئىشقىڭ،
ئىلاھا، ساڭا ئەرزىم شول ـ قىلۇرمۇسەن مېنى رەھمەت.

کی تەقدىرى خۇدا بولسە ئانى ئەسلا بۇزۇپ بولماس،
قەلەمدە كەتكەن ئىشلارنى بۇزۇپ ئۆزگە قىلىپ بولماس،
ئەگەر سەن تۇزمەسەڭ يولنى بۆلەك ھېچكىم تۇزۇپ بولماس،
كی سەن ئەمر ئەتكەن ئىشلارنى كىشى ئەسلا قىلىپ بولماس،
خۇدايا، سەن بۇ مەھزۇن ھالىغە كىم ئەيلەگىل رەھمەت.

ئەلقىسسە، پەرھاد بىرقانچە ۋاقىت تاش كەستى. بۇ جەر-ياندا كۆزىدىن ياش ئورنىغا دولقۇنلاپ قان ئاقتى. ئۇ ھەربىر تاشقا «شېرىن» دەپ پالتا ئۇراتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بىرقانچىسى كېلىپ پەرھادنىڭ تاش كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار: «پەرھاد ساراڭ بولمىسا، بۇ ئىشنى قىلارمىدى» دەپ كۇ-لۇشتى. پەرھاد ئۇلارغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇ-دى:

رەمىدە قىلدىلار ھاكىم كۆرۈپ بىگانە ئورنىدىن،
ئەگەر سۇ دامەنىن تۇتتۇم، رەۋان قايتاردى يۇزىدىن،
كۆڭۈل ھەم تۇتماغىل ئەمدى سەرەنجام ئىچرە كۆزىدىن،
دىمەڭ، ئەي ناسىھ ئەھلى، بەخت ـ ئىقبالىمدە سۆزىدىن.

ئۇنۇتدى تىيرە ئەقلىم، گەر دېدى ناسىھ يۇزىن يۇز گەز،
ئويانماي خابىدىن بەختىم تەۋاف ئەتمەي يۇزىن يۇز گەز،
ماڭا كەلتۇردى گەردۇن تىيرە بەختىم يۇلدۇزىن يۇز گەز،
جەھاندە قالمادى مەندىنمۇ كۆپ جەبرى ـ جەفا، مەندىن.

ماڭا ھېچ قالمادى گەردۇن جەفاسىن جۇرمىنى كەم ـ كەم،
كۆڭۈل دەردىگە سوردۇم، يەتمەدى ئەھبابدىن مەرھەم،
غەمىم شەرھىگە ئىزدەپ تاپمادىم بىر مۇنىسى ھەمدەم،
مۇكەددەر خاتىرىمدىن قالمادى ھېچكىمسە دەفئى غەم،
بۇ نە جەبرۇ جەفادۇركىم، يارانلار، سورماڭىز مەندىن.

سورارغە ئەھلى دىل يوق بۇ جەزا بىر ئەھلى ئالەمدىن،
ۋەفالىق يارى ھەمدەم تاپمادىم ئەۋلادى ئادەمدىن،
زەھەرگە دوندى ئالەم شەۋق ئىلە پەريادۇ نالەمدىن،
يارانلار، ئەيىب قىلماڭ يۈز ياشۇرسام ئەھلى ئالەمدىن،

نەدىن، كىمدىن جەفا كۆردۈم ۋەفالار كۆردى ئول مەندىن.
كىشى باشىغە تۈشكەن بولسا ئىشق ئاندىن دەۋا سورماڭ،
نەچە تۈرلۈك سۆخەن بىرلەن ھەرگىز ئىزا بەرمەڭ،
فەلەكنىڭ چەرخىدىن كەلگەن جەفادۇر، ئاڭا رەڭ بەرمەڭ،
ئەدا بولدى نىگارىنى يولىدە ئاندىن رەڭ بەرمەڭ،
كىمىكى سوردى سۆز، ئەمما ئىزالار كۆردى ئول مەندىن.

كى مەھزۇن مۇنچە سۆزلەدىڭ، كى فەرھاد قايدادۇر ھالا،
ئانىڭ روھىغە ئاشىق ئەيلەدى روھىمنى ئول مەۋلا،
ئانى ئىشقىدىن ئەتمىش بۇ دىماغىم ئىچرە ئەنبەرسا،
مەدەد ئىزدەپ يېتەرمەن سۆزلەرىن مەن، ئەي گۈلى رەئنا،
كىمىكى ئاشنا بولدى، ۋەفاسىن كۆرمەدى ئەسلا.

پەرھاد يەنە شېرىننىڭ پىراقىدا زار ـ زار يىغلاپ، بۇ بېـ
يىتنى ئوقۇدى:

قاچانكىم ئەيلەدى ئىشقى ـ مۇھەببەت دىلرەبالەرگە،
فىراق ئىچرە قالىپ مۇڭلۇغ باشىم يۈز مىڭ بەلالەرگە.
قىلۇر ئېردى ئالار چىن ئەھلى دەپ ئەھد ئىلە پەيمان،
پەيامىم ئايت، سەبا، ئول ئەھدى يالغان ئاشنالەرگە،
ئېرۇرسەن پادىشاھى ھۆسن، لۇتفى ئەت، بولدى ئاسارى،
كى ۋاجىبدۇر كەرەم ئەھلى سارى بۇ بىنەۋالەرگە.
كى مۇنداغ باشىمە تۇشتى مۇشكىن زۇلفى سەۋداسى،
قالىپدۇر جانۇ كۆڭۈللەر تۇگەنمەس ماجەرالەرگە.
دېدىم : سۇرسەم يۈزۈم خاكى تەرىڭگە، تەگمەسۇن ئافەت،
دېدى: مۇمكىن ئەمەس يەتمەك مۇنىڭدەك مۇددەئالەرگە،
ھەلاكىمدۇر ئەجەل سەئيى ئەتتى تەگرى ئەيلەمىش تەقدىر،
قىزارغان كۆزلەرى قان ئەتتى كۆڭلۈمنى نەۋالەرگە.
جەھان رەئنالەرىغە بۇ كۆڭۈلنى بەرمەگىز ئەسلا،
غەم ئەندۇھى ئاراده مەن سىفەت بىر مۇبتەلالەرگە.

پەرھاد شېرىننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىرەۋكىم رەشك ئېلتۇرمەن، كەچۇرمەكلىك خەيال ئىچرە،
نە كەچكەي كۆڭلۈمە گەر ئەل بىلە كۆرسەم خەيال ئىچرە.
باغىردە يۈز بەلا نىشى، يۇرەكدە مىڭ فىراق ئوتى،
كىشىنى سالماغىل ئىشق ئوتىغە، يا رەب، بۇ ھال ئىچرە.
كۆڭۈل ھەر لەھزە بىداد ئېتەردىن بىر زەمان تىنماس،
زەمانى يار بىپەرۋالىغىدىن مىڭ مەلال ئىچرە.
تەنىمدە كىسرەتى پەيكان تىغىنى يار ياندۇردى،
ھەم ئول دەمدىن ئېرۇر تىغى يۈزىدىن ئىنفىئال ئىچرە.

تاپىلماس كام ئىلە كۆڭلۈم، غەمىڭدىن ياندى ئانداغكىم،
ئىسكەندەر ئابى ھەيۋاندىن تىنىماي مەھال ئىچرە.
تۈن ئاخشام ئۆيلەكىم بولغاي بۇلۇت ئىچرە قۇياش پىنھان،
كىرەر ئول شام ئۇ گۇلچېھرە شاھى ۋىجدان ئال ئىچرە.
تىلۇ ئاغزىڭ خەيالىدىن گەرچە لال ئۇلۇر تۇتى،
جەدەل ئەھلى مەسەللىك ئۆتتى ئۆمرۈم قىيلۇ قال ئىچرە.

شاھزادە پەرھاد شېرىنىنىڭ پىراقىدە يىغلاپ تەڭرىگە مۇ-
ناجات قىلىپ، يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەر ئېردى ئەندەكى پەرھاد: ۋاي شېرىن، ۋاي شېرىن،
ھەجرىڭدە قىلۇرمەن پەرياد، ۋاي شېرىن، ۋاي شېرىن.
«شېرىن» ئاتىڭنىڭ سەدقەسى، ۋاي، مېنىڭ ئەزىز باشىم،
كاشكى تۆكۈلسە يولۇڭدە، ۋاي، مېنىڭ قىزىل قانىم،
ئۇرمادى دىلۇجانىم ئاھكى ماھى ئەنۋەرىم،

تاش كېسىبان قاپارچىدى، ۋاي، مېنىڭ ئىلىكلەرىم،
ئۆرتەدى شېرىن ئوتىدە، ئاھ، مېنىڭ يۈرەكلەرىم،
قان تامادۇر زەمان - زەمان، ۋاي، مېنىڭ جىگەرلەرىم.
مىسلى تېرەكدەك تىترەشۇر، ۋاي، مېنىڭ يۈرەكلەرىم،
ئۆرتەدى جانۇ دىلىم ھەجرىڭدە ئەي تاجى سەرىم.

ئاھ، نېتەي قىزىل يۈزۈم يولىدە بولدى كەھرەبا،
قايدا ئىكىن، قايدا تۇرار شېرىن دىلجو - دىلرەبا،
شېرىن دېدىم، شېرىن دېدىم، يولىدە بولدى ئۆمر ئەدا،
يارنىڭ يولىغە قىلۇر بولدۇم بۇ دەم جانىم فىدا،
ئۆرتەدى بۇ جان - دىلىمنى، ئاھكى، ماھى ئەنۋەرىم.

ياركى شېرىن ـ شەكەر بولدۇم يولۇڭدە ئەخكەر،
شامۇ سەبا، تۇنۇ سەھەر بارمۇ مېنىڭدەك بىسەر،
مەھزۇن ئېرۇرسەن بىخەبەر، تاپدىڭ خۇدادىن سەن ئەجىر،
تەڭرى بەرسۇن ساڭا، ئەي مەھزۇنى ھەيران، بىر خەبەر،
ئۆرتەدى جانۇ دىلىم ھەجرىڭدە، ئەي تاجى سەرىم.

پەرھاد يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ نالە ـ زارى پەلەككە يېتىپ، يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي خۇدايا، مەن كەبى ئەفتادەلەرگە رەھىم قىل،
باشى قاتقان ئەقلى يوق بىبادەلەرگە رەھىم قىل،
ئۇستىگە تاغلار يىقىلغان دىلپارەلەرگە رەھىم قىل،
ياكى جانىدىن جۇدا غەم بادەلەرگە رەھىم قىل،
مەن كەبى ھەم يۈرەكى سەدپارەلەرگە رەھىم قىل.

بۇ جەھانى بىۋەفاغە ھېچكىم بولماس ئاشنا،
دوست قويماڭ بۇ جەھانغە ئەقلىڭىز بولسە بەنا،
قويماڭىزلار ئاغزىڭىزدىن دائىما ھەمدۇسەنا،
كەلمەگەيسىز دۇنيەغە بىر ئايلانىپ كەلمەس يانا،
يىغلاسۇن مەھزۇن يەنە بىبادەلەرگە رەھىم قىل.

ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، بولدى يۈرەكىم چاك ـ چاك،
خوب ـ خوبانلار كېتىپ بولدۇم بۇ يەردە ۋەھمناك،
بۇ سىتەم بولدى ماڭا ئاشۇ ناندەك ھەم خوراك،
يىغلاسۇن مەھزۇن يەنە، بىچارەلەرگە رەھىم قىل.

ئەلقىسسە، پەرھاد تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلايتتى.

جان ـ جانىۋارلارمۇ پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يىغلايتتى. پەرھاد جانىۋارلارغا قاراپ: «سىلەرمۇ شىرىنگە ئاشىقمۇ، نىمىشقا مۇنچىۋالا يىغلايسىلەر؟» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەر ئىدى پەرھاد: نېچۈن يىغلايسىلەر، ئاھۇلىرىم؟
سەنلەرەم ئول ئاشىقى شىرىن دىلجودۇرمۇسەن؟
شىرۇ قاپلان مۇنچە يىغلاپ ئاھۇئەفغان ئېتەسەن،
سەنلەرەم ئاھۇيدەك شىرىنگە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
تۇرنەۋۇ غازلار نېچۈن يىغلايسىلەر، ئاھۇلىرىم،
سەنلەرەم ئول دىلرەبا، رەئناغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
ئەي كەبۇتەر تارتادۇرسەن كېچەلەر تىنماي فىغان،
سەن ھەمان ئول گەۋھەرى يەكتاغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
دەر ئىدى: كىيىكى خىرامان مۇنچە قەھ ـ قەھ قىلاسەن،
سەن ھەمان ئول رويى ئەنقاغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟

مەن بولۇپ ئاشىقى شىرىن دەشتۇ سەھرا كېزەمەن،
سەن ھەمان ھىجراندە كۆيگەن بىر دىلى ئەفگارمۇسەن؟
كىمكى كۆرسە بۇ شىرىن دىلجونى، بولغاي ۋەھمناك،
سەنلەرەم كۆرۈپ ئانى بۇ يەردە باغرى قانمۇسەن؟
باز شىرىن فۇرقەتى ماڭا ئېرۇر قەندۇ ئەسەل،
سەن ھەمان بۇ زەھرىنى قەندۇ ئەسەل بىلگەيمۇسەن؟

مەنكى بىر ئاشىقى شىرىن، بىر بەلاغە ئۇچرادىم،
مىڭ بەلا، يۈزمىڭ بەلاغە، بىر جەفاغە ئۇچرادىم،
ئول بەلا ئېرمىش ۋەلى ھەم ماسىۋاغە ئۇچرادىم،
بۇلبۇلى گويا بولۇپ ھەم گۈلىستانغە ئۇچرادىم،
سەن ھەمان ئول شىرىنى شەيداغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟

ئۆزىنىڭ ھۆسنىنى مەن ھۆرلاردىن ئەئلا كۆرەرەم،
بۇ جەفاۋۇ جەبرىنى جەننەتدىن ئەئلا كۆرەرەم،
كاكۇلىن جەننەت ئارا سۇنبۇلدىن ئەئلا كۆرەرەم،
ئايدى مەھزۇن: سەن ھەمان شىرىنغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پەرھادنى يو-قاتماقچى بولۇپ، بىر كەمپىرنى تاپتى. بۇ كەمپىر پىشانىسى پۇرۇشكەن، بېلى يادەك ئېگىلگەن بىر مەككار ئىدى. خۇسرەۋ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئېيتتى. كەمپىر خۇسرەۋگە:

— پەرھاد بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بەردى. ئۇ قارا كىيىم كىيدى، بېشىغا قارا ياغلىق ئارتتى. بىر ھاسىنى ئالدى ـ دە، پەرھاد ئىش-لەۋاتقان تاغقا يېتىپ باردى. پەرھادقا يېقىنراق بىر جايغا ئورۇن-لىشىپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە نالە ـ پەرياد كۆتۈردى.

پەرھاد كەمپىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، «بۇ يەردە نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەندۇ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقاي» دەپ ئويلاپ كەمپىرنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قارا كىيىم كىيگەن، چاچلىرىنى يېيىپ، يۈزىنى تىرناپ، ئۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان بىر كەمە-پىرنى كۆردى. پەرھاد كەمپىردىن:

— ئەي ئانا، نېمىشقا مۇنچە پىغان چېكىسىز، سىزگە قانداق زۇلۇمنىڭ ئوقى تەگدى؟ — دەپ سورىدى.

— بالام، مەندىن گەپ سورىما، ساڭا جاۋاب بەرگۈدەك ھا-لىم يوق، — دېدى كەمپىر.

پەرھاد كەمپىرگە كۆپ ئىلتىجا قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەي بالام، مەن ئېرەم شەھىرىدىن كەلدىم. بىزنىڭ شەھىرىمىزدە شىرىن ئىسىملىك بىر مەلىكە بولۇپ، ئۇنىڭ

پەرھادناملىق ئاشىقى بار ئىدى. ئاشىق پەرھاد خۇسرەۋ شاھ-نىڭ ئېلىدە يەتتە يىلدىن بېرى تاغ كېسىپ، سۇ باشلاش ئى-شى بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇ تاغنى كېسىپ بولۇشقا ئازلا قالغان-مىش. ئەگەر شۇ تاغنى كېسىپ بولسا، شېرىننى ئەمرىگە ئال-ماقچىدى. لېكىن بىر كېچىسى شېرىن تۇيۇقسىز كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ ئەھۋالنى پەرھاد ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ شې-رىننى شۇ كېچىسىلا يەرلىكىگە دەپنە قىلىنۋەتتى. مەن پەرھاد ئىشىنى تۈگىتىپ، ئۈمىد بىلەن كەلسە شۇنچە تارتقان رىيازە-تى بىكار كەتمەدۇ، دەپ يىغلاۋاتىمەن. بۇنداق قايغۇ - ئەلەم ھېچكىمگە كەلمىسۇن.

پەرھاد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق بىر ئاھ تارتتى، قولىدى-كى پالتىنى تاغقا كۈچەپ ئۇرغانىدى. تاغدىن يالقۇن چىقىپ، شۇ يالقۇندا كۆيۈپ كەتتى. تاغدىكى كىيىك، كەپتەر، غاز، تور-نا، شىر، قاپلانلار پەرھادنىڭ جەستىنى ھالقا شەكلىدە ئوراپ، كۆزىدىن قانلىق ياش تۆكۈشتى. شۇ ھالدا ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. بۇ خەۋەر



شىرىنگە يەتتى. شىرىن: «بىر شەھەر ئىقلىمىنىڭ شاھزادىسى شۇ ئەھۋالدا دۇنيادىن كېتەمدۇ؟ پەلەكتىن مىڭلارچە داد !» دەپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىغلادى شىرىن دەبان: ئەي چىنى خاقان زۇبدەسى،
چىنى خاقان پادىشاھىنىڭ زۇبدەسى ـ ئازادەسى،
ۋاي، باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، مەندەك يېتىم فەرۋانەسى،
يىغلايىن بول دەم ساڭا، ئەي ھەقنى سۆيگەن بەندەسى.

ئەي ئەزىزىم، ئىشق ئارا شەھزادەلىك تەرك ئەيلەدىڭ،
بىر مەن ئۈچۈن نېتەيىن مىسلى قەقنۇس ئۆرتەدىڭ،
يەتتە يىل بولدى بۇ تاش كەسمەكنى ئادەت ئەيلەدىڭ،
ئاخىرى ۋەقتىڭدە مۇنداق تاغۇ تاشدە يۈزلەدىڭ،
يىغلايىن سىزگە، ئايا ئەي ھەقنى سۆيگەن بەندەسى.

ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ بۇ يەردە تاپدىڭىز جەفا،
سەندە ھەم بار ئېردى ئاندا چىنى خانىمدەك ئانا،
نامىڭىز شاھزادە پەرھاد ئېردى، قەددىڭىز دۇتا،
بۇ ئەجەل ئوقى تېگىپ بولدى يۈرەك ـ باغرىڭ ئادا،
يىغلايىن سىزگە ئايا، شەھزادەلەرنىڭ زۇبدەسى.

قىلدىڭۇ، مېھنەتنى ئەمما، مەقسۇدىڭگە يەتمەدىڭ،
بۇ شىرىن دىلجۇ ئۈچۈن باغرىڭ قارا قان ئەيلەدىڭ،
تەرمۇلۇپ يار يولىغە ئەقلىڭنى ھەيران ئەيلەدىڭ،
يىغلايىن سىزگە بۇ دەم، خاقانى چىن شەھزادەسى.

كېلىبان شەھرى ئېرەمگە نە جەفالەر كۆردىڭىز،
يار ۋەسلىگە يېتەلمەي نەچچە كۈن زار ئولدىڭىز،
«ھۇ» دەبان سەھرا ئارا يۈز سىرە تاغىن كەستىڭىز،

ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە ئاخىر جەھاندىن ئۆتتىڭىز،
يىغلايىن مەن سىزگە، ئەي چىن شەھرىنىڭ شەھزادەسى.

ئىشق ئوتى بىرلە چىقىپ تاغدا ۋەتەنلەر قىلدىڭىز،
ئاھۇ، قاپلان، شىرۇ ئارسلانلارغە ھەمدەم بولدىڭىز،
غازۇ تۇرنە، سۇخسۇرۇئۆردەكنى مەھرەم قىلدىڭىز،
مۇنچە قايغە لاچىن، كەبۇتەرنى ھەمدەم قىلدىڭىز،
يىغلايىن سىزگە، ئايا شەھزادەلەرنىڭ زۇبدەسى.

سەن مۇنىڭدەك بولغانىڭدە ئاھۇ ۋايىڭىز قانى،
تاغ ئارا قالغانىڭىزدە چىن شەھرىڭىز قانى،
سىزنى تۇغقان چىنى خانىمدەك شۇ ئاناڭىز قانى،
يىغلايىن سىزگە، ئايا شاھىم غەرىبلەر زۇبدەسى.

بۇ شېرىن ئول كۇنى چەندان يىغلادى، كىيدى قارا،
مۇنچە لەشكەر بارچەسىنى ئەيلەدى جامە سىياھ،
ھەسرەتى غەملەرگە بولۇپ مەھزۇن، بۇ يەردە مۇبتەلا،
ۋايكىم، مەھزۇن ئانىڭدەك شاھلار خۇن خوردەسى.

ئەلقىسسە، شېرىن:
— مېنىڭ ئاشىقىم پەرھاددۇر. ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. ئەمدى لەشكەرلەر بىلەن بېرىپ پەرھادنىڭ جەسىتىنى تەتىللا بىلەن ئوراپ، تىللا تاۋۇتقا سېلىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بۇ يەرگە ئەكەلسۇن. يولدا تاۋۇتنى ئۇستىدىن تەڭگە چېچىپ ماڭسۇن، — دەپ لەشكەرلەرگە ئەمر قىلدى.

لەشكەرلەر شېرىننىڭ پەرمانى بويىچە تاغقا يېتىپ باردى. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ پەرھادنى چۆرىدەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆ-

كۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىغان تارتىپ يىغلاشتى. ئاشىق پەر-
ھادنىڭ جەسىتىنى تىللا تاۋۇتقا سېلىپ، ئىززەت - ئىكرام
بىلەن ئەكەلدى. شېرىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تاۋۇتنى خە-
زىنىنىڭ ئىچىگە قويدى.

كەچ كىردى. شېرىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كېنى-
زەكلەرگە:

— ئۆزۈم يالغۇز كىرىپ ئاشىقىمنى كۆرەي، ئۇنىڭ جا-
ھانىنى زىنىنەتلىگۈچى جامالىغا تويای، چۈنكى ئۇ، مېنىڭ پىرا-
قىمدا كۆيۈپ سۇلتان بېشى گاداي بولدى ۋە ئەزىز جېنىدىن جۇدا
بولدى، ئۆمرى ئادا بولدى، پاكىز جىسمى پىراقىمدا قانغا مى-
لەندى، تىرىكلىكىدە يۈزۈمگە باقالمىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ جاما-
لىغا تويۇۋالاي، سىلەر كەينىمدىن كىرىپ يۈرمەڭلار، مەن يالغۇز
كىرىپ پەرھادىم بىلەن سۆزلىشىۋالاي، — دېدى.

شېرىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، ئۆزىنىڭ خا-
نىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ خىلمۇخىل كىيىملەرنى كىيىپ ئۆ-
زىگە زىنىنەت بەردى. ئاندىن كېيىن چاچلىرىنى تاراپ يايدى ۋە
تاھارەت ئالدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مىڭ ھەسسە گۈزەللىك
قوشۇلدى. ئۇ گوياكى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشاپ قالدى.
چۈنكى بۇ شېرىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى. شېرىن
تەييارلىقىنى تۈگىتىپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. شېرىن
توي ۋاقتىدا ئۆز يىگىتىنىڭ ئالدىغا كىرگەن قىزلاردەك پەر-
ھادنىڭ تاۋۇتى ئالدىغا كېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي فەلەك، بولماس جەفايىڭ دەستىدىن بۇ جان ئەمان،
ئۇشبۇ ئالەم جەبرىڭىزدىن ئەيلەدى ئاھۇفىغان.
ئانچۇنان ئۇلدى قەدى، ئەي مەھى، بائىس نەدۇر،
خاھى شاھۇ خاھ گەدا، خاھى قارى، خاھى جەۋان.



ئۆتتىلەر گەز نالەۋۇ ئەفغان بىلە بارچە ئەمان،
كىمدىن ئۆرگەندىڭ بۇ تەئلىمى جەفانى ئانچۇنان.
بۇل مەھۇخۇرشىدۇ شەمئىنى خامۇش ئەيلەدىڭ،
باغرىمى سەدپارە قىلدى، كۆزلەرىمدىن خۇن رەۋان.
ساڭا دائىم بۇ جەفاۋۇ جەبرىلەر سەرمايەدۇر،
بۇ جەھان سىتەم پىشەدىن ھېچكىم تاپماس ئەمان.
بارچە خۇبلار كەتكەي ئاخىر ئەيلەبان ئاھۇ فىغان.
مەھزۇنا سەن مۇنچە خەلق ئەھۋالىغە ھەيراندۇسەن،
قاي كۇنى ئىركىڭ سىنىڭ ئۇستىڭگە ھەم تارتىلسە جان.

شىرىن بۇ بېيىتنى تاماملاپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىدىچىدىن تاقىدى، ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرغان كېنىزەكلىرىگە:

— ئۆزۇم چىقىمەن، مەن چىقمىغۇچە ئىشىكنى ئاچماڭلار، — دېدى. ئۇ تاۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ يوپۇقنى ئاچتى. ئاشىقى تىللا تاۋۇت ئىچىدە نۇرلۇق قۇياشتەك ياتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى تاۋۇت ئىچىگە يېيىلغان بولۇپ، يۈزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. گويىكى ئىسىل بىر تال گۆھەر تاۋۇت ئىچىدە ياتقانىدى. شىرىن دىلى ئېزىلگەن ئاشىقىنى قۇچاقلاپ، جان - دىل بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي، كاشكى ئانادىن تۇغماغاي ئىدىم،
تۇغقان جاھاندە قالماغاي ئىدىم.
تۇتدى ئەجەل ياقامدىن ئالىپ،
قىلدىم نە ئىش جەھاندە قالىپ.
كۆردۈك جەھان غەمىنى دائىم،
بولماغايكى سىنىڭ يولۇڭدە قايىم.
ئەي يار، بۇ كۇن كۆرەي يۈزۈڭنى،

ئول ئاھۇيى رەم خۇمار كۆزۈڭنى.
چۈن يەتتە يىل ئۆتتى ئورتەدىن، ئەي يار،
ئىشقىمدە مېنىڭ بولۇپ ئىدىڭ خار.
گوياكى تەنىمدە جانىم ئېردىڭ،
ھەم جانىم ھەم ئىمانىم ئېردىڭ.
گۈل يۈزۈڭنى كۆرەي بۇ سائەت،
جانىمدە مېنىڭ تولا فەساھەت.
سۇنبۇلىستان ساقال ساڭا ياراشقان،



سۇلتانلىغىن، نېتەي، ئاداشقان.
ئەي، سەدقەئى روھىڭىز بولايىن،
ۋاي، غەرىب جانىڭىز بولايىن.
ئەي، يۈزىگە خاللار ياراشقان،
ۋاي، زەررىن ئەنبەر ياراشقان.
ئەي يار، سەرۋى قەدى يەكتاۋۇ زىبا،
ئەي يار، نازىنىن، سەرۋى رەئنا.
جانىمنى ساڭا فىدا قىلايىن،
يولۇڭغە مەنەم جانىم بېرەيىن.
كەلسۇن بۇ دەمى ئەجەل ماڭا ھەم،
مەنھەم بولايىن بۇ دەمدە بەرھەم.
ئەي يارى ئەزىز مېھرىبانىم،
ئايلانسۇن سەندىن ئەفگار جانىم.



يۇز مىڭ جانىم پىدا ساڭا،
بىر باق كۆرەيىن نىگار ماڭا.
سەنسىز بۇ جەھاندە نە قىلۇرمەن،
ھەسرەت ئوتىدا مەگەر يانۇرمەن.
ئەمدى بۇ ئۆمرۈ ھەرەم ماڭا،
جانىمنى پىدا قىلاي ساڭا.
كۈن ماڭا كۈن ئەمەس، نىگارىم،
تۈن ماڭا تۈن ئەمەس، نىگارىم.
بىزارمەن بۇ ھەياتلىغىمدىن،
زۇلمەت ئارا بۇ خارلىغىمدىن.
سەن جان ئىدىڭ، مەن بىر تەن ئىدىم،
مەن جان ئىدىم، تېنىم سەن ئىدىڭ.
ياق، ياق، ئىكەۋ بىر جان ئىردۇك،
ياق، ياق، ئىكەۋ بىر تەن ئىردۇك.
مەنھەم يانىڭغە ئەجەب ياراشقۇم،
يانىڭدە بىر مۇرادغە يەتكۇم.
نەيلەي، بۇ جەھان شەھلىغىنى،
دەۋلەت ئاراسىندە مەھلىغىنى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى مېھىنبانۇدىن ئاڭلايلى: مېھىنبانۇ شىرىننىڭ خەزىنىدىن قايتىپ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— شىرىن نېمىشقا ھېلىغىچە چىقمايدۇ؟ — دېدى.

— كەچ كىرىپ قالغانىدى، مەلىكە شىرىن: «خەزىنىدىن ئۆزۈم چىقمىغۇچە سىلەر كىرمەڭلار» دەپ تاپىلىدى، ئەمما ھازىرغىچە چىقمايۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە مەلىكەمنى ساقلاپ ئول-

تۇرماقتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى كېنىزەكلەر.

مېھىنبانۇ خەزىنە ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تالاي قېتىم چاقىردى. بىراق، خەزىنە ئىچىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. ئاخىر مېھىنبانۇ خەزىنە ئىشىكىنى چېقىشقا بۇيرۇق بەردى. خىزمەتكارلار ئىشىكنى ئاچتى. مېھىنبانۇ خەزىنە ئىچىگە كىرىپ قارىدى. شېرىن پەرھادنىڭ يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ، جې-نىنى تەڭرىگە تاپشۇرغانىدى. ئىككىيلەن بىر - بىرىنى قۇ-چاقلاپ، گوياكى ئاي بىلەن كۈندەك نۇر چېچىپ ياتقانىدى. مېھىنبانۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، ئار-قىدىن يىغان كۆ-تۈردى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغانىغا تاقەت قىلىپ تۇر-غىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ نالە - پەريا-دى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇنى ئاڭ-لىغان پۈتۈن لەش-كەرلەر پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ھالى - ئەھۋالىغا يىغلاپ نا-لە - يىغانغا چۈش-



تى. مېھرىبانۇ بولسا، پەرھادنىڭ يەتتە يىل چەككەن جاپاسىنى شۇ بىر سائەتتىلا تارتتى. ئۇ ھېسابسىز قايغۇ ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولدى. چۈنكى، مېھرىبانۇنىڭ شېرىندىن باشقا تەخت ۋارىسى يوق ئىدى. پەقەت شېرىنلا ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى. ئوردىدىكى بارلىق كىشىلەر مېھرىبانۇغا قوشۇلۇپ يىغا ـ زار قىلىشتى، ئۇلارنىڭ ماتەملىك يىغىسى كۆككە يەتتى. مېھرىبانۇ ھەسرەتلىك يىغا ـ زار ئىچىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىغلايىن سىزلەرگە مەن، پەرھادۇشېرىنىم بالام،
ئىشق ئوتىدە باغرى كۆيگەن كۆڭلى مەھزۇنىم بالام،
ھەم غەرىبۇ دىل شىكەستە بار، سۇلتانىم بالام،
ئىشق بازارى ئىچىندە مەۋج ئۇرغانىم بالام،
بىر ـ بىرىغە تويمايىن ئۆمرى ئەدا بولغان بالام.

بىرىڭىز بۇ شەھرى ئەرمەن گۇلىستانىنىڭ گۈلى،
بىرىڭىز ئول شەھرى چىن گۇلزارىنىڭ ھەم بۇلبۇلى،
ئىككىڭىز ئاشىق ۋە مەشۇق تەڭرىنىڭ سۆيگەن قۇلى،
ئىككى ئىقلىم شەھرىنىڭ يانغان چىراغى ـ مەشئىلى،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە ئالەمدىن ئۆتكەنىم بالام.

ۋاي غەرىبۇ ۋاي يېتىمۇ ۋاي شاھزادەم بالام،
ساچى سۇنبۇل يۈزى گۈل ئەي سەرۋى ئازادەم بالام،
شاھ قىزى، شاھزادە ئۆزى ھۆر تەننازىم بالام،
بىر تۇمەن لەشكەر ئارا دەۋلەتلۇ سۇلتانىم بالام،
شاھلىغدا كەيمەگەي شاھى، دىل ئەفگارىم بالام.

ۋاي پەرھاد، سىزنى مەن شاھزادە خان دېسەممۇكىن،
ياكى بىر غەرىبى مۇزتەر، ناتەۋان دېسەممۇكىن،

ياكى ئىشق ئوتىدە كۆيگەن باغرى قان دېسەممۇكىن،
شەھرى چىنىنىڭ زۇبدەسى، ئارامى جان دېسەممۇكىن،
ۋاي پەرھاد، ۋاي شېرىن، دۇررى ئەفشانىم بالام.

ۋاي شېرىن ـ شەككەر بالام، باغرىڭنى داغىڭ بىلمەدىم،
شاھزادە پەرھاد ئۇچۇن جان بېرەرىڭ بىلمەدىم،
ئىككىڭىز بىر نەئش ئارا جا بولارىڭ بىلمەدىم،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىپ، ئاخىر ئۆلەرىڭ بىلمەدىم،
نۇرى دىيدەم، بەرگۇزىدەم، دۇررى نايابىم بالام.

كەلىسەلەر خاقانى چىنكىم دېسە: «پەرھادىم قانى؟
يۇزى گۇل، ساقالى سۇنبۇل، ماھى ئەنۋارىم قانى؟
يالغۇزۇم، ئۆمرۈم گۇلى ئول شەمئى ئەنۋارىم قانى؟
تەختۇ تاجىم ئىگەسى، جانىم شەھەنشاھىم قانى؟»
ۋاي، يۇزمىڭ ۋايكىم، شەھرىمنىڭ ئابادى بالام.

شەھرى ئېرەم قالدى سىزدىن ئەمدى كىملەر خان بولۇر؟
يۇز تۇمەن لەشكەرىڭىزگە ھەسرەتۇ ئەرمان بولۇر،
شەھرى چىن ھەم شەھرى ئېرەم بارچەسى ۋەيران بولۇر،
كەتتىڭىز دارۇل ـ فەنادىن ئورنىڭىزگە كىم بولۇر؟
ۋاي، يۇزمىڭ ۋايكىم، ئىشق ئوتىدا يانغان بالام.

مەھزۇنا، كۆرگەنمۇسەن شەھلەر ئارا شاھزادەنى،
شېرىنۇ فەرھاددەك قالغان نەچە خانزادەنى،
ھەسرەتۇ ئەرماندە ئۆتكەن بىرنەچە ئازادەنى،
سەرۋى بوستان، غۇنچە لەرزان، كۆزلەرى مەستانەنى،
ۋاي، يۇزمىڭ ۋايكىم، ھەجر ئوتىدە كۆيگەن بالام.

ئەلقىسسە، مېھىنبانۇ بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ قاتتىق بىر يىغان چەكتى ـ دە، جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇردى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، سەردارلار ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى ماتەم تۇتۇپ زار ـ زار يىغلاشتى.

بېيىت

يىغلادى ئەركانى دەۋلەت بارچەسى ئەفغان ئېتىپ،
شېرىنۇ پەرھاد ھەجرىدە يۈرەكىن قان ئېتىپ،
مەھزۇنى ھىجران ئارا قالغان ئەجەب ئەفغان ئېتىپ،
ئاشىقۇ مەشۇق ئاراسىندە ئۆزىن ھەيران ئېتىپ،
ئاخىرى جەننەت ئىچىدىن ئالدىلار جاي ئىككى گۈل.

ئەلقىسسە، ئۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى خەزىنىدىن ئاچىقىپ بىر تاۋۇتقا سالدى ۋە بىر لەھەتكە قويۇپ دەپنە قىلدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئېرەم شەھىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى چۈش كۆردى. چۈشىدە جەننەتتە مەرۋايىتتىن پۈتكەن بىر ھەيۋەتلىك ئوردا ئىچىدە پەرھاد بىلەن شېرىن ئويناپ يۈرگۈدەكمىش، ئۇلارنىڭ يېنىدا مېھىنبانۇ بار ئىمىش. ئاقساقاللاردىن بىرى پەرھادتىن:

— سىز پانىي دۇنيادا قىلغان قانداق ساۋابلىق ئىشىڭىز بەدىلىگە بۇ راھەتلەرگە ئېرىشتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. پەرھاد:

— ئەي يارەنلەر، مەن پانىي دۇنيادىكى ئۆمرۈمنى پاك مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم. شۇ يولدا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم. شۇنىڭ سەۋەبىدىن ماڭا بۇ راھەت ـ پاراغەت نېسىپ بولدى. مېنىڭ تۈپەيلىمدىن شېرىن بىلەن مېھىنبانۇغىمۇ جەننەت نېسىپ بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇدەكمىش.

بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى خاقانى

چىندىن ئاڭلايلى: پەرھاد ـ شىرىنىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەر خاقانى چىنغا يەتتى. خاقان تۈمەن مىڭ لەشكەر بىلەن پەرھادنى ئىزدەپ يولغا چىقتى. كۈنلەپ، سائەتلەپ يول يۈرۈپ ئاخىر ئىرەم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. پەرھاد ـ شىرىن ۋە مېھىنبانۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. خاقان بىرنەچچە كىشىدىن ھال ـ ئەھۋالنى سورىدى، ئۇلار پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان خاقانى چىن زار ـ زار يىغلاپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايدىلار خاقانى چىن: ئەي ۋاي، سۇلتانىم بالام،
تەختۇ تاجىم ئىگەسى، ئەي ۋاي، نايابىم بالام،
لەشكەرىم سەردارى بولغان گەۋھەرى كانىم بالام،
كەتتىڭىز قايسى تەرەفكە ماھى گۇلفامىم بالام،
يالغۇزۇم، كۆز رەۋشەنىم، دەردىمغە دەرمانىم بالام.

سىزدىن ئۆزگە، ئەي بالام، بىر نۇرى چەشمىم بارمىدى؟
دۇنيادە بىر سىز كەبى سەرۋى رەۋانىم بارمىدى؟
ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، سەندىن ئۆزگە جانىم بارمىدى؟
جانىم ئىچرە جان ئىدىڭ، ئۆزگە يەنە جان بارمىدى؟
يالغۇزۇم، كۆز رەۋشەنىم، تەختىمنىڭ سۇلتانى بالام.

يەتتە يىل بولدى، جۇدا بولدۇم جەمالىڭ شەمئىدىن،
ئايرىلىپ قالدىم سېنىڭدەك يۈرەكىمنىڭ قاتىدىن،
ئاختارىپ كەلدىم سېنى مەن چىنى ماچىن شەھرىدىن،
تاپمادىم مەن ئىزلەبان بول دەمدە ئىرەم شەھرىدىن،
ئەي مېنىڭ جانىم ئارا بىر گەۋھەرى كانىم بالام.

سىز ئىدىڭىز نۇرى دىيدەم، جىسمى جانىم گۇلشەنى،

باشمى تاجى، كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى، گۈل خىرمەنى،
ئەي بالام، ئەي نۇرى دىدەم، ۋاي كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى،
......
يالغۇزۇم، ئەي گەۋھەرىم، جانىمنىڭ جانانى بالام.

ئاختارىپ كەلدىم مەن ئەمدى سىزنى قايدىن تاپەمەن؟
تاپمايىن سىزنى بۇ يەردىن ئەمدى قانداغ قايتەمەن؟
چىنى ماچىن تەختىنى مەن بۇ جەھاندە نىتەمەن؟
فۇرقەتىڭ ئوتىدە جانىم، زار يىغلاپ ئۆتەمەن،
يالغۇزۇم، ئەي گەۋھەرىم، شاھزادەئى خانىم بالام.

كاشكى بولساڭ هايات شىرىن ھەمان بولسە ئىدى،
توي - تاماشالار قىلىپ يوللارغە زەر ساچسام ئىدى،
سىز بىلە شىرىننى ئالىپ شەھرىمە كەتسەم ئىدى،



ئاپارىپ سىزنى يەنە تەختىمگە ئوتقۇزسام ئىدى،
يالغۇزۇم، ئەي شەب چىراغىم، دۇررى نايابىم بالام.

دېدىلەركىم سىزنى: پەرھاد ئاشىقى ئەللاھ، بالام،
دۇنيەدىن سىز ئۆتتىڭىز، ئەي ۋاي، شەيئىللاھ، بالام،
ئاشىقۇمەئشۇق بولۇپ بىئىختىيار ئۆلگەن بالام،
دۇنيەنىڭ بىھەد جەفاسىن كۆرۈبان ئۆتكەن بالام،
يالغۇزۇم، ئەي نۇرى چەشمىم، ۋاي غەرىب ئۆلگەن بالام.

ۋاي فەرھادىم بالام، ئول شەھرىمى جانانەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، چىن شەھرىنىڭ شاھزادەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، لەشكەرلەرىم سەرمايەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، بۇ شەھرى ئېرەم زۇبدەسى،
يالغۇزۇم، ئەي سەرۋەرىم، ئەي دۇررى يەكتايىم بالام.

ئەلقىسسە، خاقانى چىن زار - زار يىغلاپ ھازا تۇتتى. ھازىدىن توختىغاندىن كېيىن، ئېرەم شەھىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ياساتقۇزدى. ئېرەم شەھىرىگە كەلگەن بارلىق زىيانىنى شاھزادە پەرۋىزدىن تۆلىتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خاقانى چىن چىن شەھىرىگە راۋان بولدى. شاھزادە پەرۋىزمۇ ئۆز شەھىرىگە قايتتى.

ئەسكەرتمە: بۇ داستاننىڭ ئەسلىي قوليازمىسىدا بەزى مىسرالار چۈشۈپ قالغان. بۇ نۇسخىدا ئەينى پېتى ئېلىندى

# لەيلى-مەجنۇن

**مەجنۇننىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغانلىقى، ئاتىسى ئۇنىڭغا قەيس دەپ ئات قويغانلىقى، قەيسنى مەكتەپكە بەرگەنلىكى، قەيس مەكتەپتە لەيلىنى كۆرۈپ، جانۇ دىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە ئۇ سەۋدايى بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەجنۇن دەپ لەقەم سىڭگەنلىكىنىڭ ھېكايىسى**

سۆزمەنلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەرەب دىيارىدا بىر پادىشاھ بار ئىدى. نۇرغۇن ئەرەب تاجدارلىرى ئۇنىڭغا پەرمانبەردار ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئادىل ۋە سېخىي، ئالىم ۋە دانا ئىدى. خەزىنە، مالۇدۇنياسى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ، ھەمىشە داستىخان يېيىپ مېھماندارچىلىق ۋە خەير - ساخاۋەت قىلاتتى. لېكىن، پادىشاھنىڭ بىرەرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ تولىدىن - تولا غەمناك بولۇپ، ئاللادىن پەرزەنت تىلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى زار - مۇناجاتلىرى ھەددىدىن ئاشقاندا، ئاللا ئۇنىڭغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلدى. يۈزى ئاپتاپتەك چىرايلىق بۇ بالىنىڭ تەن - ۋۇجۇدىدىن ئىشق - مۇھەببەتنىڭ جىلۋىسى كېلىپ تۇراتتى. پادىشاھ ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ نەزىر - نىيازلار ئەيلەپ، مىسكىنلەرگە ساخاۋەت قىلدى. بالىغا قەيس دەپ ئات قويدى. چۈنكى، پا-

دىشاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىپتى قەيس ئىدى. ئۇنى ئىنىكئانىغا تاپشۇردى. پادشاھ ئوغلىنى كۆزىنىڭ قارىسىدەك ساقلايتتى. ئاتا ـ ئانىسى گوياكى ئاشىقلار مەشۇقلىرىنى ئايلانغاندەك ئۇ- نىڭ چۆرىسىدە ئايلىناتتى. بالا بەش ياشقا كىردى. ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئالىم ئىزدىدى ۋە ئا- خىر تاپتى. شۇنداق بىر ئالىمنى تاپتىكى، ئۇ ھەممە پەندە كامىل ئىدى. ئۇ ياخشىلىقتا، شەپقەتچىلىكتە يېگانە ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ مەكتىپىدە كۆپلىگەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئوغلانلىرى بار ئىدى ۋە ئاي يۈزلۈك قىزلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ قىزلار ئارىسىدا بىر قىز بار ئىدىكى، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ، قەددى ـ سەرۋى سۇۋادانىدەك، چېچى سۇمە- بۇلدەك، يۈزى ئون تۆتىنچى كېچە پارلىغان تولۇن ئايدەك، ئىككى رۇخسارى قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك، لەۋلىرى لەئەل- دەك، ئاغزى پىستىدەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك، قاشلىرى يا- دەك، كىرپىكلىرى يا ئوقىدەك ئىدى. ئۇنىڭ سۇلكەت ـ سالا- پەتلىرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىسمى لەيلى ئىدى.

ئەلقىسسە، قەيسنى ئاتىسى مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇغىلى بەردى. ئۇستاز ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتەتتى. قانچىكى دەرس بەرسە ئۇ بىمالال ئۆگىنىۋالاتتى، ئىككىنچى رەت ئۆگىتىش ھاجەتسىز ئىدى. ساۋاقداشلىرى قەيسنىڭ مۇنداق تېز، ئاسان ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سالاتتى. بىر كۈنى قەيس مەكتەپكە كەلدى. لەيلى قە- يىسنى بىر كۆرۈش بىلەن ئاشىق بولۇپ ئاغرىپ قالدى، دى- ماغلىرى پۈتۈپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ، بىماردەك قىزىپ رەنج تارتتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ھەي قەبىلىسىگە پادشاھ ئى- دى. ھەممە ھۆكۈما، تېۋىپ ـ ھەكىملەرنى يىغىپ ئول ئاي

يۈزلۈكىنىڭ بېشىدا هازىر قىلدى. تېۋىپلار ئۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ دورا قىلدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاغرىقىنىڭ ئىلاجى بولۇپ، لەيلى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ تەندۇ- رۇس بولدى. كۈندە ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆڭلى تۇتۇلۇپ زېرىك- تى، مەكتەپكە بارماقنى ئىختىيار قىلدى. ئۆزىنى يۈزمىڭ زىبۇ زىننەتلەر بىلەن بېزەپ، كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدا مەكتەپكە كەلدى. ئۇستازى لەيلىنىڭ ساقايغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ھەممە قىز - ئوغۇللارنى مەكتەپتىن ئازاد قىلىپ، «لەيلى بىلەن سەھراغا بېرىپ بوستان - گۈلىس- تانلارنى سەيلە قىلىڭلار !» دەپ، قويۇپ بەردى. ھەممە قىز - ئوغۇللار لەيلىگە ئىكرام ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ شاد بولدى. ئۇنى ھەممە قىزلارنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزدى. شۇ چاغدا قەيس لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ بويى تال ياپرىقىدەك تىترىدى، يۈزى زەپىرانىدەك سارغايدى. تامام ئەزالىرىغا ئىشق ئوتى تۇتاشتى، ئەس - هوشىدىن ئايرىلدى. ئۆزىنى بىر خىل تۇتۇشقا كۆپ تىرىشىپ باقتى. قەيس شۇ هالدا تۇرغاندا لەيلى ھەم ئۇنى كۆردى - دە، كۆڭلىگە ئوت چۈشۈپ بىتاقەت بولدى. ئۇنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى سوراشقا ئىنتىزار بولدىيۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ھېچ كىشى بىلمىدى. ئۇنىڭ بىتاقەتلىكى ئاشتى. ئەمما قەيس بىـ- لەن بىر يەردە ئولتۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى. ئۇ باغ تەرەپكە يۈزلەندى. ھەممە قىز - ئوغۇللار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ لەيلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. لەيلى غۇنچىدەك ئاغزىنى ئېچىپ، ساۋاقداشلىرىغا: «مەكتەپتىكى ھەممە قىز - ئوغۇللار بۈگۈن بىزنىڭ باغقا بارسۇن» دېدى. قەيس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ لەيلىنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. بۇ باغ شۇنداق بىر باغ ئىدىكى، گويا بېھىشنىڭ ئۆزى ئىدى. باغ ئىچىدە بۇلبۇل،

تۇتى، قۇمرىلار سايرىشاتتى. رەڭگارەڭ مېۋىلەر پىشىپ تۇۋىگە چۈشكەنىدى. بىرىنچى بوستاندا بىر گۈلىستان بار ئىدى. تاغ ئېتىكىدىن بىر بۇلاق چىقىپ ئۇل باغقا ئاقاتتى. قىزلار باغقا كىرىپ بۇ ئاجايىپ گۈللەرنى تاماشا قىلدى، ئەمما لەيلى بىدىلەن قەيىستىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاشىقنىڭ كۆڭۈللىرى گۈل - غۇنچىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەنىدەك تۆكۈلدى، بىر - بىرىنىڭ ئىشقىدا كۆيەتتى. گەرچە چىرايلىرى ئىشقنى پىنھان تۇتقان بىلەن كۆزلىرى ئاشكارىلايتتى. قەيىس باغ ئىچىدە باھار يامغۇرىدەك يىغلاپ گاھى ھوشىدىن كېتىپ، گاھى ھوشىغا كېلىپ يۈردى. ھەر لەھزە لەيلىگە نەزەر سالاتتى - دە، ئىشقى ئوتى ئۆرلەپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ قىزىرىپ كېتەتتى. بىچارە ئاشىقلار نە تۇرغىلى تاقىتى يوق ۋە نە يانغىلى پۇتى بارماي يىراقتىن كۆز ئۇچىدا قارىشاتتى. ئاھىنىڭ ئوتى باغ ئىچىنى قىزارتاتتى. ناگاھ ئۇل ئاي يۈزلۈك قەيىسنىڭ ئۆزىگە بۇ قەدەر ئاشىقلىقىنى بىلىپ، كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىپ بىر نەزەر قىلدى. قەيىس بۇنى كۆرۈپ يىغلاپ، يىلاندەك تولغاندى. قەيىسنىڭ بۇنداق بولغانلىقىنى بىلگەن لەيلىنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتى. لەيلى بىردەم قىزلارنى غاپىل قىلىشنى ئويلىدى. ئۇ بىر پۇرسەت تېپىپ قەيىسنىڭ قېشىغا بېرىشنى، ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ جانسىز بەدەنگە جان كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى.

ئوغۇللار ھەر تەرەپتە ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولدى. لەيلىمۇ سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. بىر گۈلزارلىققا يەتتى، بۇ گۈلزارلىقنىڭ تۆت تەرىپىنى گۈللەر چىرمىغان بولۇپ، ھېچ تەرەپتىن ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لەيلى كۆردىكى، قەيىس بۇ يەردە گۈللەرنىڭ ئارىسىدا گۈل يەڭلىغ ياشلىرىنى تۆكۈپ زار - زار يىغلاپ، ياقىسىنى چاك، يۈزلىرىنى خاك

ئېتىپ ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇپ، بۇلبۇلدەك پەرياد ـ پىغان قىلىپ يېتىپتۇ. لەيلى بۇنى كۆرۈپ بىتاقەت بولدى. سۆزلىگۈ ـ دەك ماجالى قالمىدى. يۈزمىڭ خىجىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي يىگىت، ھالىڭىز نېچۈك؟ نېمە غېمىڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلاردەك خۇشال ۋاقتىڭىز يوق؟ يارەنلىرىڭىز باغۇبوستانلارنى خۇشال ـ خۇرام تاماشا قىلىۋاتىدۇ. سىز نې ـ مە ئۈچۈن بۇ يەردە غەمكىن ۋە پەرىشان ئولتۇرىسىز؟ قاراڭ، باھار شامىلىدا گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلار چېچىلىۋاتىد ـ دۇ. سىز نېمە ئۈچۈن بەتھال ۋە غەمناك ئولتۇرىسىز، مۇ ـ



شوْنداق خوْشال ۋاقىتلاردا بەتهاللىقىڭىز نېمە ئۈچۈن، گۆلگە ئوخشاش قان يىغلىغانلىقىڭىزغا نېمە سەۋەب، بوْنداق بولۇ-شىڭىزغا كىم سەۋەب بولدى؟

قەيس مەشۇقىدىن مۇنداق شېرىن ۋە مەرھەمەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇ قەدەر مېھرىبانلىقنى كۆرۈپ، جېنى تې-نىدىن پەرۋاز قىلغىلى تاس قالدى. ئۇ ھەيران ـ لال بولۇپ، كۆزلىرىدىن جىگەرىنىڭ سۈيىدەك ياش ئاققۇزدى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـــ مېنىڭ يۈرەك ـ باغرىمغا ۋە دىل ـ جانىمغا ئىشق ئوتىنى سېلىپ ئۆرتىگەن، بىرنەزەردە كۆڭلۈمنى ئالغان، ۋۇ-جۇدۇمنى مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق قىلغان، ئارزۇلۇقلارنى ئەتىۋارسىز قىلغان، كۈنلىرىمنى قارا قىلغان ئەي خېنىم، مېنى ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا ئۆزىڭىز كۆيدۈرۈپ، كۆلۈمنى كۆككە سورۇپ، ئالەمدە رەسۋا قىلىپ بولۇپ يەنە ئۆزىڭىز سوراۋاتامسىز، بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەن بولۇۋاتامسىز، سىز شېرىن زابانلىق قىلىپ جېنىمنى ئالالايسىز، كۆڭلۈمنى ئوغ-رىلاپ ئۆزىڭىز تونۇمايۋاتامسىز، بۇ ھال ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقانلىق، داغ ئۈستىگە داغ سالغانلىق بولماسمۇ؟ ـــ قەيس شۇنداق دەپ بىر ئاھ تارتىپ سەۋدايىدەك بىھوش بولۇپ يې-قىلدى. ئۇ تۇپراق ئۈستىگە يىقىلىپ، ئۆلگەن كىشىدەك ياتـ-تى. لەيلى تىترىشىۋىدى، ئۇنىڭدىن نەپەس كەلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن لەيلىنىڭ بىر ئىشقى مىڭ بولۇپ، باھار يامغۇرىدەك زار ـ زار يىغلاپ، قەيسنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆز-لىرىدىن جىگىرىنىڭ خۇنىنى ياش قىلىپ ئاققۇزدى. بۇ ياشلار قەيسنىڭ يۈز ـ كۆزىگە ئاقتى. لەيلى ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان يەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئىككى قىز ئۇ-نى ئىزدەپ كەلدى، كەلگەنلەر لەيلىنىڭ كېنىزەكلىرى ئىدى.

كېنىزەكلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادشاھتىن قورقۇپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇلار:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېيىشتى. لەيلى ئۇلارنى كۆرۈپ يەرنى سۆيدى. ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، كۆڭلىدىكى سىرنى ئاشكارىلاپ، بىچارىلىكىنى ئايان قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى ھەم ئىشق - مۇ-ھەببەتلىك قىز ئىدى. ئۇ دەرھال:

— ئەي ئاي يۈزلۈك خېنىم، ھېچ غەم يېمەڭكى، ئىشققا گىرىپتار بولمىغان كىشى يوقتۇر، بۇ ھەممىگە ئايان. سىز ئارامگاھىڭىزغا بېرىڭ، بۇ يىگىتنى بىزگە تاپشۇرۇڭ، ئۆزد-مىز بىر چارە قىلايلى. بۇ سىردىن ھېچ كىشى خەۋەردار بول-مىغاي، — دېدى.

ئاي يۈزلۈك زار - زار يىغلاپ، كۆڭۈل مەھبۇبىنى شۇ يەردە قويۇپ ئۆز ئۆيىگە ياندى. ھېلىقى قىزلار قەيسنى ئۆز كىشىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياندى. قەيس گۈلىستان ئى-چىدە لەيلىنىڭ جامالى ۋە شېرىن كالامىدىن بىھوش ياتاتتى. كۈن ئۆتۈپ يېرىم كېچە بولغاندا ھوشىغا كەلدى. ئۆزىنى بىر گۈلىستان ئىچىدە كۆردى. ھەر تەرەپتە گۈللەر ئېچىلىپ خۇش پۇراقلار چېچىلىپتۇ، بۇلبۇل ئۈنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ سايراۋېتىپتۇ. رەڭگارەڭ گۈللەر باش ئېگىپتۇ. گۈللەر بۇ ئىشق ئەھلىنىڭ كۆكسىدىكى داغنى كۆرۈپ باغرىنى چاك ئې-تىپتۇ. ئاسمان بۇ ئىشقتا ئۆلگەن سەۋدايىنىڭ ماتىمىدە قارا لىباس كىيىپتۇ. گوياكى ئاقار سۇلار ئۈنىڭ ماتىمىدە ئاۋاز سېلىپ يىغلاپ ئېقىپتۇ... قەيس ئۆزىگە كېلىپ ، ھەر تە-رەپكە قاراپ يارىنى تاپالماي بېشىغا غەم تېغى يىقىلدى. ئوت يەنە بەدەن - بەدىنىگە تۇتاشتى. ياقىسىنى تارتىپ چاك - چاك قىلدى. ئاھ چەكتى، ئاغزىدىن ئوت - شولا چىقىپ ئا-

لەمدىن قارار تاپتى. ئۆزىنى ئۆزى يەرگە ئۇرۇپ، گاھى كۇلۇپ، گاھى يىغلاپ زەپىراندەك يۈزىگە كاچاتلاپ، گاھى ئىككى قولىغا ئىككى تاش ئېلىپ كۆكسىگە ئۇرۇپ، پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈپ زار - زار يىغلايتتى.

تاڭ ئېتىپ ئالەم يورۇدى. قەيس يورۇق جاھاننى كۆردى. گۈلىستان ئىچىدە ئەپغان چېكىپ ھەربىر گۈلگە يۈزىنى سۈركەپ، لەيلىنى ياد قىلىپ يىغلىدى. ھەربىر غۇنچىگە قاراپ لەيلىنى يادلىدى. گۈل نەرگىسنى كۆرۈپ ئۇل ئاي يۈزلۈكنىڭ كۆزلىرىنى سېغىنىپ نالە قىلدى. يەرگە قاراپ لەيلىنىڭ ئىزىنى تېپىپ كۆزلىرىگە سۈردى. سۇغا قاراپ لەيلىنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى سۇدا كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى، كۆزلىرىدىن ئېرىق سۈيىدەك ياش ئاققۇزدى. بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ پەرياد بىلەن ئېيتتىكى: «ئەي بۇلبۇل، ئەي نائىنساپ، ئىنساپ قىلمايسەن، ئۆز مەشۇقۇڭنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىسەنۇ، يەنە شام - سەھەر پەرياد قىلىسەن، ئەي بىئىنساپ بۇلبۇل، ئاشىقلار ساڭا ئۆز ئىشقىنى مىسال تۇتماس. نېمە ئۈچۈنكى، سەن مەشۇقۇڭغا قوشۇلۇپسەن، شۇڭا پىراق شىكايىتىدىن دەم ئۇرما. مېنىڭدەك پىراق ئوتىدا كۆيگەن كىشىدىن پىراقتىن گەپ سورىما. بۇلبۇل، مەن دىۋانىگە قارىغىن، مىسكىندۇرمەن. مېنىڭ جانسىز بەدىنىمنى كۆرگىن، مەن مەشۇقۇم — جانىمدىن ئايرىلدىم، تامغا تارتقان جانسىز سۈرەتكە ئوخشىدىم. ئەي بۇلبۇل، بۇ پەرياد - پىغانلارغا كېچە - كۈندۈز يىغلاشقا لايىقمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا باغ تۇرۇپتۇ، مېنىڭ باغرىمدا داغ. سېنىڭ يېنىڭدا گۈل باردۇر، مېنىڭ كۆڭلۈمدە جۇدالىق خارى باردۇر». قەيس شۇنداق دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى - دە، ئۆلگەن كىشىدەك يىقىلدى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇلار ئۆز قەبىلىسىگە بېرىپ ئوردىغا يەت-

تى. ئوردىدا، قەيس كەلمىدى دەپ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشمەكتە ئىدى. كەلگەنلەر قەيسنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. ئاتا - ئانىسى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بەتھال بولۇپ يىغلاشتى. قەبىلە كىشىلىرى: «لەيلىنى ئاتا - ئانىسىدىن تىلىمەك كېرەك، بۇ بىچارە ئاشىقنى مەشۇقىغا قوشۇپ قويماق كېرەك» دېيىشتى. ئۇلار قەيس ياتقان باغقا كەلدى. كۆردىكى، قەيس كۆكسىنى پارە - پارە، بېشىنى يارا قىلىپ تۇپراقتا بىھوش يېتىپتۇ. پادىشاھ ھەم خالايىقلار بۇ ھالغا پەرياد - پىغان قىلدى. قەيسنى مەپىگە سېلىپ ئەكېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى. ئۇ بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ بولغان ئەھۋاللارنى بىلمەيتتى. قەيس



كۆزنى ئېچىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا زار ـ زار يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاتىسى ئۇنىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى. مېھرىبان ئانىسى بېشىدىن ئۆرگەلدى. قەيس ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆيلىمەي بەدىنى سۇ بولۇپ كەتتى، يەردىن ئۇستۇن قارىمىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى ئۆپۈپ، ئەھۋال سوراپ مېھرىبانلىق قىلدى. قەيس خىجىل بولۇپ جاۋاب بەرمىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، سىرنى ئاشكارىلاشنى تىلىدى. خالايىقلار ئەھۋالنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى. بەزىلەر سەۋدايى بوپتۇ، دېيىشتى. ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى. قەيس غەم ھۇجرىسىدا قالدى، ئۆز ئەھۋالىغا يىغلىدى. ئىشق ۋەجىدىن باياۋانغا كېتىشنى خىيال قىلدى، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەنئى قىلىشىنى بىلىپ ئاخشامغىچە نالە ـ زار ۋە ئىنتىزارلىقتا ئۆتتى.

كېچە بولدى، ئىشق زىيادە بولدى. ئىشق ئوتى بېشىغا ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى نابۇت قىلاي دېدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ۋە پىيادە ئۆيدىن چىقتى ـ دە، لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى، ئەمما قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەس ئىدى. ئۇ گاھى يىقىلىپ، گاھى يۈگۈرۈپ مەست كىشىدەك ماڭدى. قاراڭغۇ كېچىدە لەيلىنىڭ قەبىلىسى تەرەپتە ئوت يورۇقى كۆرۈندى. قەيس ئاھ تارتىپ، بىقارار ۋە بىئارام ھالەتتە ئوتقا قاراپ ئېيتتىكى: «ئەي جۇدالىق كېچىسىنىڭ روشەن يۇلتۇزى، ئىشق ـ مۇھەببەت گۆھىرىنىڭ شولىسى، غەمناكلارنىڭ يول چىرىغى، مەھبۇبلارنىڭ ئەلچىسى، بۇ غەم باياۋىنىدا قولۇمنى تۇتتۇڭ، يىراق كېچىسىدە يولۇمنى كۆرسەتتىڭ، سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى قانداقمۇ ئېيتىپ بولارمەن؟ ئاي بىلەن كۈن ساڭا نېسىپ بولسۇن، مەندەك ئا-

شىقلار ساڭا ئوتۇن بولسۇن.» ئۇ ئاخىر ئوتنىڭ قېشىغا كەل-دى. قەيس ئۆزىنى باسالماي لەيلىنىڭ ئىشقىدا ئاشىقانە بېيىت - غەزەللەرنى ئوقۇپ، لەيلىگە غايىبانە شۇنداق خىتاب قىلاتتى: «ئەي جانۇ جاھانىم، جانىمنىڭ ھەمراھى، سېنىڭ ۋەسلىڭ — مېنىڭ خىيالىم.» شۇ چاغدا ئۇ لەيلىنىڭ ئىچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە دېدىكى: «ئەي ئىت، سەن مەندىن بەختلىكسەن، غەمكىنلەرگە ۋاپا كۆرسەتكەن، ئاداشقانلارغا رەھنەمالىق قىلغان، كېچىدىكى تولۇن ئايدەك يارىمىنىڭ ئىزىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، بېشىدىن ئۆرگۈلسەم دەپ يىغلاپ يۈرگەن مەندەك بىچارە ئاشىققا ساڭا ئوخشاش كۆزەتچىلىك قىلىش مۇيەسسەر بولمىدى. سەن ھەمىشە يارىمىنىڭ ئىشىكىدە خۇشال، مەن ھىجرى باياۋانىدا بەتھال يۈرىمەن ۋە مەن ھىجىر - جۇدالىق سەھراسىدا ھەيران ۋە سەرگەرداندۇرمەن، سەن ۋاپا كويىدا شاد - خۇرامسەن. شۈكرىكىم، سېنى مەھبۇب ئىشىكىدە باش قويدۇرۇپ، مېنى ئىشق دەشتىدە سەھرانى ئايلاندۇرۇپدۇر.»

قەيس گاھى يىغلاپ - گاھى قوپۇپ، ھەي قەبىلىسىگە يېقىن باردى. ئۇ ھەربىر قەدەمدە بىھوش بولۇپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ قوپۇپ يۈگۈرەيتتى.

ئەلقىسسە، لەيلى ھەم قەيسنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ، بىقارار بولۇپ، غىزادىن قالدى ۋە ئۇيقۇنى تاشلىدى. يىلاندەك تولغىنىپ زارلىدى. ھەممە خالايىق ئۇخلاۋاتاتتى، لېكىن لەيلى ئىشق ئوتىدا كۆيەتتى. ئىنىكئانىسى بۇ ھالدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ھەم قەيسكە مېھرىبان ئىدى. بۇلار مەك-تەپتە ئوقۇغاندا بۇ ئايال ئۇلارغا ئانىسىدەك مېھرىبانلىق قىلاتتى. لەيلى بۇ كېچە تولىمۇ بىتاقەت بولدى. قاراڭغۇ كې-چىدە ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا چىقتى - دە، يولغا راۋان بولدى.

ئىنىكئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لەيلى مېڭ-
گەنپ - مېڭىپ قەيسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئاشىقلار
بىر - بىرىنى كۆرۈپ زارلاشتى ۋە ھەر ئىككىسى تاقەت قى-
لالماي تۇرالماي بىھوش بولۇپ يىقىلدى. لەيلىنىڭ كەينىدىن
كەلگەن ئايال بۇ ھالنى كۆردى، ئىككىيلەن بىر - بىرىنى
كۆرمەك بولۇپ، تاقىتى قالماي ھەيران - لال بولدى. لەيلى-
نىڭ ئىنىكئانىسى پىنھان ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھالىغا زار -
زار يىغلىدى ۋە قورقتى. مۇبادا بۇلار ھوشىغا كەلگۈچە خالا-
يىق خەۋەر تېپىپ قالسا ياخشى بولماس دەپ ئويلاپ، لەيلىنى يۈدۈپ ئۆيىگە ئەكې-لىپ ياتقۇزدى. ئاندىن يېنىپ بېرىپ قەيسنى كۆتۈردى - دە، ئادەملەر گۇمان قىلمايدىغان جايغا ئاپىرىپ قويدى ۋە يېنىپ كېلىپ لەيلىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياتتى. بۇ ھالدىن ھېچكىم خەۋەرسىز ئىدى.



ئەلقىسسە، قەيس ئاشۇ يەردە ياتتى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى

تاپالماي پەرياد - پىغان قىلدى. قەيسنى ئىزدەشكە ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى. ئىزدىگۈچىلەر لەيلىنىڭ قەبرىسى تەرەپكە بېرىپ قەيسنى تاپتى. ئۇلار كۆردىكى، لەيلىنىڭ قەبرىلىسىدىن ئىككى ئايال كىشىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن ئىزلىرى تۇراتتى. ئىككىيلەن بۇ يەردە يىقىلىپتۇ. يىقىلغانلارنىڭ بىرى لەيلى، بىرىنىڭ قەيس ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم بولدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ھېس قىلىپ پەرياد چەكتى. قەيس بىھوش ھالەتتە ئىدى. شامال قۇم - تۇپراقلارنى ئۇنىڭ ئۇستىگە باشتىن - ئاياغ تۆككەن بولۇپ، خۇددى ئۆلگەن كىشىدەكلا ياتاتتى. ئۇلار قەيسنى نەپەس ئۈزدىمىكىن دەپ ئويلاپ پەرياد كۆتۈرۈشتى. بىرى ئاغزى ۋە قوللىرىنى ئۇنىڭ دىمىغىغا يېقىنلاتقانىدى، قەيسنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى بىلىندى. ئۇلار خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ۋەيران كۆڭلىنى ئاباد قىلىپ، قەيسنى كۆتۈرۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاتا - ئانىسى قەيسنى بۇ ھالدا كۆرۈپ پەرياد كۆتۈردى. قەيس ھوشىغا كەلدى. ئاتا - ئانىسى قەيسكە بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلدى. قەيس بېشىنى سىلىپ خامۇش ئولتۇردى. تۇرغانلارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى: «ئەي شاھزادە، بۇ ساڭا نېمە ھەۋەس؟» يەنە بىرى مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنىڭ بىئەقىللىقتۇر، بۇنى تاشلىغىن، ھوشيار بول !» تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل نەسىھەتلەرنى قىلدى. بۇ نەسىھەتلەر قەيس بىچارىگە گويا خەنجەر ۋە نەشتەر بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ يىغلايتتىيۇ، ھېچنېمە دېمەيتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق سۆز كىرمەيتتى. يەنە كېچە بولدى، ھەممە كۆزلەرنى ئۇيقۇ ئەسىر قىلدى. قەيس ئىشق ئوتىدا بىقارار بولۇپ چاچراپ قوپتى - دە، لەيلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئەتىسى يەنە شۇنداق قىلدى. باياۋانلاردا يۈرۈپ، ئىلگىرى-

كىدىنمۇ زىيادە غەمكىن بولدى.

ئەلقىسسە، قەيسىنىڭ ئەھۋالى ھەر كېچە شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشقى ـ سەۋدالىقى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر ئىلاج قىلماققا ئاجىز كەلدى. خالايىقلارمۇ تەئەججۈپتە قالدى. ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «تەلۋە ـ ساراڭ» دەپ چاقىرىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭغا مەجنۇن دەپ ئىسىم قويدى. مەجنۇن ھەمىشە: «ئاھ لەيلى، ئاھ لەيلى !» دەپ پىرقىراپ، قۇيۇندەك يۈگۈرەيتتى. ئۇ لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە بېرىپ: «كاشكى، قېنىم مۇشۇ يەردە تۆكۈلسە، جېنىم سەدىقە بولسا ئىدى» دەپ ئاھلار چېكەتتى، ئاندىن باياۋان تەرەپكە بېرىپ، كۆزلىرىدىن ئېرىق سۈيىدەك ياشلار تۆكۈپ سەرگەردان بولاتتى.

**پەسلى داستان، مەجنۇننىڭ بىھوشانە ئاشىقلىقىدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خەۋەر تېپىپ لەيلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەجنۇننى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغانلىقى، ئىشقى ئوتىدا كۆيگەن مەجنۇننى چىرمىغان زەنجىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يانغان ھارارەتتە ئېرىپ سۇ بولۇپ كەتكەنلىكى، مەجنۇن زەنجىردىن خالاس بولۇپ باياۋان تەرەپكە قەدەم قويغانلىقى، لەيلى گۈلىستانىدىن ئۆيىگە كەلگۈچە ئىبنى سالام كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، لەيلىنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى**

مەجنۇننىڭ تەلۋىلىكى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ مەجنۇنلۇقى مەشھۇر بولدى. چوڭ ـ كىچىك جىمىكى كىشى ئۇنىڭ لەيلىنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى بولغانلىقىنى بىلدى ۋە بۇ خەۋەر لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خالايىقلار پادىشاھقا:

«ئامىر قەبىلىسى ئۇلۇغىنىڭ ئوغلى قەيس بۇ قەبىلىگە كېلىپ تەلىم ئېلىپ ناھايىتى ئاقىل ۋە ياخشى ئالىم بولغاندى. ئەلھال، سەۋدايى بولۇپ ئەقىل - ھوشىدىن كەتكەنمىش، دەشت - باياۋاننى كېزەرمىش، كېچە - كۈندۈز پەرياد - پىغان چېكەرمىش، خەلق ئارىسىدا شۇنداق بىر سۆز پەيدا بوپتۇكى، بىر ئاي يۈزلۈككە ئاشىق بولۇپ، كېچە - كۈندۈز غەم بالاسىدا ياتارمىش» دېدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ غەمناك ۋە پەرىشان بولۇپ، قولىنى قولىغا ئۇرۇپ: «پېقىر كەمىنىمۇ ئۇنىڭ تەردپىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بىچارىگە كۆپ كىشىنىڭ كۆزى تەگدىمىكىن، تولىمۇ قابىل ۋە خۇشخۇي يىگىت ئىدى. ئاقىل، كامىل ۋە شېرىن سۆز ئىدى. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تولا مەقبۇل كېلەتتى. ئەگەر ئۇ يىگىت شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغاندۇ، ئىسىت، بۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىنى كىمنىڭ ئوتى كۆيدۈردىكىن ۋە قايسى مەھبۇب گۈلرۇخ مۇھەببەت ئوتىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالدىكىن؟ !» دەپ كۆپ پەرىشان بولدى.



شۇ چاغدا ۋەزىر پادىشاھقا: «شاھىم، ئۆزلىرى ئوبدان سورىدىلا، ئەمدى ماڭا سۆزلەشكە پۇرسەت بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىنى ھەممە خالايىقلار بىزنىڭ قەبىلىگە باغلاۋاتىدۇ. تولىراق گۇمان لەيلىدە ئىمىش، بۇ يەردە قەبىلىلەر كۆپ، ئەمما قەيس ھېچقايسى قەبىلىگە مايىل ئەمەس ئىمىش، ئۇ دائىم بىزنىڭ بۇ قەبىلىنى ئايلىنىپ يۈرەرمىش، جانىجان قەبىلىسى بىزنىڭ مۇشۇ قەبىلە ئىمىش. چۈنكى بىزنىڭ قەبىلىمىز شۇنداق پاكىكى، ئۇنىڭغا پاكلىق شامىلىدىن باشقا ھېچ نەرسە تەگمەس، قەبىلىمىزنىڭ ئەتراپىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم، ئەمما ئاشىقنىڭ ئاھى ئەل ئارىسىدا پەلەككە يەتكۈسىدۇر. قەيس ئۆزىنىڭ پەرياد ـ پىغانلىرىدىن بىخەۋەرمىش. ھەمىشە ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارا قىلارمىش، ئۇ ناھايىتى شېرىن زەبان بولۇپ، ھەر بارە نەزمە ئوقۇسا ئادەملەر ئوتتا كۆيەرمىش، بۇنى جانابلىرىغا مەلۇم قىلماي بولمىدى. بۇ ھەقتە بىر كېڭەش قىلماق لازىمدۇر» دېدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ گويا يىلاندەك تولغاندى، خېلى بىر ۋاقىتقىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋەزىرگە مۇنداق دېدى: «سەن ھازىر ئامىر قەبىلىسىگە بارغىن، ئۇلارغا دېگىنكى، ھەر ئىككىمىزگە مۇنداق نام مۇناسىپ ئەمەس. بۇ گەپ خالايىقلار ئارىسىدا تارقىلىپتۇ. قەيس بۇ ھالغا چۈشۈپ، ئىش خالايىققا تارقالغۇچە بىر چارە قىلماق لازىم ئىدى. ئەگەر مەجنۇن شۇ قەدەر ئىشق دىۋانىسى بولغان بولسا، ئۇنى زەنجىرلەپ بەند قىلماق لازىمدۇر. ئەگەر ئۇلار ئوغلىنى باشقۇرمايدىكەن، ئوغلىغا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانماسمەن. ھالا، بولغۇلۇق بولۇپ شۇ يەرگە يېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز ئوغلىنى بەند قىلىپ ئوبدان ساقلىسۇن، ئەگەر بۇ ئىش يەنە سادىر بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ باياۋانغا كۆمگەيمەن!»

ئەلقىسسە، ئەلچى بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئا-نىسىغا يەتكۈزدى. مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئەقلى ھەيران، كۆزى گىريان بولدى. ئاخىر ئامال-سىز ئوغلىنى بەند قىلماققا پەرمان بەردى. ئەلچىلەر ياندى. خالايىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە مەجنۇننى باياۋاندىن تې-پىپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، مەجنۇن زەنجىر-لىنىپ بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلدى.

مەجنۇن كېچە ـ كۈندۈز نالە ـ پىغان قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن داۋاملىق ياش ئېقىپ، ئازراقمۇ ئۇخلىيالمىدى، قەلبى گۈلخاندەك كۆيەتتى. بىچارە مەجنۇن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى، غەم خەنجىرى بىلەن كۆكسىنى يۈز پارە قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ھېچ ئىلاج قىلالماي، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپلارنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىشقىدىن بىخەۋەر ھەكىملەر ھەر خىل دورىلارنى تەييارلاپ بېرەتتى ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا يىغلاشنى بەس قى-لىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ كۆزلىرىدىن قان تۆكەتتى. ئۆزىگە نەشتەر ئۇرۇپ، ئۆزىنى چاك ۋە زەخمىناك قىلاتتى. قانچە كېچىلەر ئەھۋالى شۇ تەرىقىدە ئۆتتى، ئۇنىڭغا ئالەم تۈندەك قاراڭغۇ ۋە دوزاختەك دەھشەت بىلىنەتتى. مەجنۇن ئىشق دەستىدىن زارلاپ مۇنداق دەيتتى: «دەرىخا! كاشكى، ئانامدىن تۇغۇلمىغان بولسام بۇ ئىشقى بالانى كۆرمەس، جېنىمنى خەستە قىلماس ئىدىم. ناۋادا، تۇغۇلغان ھامان ئۆلگەن بول-سام، ئۆلۈكۈمنى ئىتلارغا بەرگەن بولسا، جېنىم بۇ زەنجىر-دىن خالاس بولار ئىدى. ئەگەر ئىتلار مېنىڭ تېنىمنى تالى-شىپ، قانلىرىمنى يالاشقان بولسا، مېنىڭ ناپاك تەن ۋە قان-لىرىم ئۇلارنى قوتۇر قىلغان بولاتتى. خالايىقلار تېنىمنى يې-

گەن ئىتلارنى ئۆلتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۇرۇپ كۆككە سورۇغان بولسا، ئاسمان قارا بولۇپ، ئالەم دىۋانە ۋە سەرگەردان بولار ئىدى. ئاھ، ئاھ، ئۇنداق بولمىدى، جېنىم تەندىن چىقمىدى. كاشكى، كۆزۈم كور بولغان بولسا، بۇ جاھاننى ۋە لەيلىنى كۆرمەس ئىدىم ۋە دىۋانىلىكىمنى ئىزھار قىلىپ ئىشكىلەردە يىغلاپ يۈرمەس ئىدىم. كوچا - كوچىلاردا يىغلاپ، پالاكەت دەشتىدە ئەنسىز مۇشەققەتلەرنى تارتمىغان ۋە بۇ بالالارنى كۆرمىگەن بولاتتىم. كۆزۈم مېنى مۇشۇ رەنجكە سالدى. چۈنكى كۆزۈم بولمىغان بولسا، لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرمەيتتىم - دە، ئىشق ئوتى باغرىمغا تۇتاشماس ئىدى. دەرىخ، دەرىخ، نەزەرىم ئۇنىڭغا چۈشۈپ، جانىمغا بالا چىرماشتى. ئەگەر شامال كېلىپ ئۇنىڭ نىقابىنى ئاچسا، ئۇنىڭ جا-



مالىدىن پارلىغان ئاپتاپتىن جاھانغا ئوت چۈشۈپ توققۇز ئاسمانغا تۇتىشار ئىدى. ئۇ ئوتنىڭ شولىسى ئالدىدا قۇياش گوياكى بىر پېتىر ناندەك، ئاي بولسا كۆيۈك قارا توقاچتەك بولغان بولاتتى. ئاھ، مۇنچە بالا ۋە ئوتقا يەر ـ ئاسمان، بەلكى توققۇز پەلەكمۇ تاقەت قىلالماس ئىدى. مەن بىچارىگە بۇ ئوت تۇتىشىپ، كۆرمىگەن دەرد ـ ئەلەمنى كۆرسەتتى. ئىشق ئوتىنىڭ چاقماقلىرىدا سامانىنىڭ بەرگى نېمە تاقەت قىلالىسۇن؟ ! مەن ئاجىزنىڭ بوينىغا ئۇ مەھبۇبەمنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چىرماشسا قانداق قىيامەت بولاتتىكىن؟ ! مۇنچە بالا ـ قازا مېنىڭ بېشىمدا تۇرسىمۇ يەنە مېنى تۇتقۇن قىلدى ۋە قاراڭغۇ زىندانغا سالماقچى بولۇشتى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك تېنىمنى جاراھەتلەندۇرۇپ، ئاندىن دەرد تارتىپ باقمىغان ھەكىملەرنى بېشىمغا كەلتۈردى. ئۇلار خەستە جىگىرىمنى پارە ـ پارە قىلىپ، زەئىپ بەدىنىمنى نەشتەر بىلەن ياردى ۋە بىھۇدە نەسىھەتلەر بىلەن جاراھەتلىرىمگە تۇز سۇيى قۇيدى. ئىسىت، ئىسىت، بۇنداق ئىشلاردىن يەنە يۈزمىڭلاپ بولدى. كاشكى، باياۋانلاردا يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ يۈرگەن بولسام، تاغ ـ دېڭىزلار ئارىسىدا نالە ـ پىغان چەككەن بولسام، ئۆز يارىمدىن باشقا كىشىنى ھەر دائىم خالىي قىلغان بولسام ئىدى ! ئاھ، ئىسىت، ئۇلار بىلمىشمەيدۇكى، بىر ئۆيگە ئوت تۇتاشسا، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىك ـ تۈڭلۈكىنى ھەرقانچە چىڭ ئېتىۋەتسىمۇ ئوت يەنىلا ھەر تەرەپتىن كۆيدۈرۈپ ئۇنى ۋەيران قىلىدۇ، بەلكى ئۇلىدىن تارتىپ يىقىتىپ تاشلايدۇ. دەرد مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆيىنى قايغۇ زىندانى قىلدى. يەنە كېلىپ ئۇلار مېنىڭ بەدىنىمنىمۇ قاراڭغۇ زىندانغا تاشلاشتى. بەدەن زىندانىمنىڭمۇ ئىشىك ـ تۈڭلۈكى ئېتىلگەن. كۆڭلۈم قېتىدا ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتى ياناقتا. مۇ-

شۇنداق ئەھۋالدا سۆيگۈ ــ مۇھەببەت ئوتى شولا تارتىپ، ئەـ
لەڭگۈ ئۇرۇپ، ئاھىم ئوتى ئاسمانغا ئۆرلەپ، بۇ قاراڭغۇ
ھۇجرىنى بۇزسا نە ئەجەب؟ ! بۇ ئوتتىن بەلكى يەتتە ئاسمان،
توققۇز پەلەك لەرزىگە كېلىپ، ئۇنىڭ شوقىدىن چاك ــ چاك
يېرىلغۇسى. دەرىخا، ئەتراپىممۇ ئوت، جىنىممۇ ئوت ۋە ئۇنىڭ
ئىچىدىكى قېنىممۇ ئوت بولدى. مۇنداق قاتمۇقات ئوت ئىچىدـ
گە ھەرقانداق ئادەمنى تاشلىغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پۇت ــ قوـ
لىدىن كىشەنلەرنى ئېلىۋەتكەنىدى. مېنىڭ گۇناھىم شۇ قەدەر
ئېغىر بولغاچقىمىكىن، مېنى ئوتقىمۇ كىشەن بىلەنلا سالدى.
يەنە تېخى قۇرۇق نەسىھەتلەر بىلەن ماڭا يول كۆرسىتىشمەكـ
تە !» شۇنداق نالە ــ پەرياد قىلىپ ئاھ تارتتىكى، بەدەنلەردىـ
كى زەنجىرلەر ھالقا ــ ھالقىلىرىدىن گوياكى سۇدەك ئېرىپ،
قول ــ پۇتلىرىدىكى ياغاچ كىشەنلەر پارە ــ پارە بولۇپ يېرىدـ
لىپ چۈشتى. مەجنۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جانابىي ھەققە
شۈكۈر ــ سانالار ئېيتىپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈردى، زارلاپ
يىغلاپ كۆزلىرىدىن قان ــ ياشلىرىنى ئاققۇزدى. شامالدەك
يۈگۈرگەن پېتى قوۋۇقنى ئېچىپ باياۋان تەرەپكە كەتتى. بۇ ئىش
ھەر ئىككى قەبىلىنىڭ گۇمانلىرىدىن يىراق ئىدى. ئۇ كېچە ــ
كۈندۈز ئاھۇپىغانلار چېكىپ، قۇيۇندەك ئايلىنىپ، بېشىغا
تۇپراقلارنى چاچقان ھالدا دەشت ــ باياۋانغا كىرىپ كەتتى...

ئەلقىسسە، ئەمدى لەيلىنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى:

شۇ چاغدا لەيلىگە ئۇستازى رۇخسەت بېرىپ باغ ــ بوسـ
تانلىققا ئەۋەتتى. لەيلى باغقا بېرىپ مەجنۇننى گۈللەر ئاردـ
سىدا قويۇپ، ئۆزى يۈزمىڭ زىبۇزىننەتلەر بىلەن ياسىنىپ،
ھەربىر قويغان قەدىمىدە لاتاپەتلەر پەيدا قىلىپ، جاھان ئىدـ
چىگە ئوتلارنى سېلىپ، گاھ جامالىنى قىزىلگۈلدەك قىزارـ
تىپ، لېكىن، كۆزلىرىدىن ياش ئۇنچىلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىدـ

ده مەجنۇننى ياد ئېتىپ، گاھ ئۇنىڭ پىراقىدا چىرايىنى سارغايتىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنى بىر ياش يىگىت كۆرۈپ قالـ
دى. ئۇنىڭ ئېتى بەخت ئىبنى سالام ئىدى. ئۇ بەنى ئەسەد هاكىمىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ مال ـ دۇنيا، خەزىنە ـ دەـ
پىنىسى هېسابسىز ئىدى. بەخت ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قوـ
ياشتەك جامالىنى بىر كۆرۈش بىلەنلا مىڭ جان بىلەن ئاشىق بولدى ـ دە، دەرهال ئۆز قەبىلىسىگە باردى. هەر خىل ياخشى تۆهپىلەر ۋە قىممەت باهالىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ، لەيلىنىڭ ئاتىسىغا بىرقانچە دانىشمەندىن ئەۋەتىپ، لەيلىنى ئۆز نىكاـ
هىغا ئالماقچى بولدى. ئۇ دانىشمەنلەر تۆهپە ۋە خەزىنىلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، هەي قەبىلىسىگە قاراپ راۋان بولدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ۋە كەلگەنلەرنى كۆپ ئەزىزلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىبنى سالامنى تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئاقىل، دانىشمەن، خۇش پېئىل، پەملىكلىكىنى بىلەتتى. شۇـ
ڭا مېهمانلارغا كۆپ ئېهتىراملارنى بىلدۈرۈپ، ياخشى سۆزلەر بىلەن مېهمان قىلدى. كەلگەنلەر سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلىپ، مەقسەتلىرىنى زاهىر قىلدى. ئاندىن كېيىن ئەلچىـ
لەر ئەدەپ بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاب كۈتتى. لەيـ
لىنىڭ ئاتىسى كەلگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئەگەر خۇدايىـ
تائالا ياخشىلىق ئاتا قىلىپ، ئۇ ئىبنى سالام ماڭا ئوغۇل بوـ
لۇشنى تىلىگەن بولسا، مەنمۇ هەم ئۇنىڭغا ئاتا بولۇشنى خالايمەن. بۇ دۇردانىنى ئۇنىڭ تاجىغا تاقايمەن ۋە ئۇنىڭ بىـ
ساتىنى بۇ گۆهەر بىلەن يورۇتقايمەن. لېكىن بىرقانچە ۋاقىت سەبرە قىلسۇن، چۈنكى، هازىر بۇ كۆڭلۇمنىڭ شېخى شىـ
كەستىرەك، ئۇ تېخى كامالىغا يەتمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەزگىل كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە، هازىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەم ۋە ئازراق مالاللىق يېتىپتۇر. ئۇ شۇ مالاللىقلاردىن قۇتۇلسۇن

ۋە ئېسىگە كەلسۇن. شۇ چاغدا ئۇل مۇبارەك ئوغلۇم مېنىڭ قولۇمدىن ئۆز مەھسۇلىنى ئالسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەلچىلەر بۇنىڭدىن خۇشال ـ خۇرام بولۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى.

لەيلى قەيسنى باغدا قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاشىق بولۇپ يىمەك ـ ئىچمەكتىن قالغان، توزۇغان غۇنچىدەك پارە ـ پارە بولغان، كۈندىن ـ كۈنگە ناتىۋانلاشقانىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكىلەر بۇ ھالدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلاتتى. بەخت ئىبنى سالامنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى لەيلىگە ئېيتماس ئىدى. ئۇلار بىلەتتىكى، ئەگەر بۇ ئەھۋالنى لەيلى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ، پىراقى ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى لەيلىنى كۆرگىلى كەلدى. ھەرقايسىسى لەيلىنىڭ كۆڭلىنى خۇش بولار دەپ تۇرلۇك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر موماي بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەقلى كەمرەك بولۇپ، تەدبىرسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى، قىلغان سۆزلىرى ھامان خاتا بولاتتى. بۇ موماي لەيلىنى خۇش قىلماق ئۇچۇن: «ئەي ئاي يۈزلۈك، ھېچقانداق غەم قىلماڭكى، كۆڭلىڭىزنى ھەمىشە خۇش تۇتۇڭ، تاڭلا ياخشى بولسىڭىز بەختىڭىز كەلگۇسىدۇر، ھەممە مۇرادىڭىز ھاسىل بولغۇسىدۇر. يارىڭىز بەخت ئىبنى سالام تولىمۇ خۇشخۇي ۋە ئەقىللىق يىگىتتۇر. خۇداغا شۈكۈر، ناھايىتى ياخشى ئىش بولغۇدەك ...» دەپ جىمىكى گەپنى ئېيتىۋەتتى. لەيلى بۇ سۆزلەرنى ئۇل كەمپىردىن ئاڭلاپ، ئەھۋالنىڭ شۇ يەرگە بارغانلىقىنى بىلدى. جاھان ـ ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى، بويىغا يامان تىترەك چۈشۈپ، ئاھ تارتىپ بىھوش يىقىلدى، بىردەمدىن كېيىن نەپىسى جايىغا چۈشۈپ نالە ـ زار قىلدى. لەيلىنىڭ تاقىتى جىسمىدىن

ئۇچتى، جىگەر قانلىرىنى كۆزىدىن ئاققۇزدى.

ئۇ كۈندىن - كۈنگە مەجرۇھلىشىپ كەتتى. ئىشق ئوتىنىڭ غالىبلىقى ئۇنى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇ بۇنىڭدىن زىيادە ئىشق ئوتىدا كۆيسە، ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئىنىكئانىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە مۇنداق دېدى: «ئەي، غەمدە غەمدىشىم، مۇڭدا مۇڭدىشىم ئانام! مېنىڭ سىرلىرىم ساڭا ئاشكارىدۇر. ھەرقانداق يوشۇرۇن ئىشىم بولىسىمۇ سەندىن يوشۇرماي كەلگەنىدىم. ھازىر بىر سۆز ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ شولىسىدىن دىماغلىرىم كۆيدى. گۇمانىمچە، بۇ ئىشتىن سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار. لېكىن، سەن بۇنى ماڭا دېمەي كەلدىڭ. ساڭا ھاجىتىم شۇلدۇركى، سەن ئىشىككە چىقىپ بىر سائەت كۆزەتچىلىك قىلساڭ، ھېچكىمنى يېقىن



كەلتۈرمىسەڭ، چۈنكى كۆڭلۈم ناھايىتى پەرىشان. ئادەملەرنىڭ غەلۋىسىدىن زېرىكتىم. كىرگەنلەرنى ئۆزىتىپ قوي، ئۆز ھا- لىمغا قويسۇن» دېدى. ئىنىكئانا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ: «خوش، بولغاي» دەپ تاشقىرىغا چىقتى. ئىشىكنى ئەتتى. ھەممە كېنىزەك ۋە نۆكەرلەرنى ئىشىكتىن يىراق قوغلىدى. لەيلى ئۆزى خالىي قالغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەرگە ئۇردى، يىغلاپ توپا چېچىپ، كۆكسىگە تاش ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى تىر- مىلىدى، ياشلىرىنىڭ رەڭگى يۈزىنى قىزارتتى، پەريادى پە- لەككە يەتتى. ئەپغانلار قىلىپ شۇنداق خىتاب قىلدىكى: «ئەي ستەمكار پەلەك، بۇ مەن بىچارىگە كەلگەن نېمانچە تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەم. مېنى بۇ بالا ئوتىغا سېلىپ، مەھبۇبەمدىن يىراق قىلدىڭ. خۇشاللىقىم گۈل ئاچقاندا، مۇرادىمنىڭ مېۋى- سى بېشىمغا چېچىلغاندا مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدىڭ. جۇدالىقنىڭ زەھىرىنى ئاغزىمغا قۇيدۇڭ. ئەي بىۋاپا چەرخ، ئۇل غېرىب زارىمنى يىراق باياۋاندا ئاۋارە قىلدىڭ ۋە ساپ كۆڭلىنى يۈز پارە قىلدىڭ. ئۇنى باشتىن ـ ئايىغىچە ئىشق خەنجىرى بىلەن يارا قىلدىڭ. ئۇل بىچارىنى شۇنداق سەر- گەردان ۋە پاراكەندە قىلدىڭكى، بۇنىڭغا تېخى قانائەت قىل- ماي، ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرمەك قەستىدە دوزاخقا سالدىڭ. ھازىر ئاڭلىغان بۇ خەۋەر يەنە بىر دوزاخكى، ئۇنىڭ يالقۇنى جېنىمغا تۇتاشتى. ھەسرەت دەرياسى مېنى غەرق قىلدى. ماڭا تۇتاشقان بۇ ئوت پەلەككە تۇتاشقۇسى ۋە بەلكى تەتۈر پەلەكنى كۆيدۈرگۈسى. دەرىخ ! مەن بۇ بالالار ئىچىدەمەن. ئەمما مېنىڭ ئۇل زار ئەسىرىم نېچۈك ھالدىكىن؟ ! مېنىڭ ئىشقىمنىڭ ئوتىدا مېنى يادلامدىكىن ۋە يىراقىم غېمىدە چاك ـ چاكمى- كىن ! ئاشۇ غەملەرنى مېنىڭ يىراقىم سەۋەبى بىلەن تارتماق- تا. ئۇ يۈزۈمنىڭ يىراقىدا يۈزلىرىنى قان ـ ياش بىلەن

قىزارتار، قېشىمنىڭ خىيالى يادىغا كەلسە، قەددىنى يادەك ئېگەر، چاچلىرىمنى پىكىر قىلسا، تەنلىرى يىلاندەك تولغىنار، غەمزە - نازىمنى ئويلىسا، تەنلىرىگە نەشتەر سانجىلۇر ۋە يۈزۈمدىكى خالىمنىڭ دەردىنى تارتار. توۋا، مەن پەرياد - پەريادلار ئىلكىدە ئۆلۈكدۈرمەن» دەپ سەۋدايىدەك ئاھ تارتىپ چاچلىرىنى يۇلدى. ئىنىكئانىسى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ لەيلىنىڭ مۇنداق زارلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولغىنىپ يىغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، لەيلى ھەمىشە كېچە - كۈندۈز پەرياد قىلماقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى.

**مەجنۇننىڭ ئاتىسى مەجنۇننى كەبىگە تاۋاپقا ئاپىرىپ مۇناجات قىلغانلىقى، مەجنۇن ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ دەشت - باياۋانغا يۈزلەنگەنلىكى، سەھرادا كېيىكلەر، شىرلارغا قوشۇلغانلىقى، نەۋپەل پادىشاھ شىكارغا چىقىپ مەجنۇننى كېيىكلەر ئارىسىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانلىقى ۋە لەيلىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەك ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كېلىپ لەيلىنىڭ ئاتىسى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى**

مەجنۇن قاراڭغۇ كېچىدە زەنجىر - كىشەنلەردىن خالاس بولۇپ قاچتى. ئەتىسى ئاتا - ئانىسى ئىزدەپ تاپالمىدى، ھەر تەرەپكە ئاتلىق ۋە پىيادىلەرنى ئەۋەتىپمۇ تاپالمىدى. مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ غېمىدە زار - زار يىغلاشتى. ھەر خىل نەسىھەتلەرنى قىلىپ كۆردىيۇ، ئاخىر ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، خۇدانىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈشتى ھەم ئىككى ئاشىق - مەشۇققا ئاللادىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇلار كۆپ دۇئالار قىلدى. بۇ كەبىگە بارىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇلار سەپەر جابدۇقىنى قىلدى ۋە نەچچە كۈن ئىزدەپ يۈرۈپ

مەجنۇننى بىر باياۋاندىن تېپىپ كەلدى. مەجنۇنغا ئاتىسى كە-بىگە بىللە بېرىشنى ئېيتتى. مەجنۇن بۇ ئىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلدى. مەجنۇن-نىڭ ئاتىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى - دە، مەجنۇننى مە-ككىگە ئولتۇرغۇزۇپ سەپەرگە راۋان بولدى. سەھرا، مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاخىر كەبەتۇللاغا يەتتى. مەجنۇن كەبىنى مۇھەببەت بىلەن كۆردى. ئىشق ئوتى كۆڭلىدىن جۇش ئۇردى. كۆزلىرىدىن ئېرىقنىڭ سۈيىدەك ياش تۆكۈلدى. دەردكە تولغان كۆڭلىدىن ئاھلار تارقىتىپ، كەبىنى چۆرۈلۈپ تاۋاپ قىلدى ۋە زار - زار يىغلاپ يۈزىنى تۇپراققا سۈرۈپ، كەبىنىڭ هال-قىسىغا ئېسىلدى. پەرياد - پىغان قىلىپ شۇنداق مۇناجات ئوقۇدىكى: «ئەي دانا ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، سەرۋەرى جا-هان، ئىشق ئوتىنى جاهانغا تارقاتقان ۋە مەن بىچارىنىڭ جې-نىنى كۆيدۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىنى جېنىمغا سالغان، نەسى-ھەتنى ئاچچىق ۋە پىراق زەنجىرىنى قاتتىق قىلغان ئىلاھىم، مەن شىكەستىلەندىم. بۈگۈن دەرگاھىڭغا كەلدىم. مەن ئىشق زەنجىرىدە باغلاقلىق. جېنىمنىڭ رىشتىسى ئىشق ھالقىسىغا چىگىكلىكتۇر. ئىشق ئوتىدىن تەنلىرىم كۆل بولۇپ، جان - ئۇستىخانلىرىم يانجىلىپ كەتتى. ئاھ، بۇ ئىشق ئوتىنى بايان قىلىۋاتىمەن. ناھايىتى ھالاكەتلىك غېمىمنى ئاشكارىلاۋاتىمەن. ئەي خۇدايىم، سەندىن خۇشال بولماقنى تىلەيمەنكى، مۇھەببەت - ئىشقتىن خالاس بولماقنى تىلەيمەن. بىلگىنكى، سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم — كۆڭلۈمنى ئىشقنىڭ مەيدانىغا تاشلىغىن، جانىمغا ئىشق ئوتىنى پەيدا قىلغىن. ئىشقنىڭ ئا-رىسىدىن دىلىمنى ئايرىما. ئىشقنىڭ ئوتىدا يۈزۈمنى رەڭدار قىل. بۇ ئىشق ئوتىنى تېنىمدا تېخىمۇ زىيادە قىلغىن. كۆز-لىرىمگە ئىشق تۇتىياسىنى سۈرگىن. كۆڭلۈمگە ئىشقنىڭ

كىمياسىنى سالغىن. دىلىمغا ئىشقىنىڭ ھەرپىلىرىنى پۈتكىن! كۆڭلۈم ۋە باشىم ئۈزرە ئىشقىنىڭ يۈكىنى يۈكلىگىن، جېنىمنى شۇ يولدا شېھىت ئەيلىگىن... ئىشقنى ماڭا يەنە بىر ھەسسە بەرگىن. ئاڭا ھەم شۇنداق قىلغىن. ئىسىت، ئەسىت، ئەي پەرۋەردىگارىم، مەن تەلۋىنىڭ جامىغا مۇھەببەت شارابىنى تولدىن – تولا قۇيغىن ۋە ماڭا توختىماي قۇيۇۋەر. لەيلىنىڭ ئىشقى تېنىمدە جان ئورنىدا بولسۇن. لەيلىنىڭ يالقۇنى تومۇرۇمدا قان بولسۇن، ئىشقى يوق كىشىدىن مېنى يىراق قىلغىن. ئى ئاللا، ھەممىشە خىيالىم يارىمنىڭ يادى بىلەن بولسۇنكى، جېنىمغا ئۇنىڭ ۋىسالىنى نېسىپ قىلغىن. تا تىرىك بولسام ئۇنى يادلاپ ئۆتەي، جېنىمنى ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن تېنىمدىن چىقارغىن، تاكى قىيامەت قايىم بولسا ھەممە ئادەم تىرىلگەندە لەيلىنىڭ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كەلگەن شامال مېنى تىرىلدۈرسۇن. مېنى دوزاختا سالساڭ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈر، بېھىشكە سالساڭ، مەھبۇبەمگە قوشۇلماقنى نېسىپ ئەت. تاكى بۇ دۇنيادا تىرىك ياشىسام لەيلىنىڭ غېمىنى باتىنىمدىن بىردەم يىراق قىلمىغىن. لەيلىسىز قالسام مېنى نابۇت قىلىۋەت!...» مەجنۇننىڭ پېقىر ئاتىسى بۇ مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ گاھى بىخۇد بولۇپ، گاھى ئۆزىگە كەلدى. ئۇرۇق – تۇغقانلىرى ھەيران بولدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى مەجنۇندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. مەجنۇن مۇناجاتنى تاماملاپ بولۇپ ئاھ تارتىپ يىغلىدى. بىرنەچچە كىشى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىغا ئەكېلىپ ياتقۇزدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە ئىشق ئوتى چۈشسە، نەسىھەتنىڭ سۈيى ئاڭا ياغ بولىدۇ – دە.

ئەلقىسسە، ھەج تاۋابىدا مەجنۇننىڭ ئىشقى يەنە زىيادە بولدى. ھاجىلارنىڭ ھەممىسى مەككە مۇقەددەستىن ياندى. مەج-

نۇنىڭ ئاتىسى ھەم ھەيران، ھەم پەرىشان بولۇپ، نالە چې-كىپ، ئوغلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ھەم زار - زار يىغلاپ ياندى.

مەجنۇن ئاتىسىدىن ئايرىلىپ دەشت - باياۋانلاردا يۈردى. ئۇنىڭ بارار - تۇرار قارارى يوق ئىدى ۋە قاياقتا يۈرۈش ھەققىدىمۇ نىشانسىز ئىدى. «لەيلى» دېگەن سۆزدىن بۆلەك گەپ قىلماس ئىدى. ھەر تەرەپكە قاراپ لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرەتتى. گۈل كۆرسە لەيلىنىڭ رۇخسارىنى، سەرۋە كۆرسە قەددىنى ئەسلەپ ئۇلارغا يۈزلىرىنى سۈرەتتى. ئاشىقانە غەزەل-لەرنى ئوقۇيتتى، گاھى قاھ - قاھ سىلىپ كۈلۈپ، گاھى يىغلاپ، يۈزلىرىگە كاچاتلاپ، كۆكسىگە تاش ئۇراتتى، گاھى شامالدەك يۈگۈرۈپ، گاھى قۇم - تۇپراق ئۈستىدە قۇرۇغان ياغاچتەك يېتىپ نالە قىلاتتى. سەھرالاردىكى كېيىكلەر ئۇ-نىڭغا ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ قەيەرگە بارسا ئەگىشىپ يۈرەتتى. كېيىكلەر مەجنۇننى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نالى-سىنى تاماشا قىلاتتى. مەجنۇن گاھى كېيىكلەرنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قوياتتى، گاھى سىلاپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە جانىۋارلار ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئەرەب مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى نەۋپەل بولۇپ، ناھايىتى ئاقىل ۋە پەھلىۋان ئى-دى. ئۇنىڭ نامى يىراق - يېقىندا مەشھۇر ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ مەج-نۇن يۈرگەن سەھراغا كەلدى. مەجنۇن ئۇنىڭ چېرىكلىرى ئا-رىسىدا قالدى. مەجنۇننىڭ ئەتراپىنى كېيىكلەر ئورىۋالغان-دى. كېيىكلەر قورشاپ كەلگەن سىپاھلارنى كۆرۈپ، مەجنۇن-نىڭ يېنىدا تۇردى. پادىشاھ كېلىۋېتىپ كېيىكلەر ئارىسىدا بىر ئاي يۈزلۈك يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ باش - ئاياغلىرى يالاڭ ئىدى. شاھ بۇ ئاجايىباتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە

ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— بۇ يىگىت ماڭىلا كۆرۈنەمدۇ ياكى سىلەرگىمۇ كۆ-رۈندىمۇ؟ بۇ ھالدىن كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشتى، — دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— بىزگىمۇ كۆرۈندى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مەج-نۇننىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغانلىقىنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ، مەجنۇنغا ئىچى ئاغرىپ باغرى كۆيدى. شىكارنى توختاتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— مۇشكۇل بالاغا گىرىپتار بوپتۇ. ئىشق بالاسى ئاجايىپ ھېكمەتتۇر. ھەركىمگە ئىشق ئوتى يېقىلسا مۇشۇنداق باياۋان-دىكى جانىۋارلارغا قوشۇلغاي، قازارا ئىشقتىن ۋۇجۇدى نابۇت بولسا، جانىۋارلار ئاڭا مۇسىبەت تۇتقاي، — پادىشاھ پەرياد



قىلدى ۋە، — ھەممىڭلار شىكارنى توختىتىڭلار، ئوقيانى يىغىڭلار، ئاتلارنى باغلاڭلار! — دېدى.

پادىشاھ مەجنۇن تەرەپكە ئات قويدى. كېيىنكىلەر ئۇنى كۆرۈپ قاچتى، ئەمما شاھنىڭ كەلگەنلىكى مەجنۇنغا خۇش ھال بىلىندى.

— سالام! — دېدى شاھ خۇش چىراي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى مەجنۇن ئىكرام بىلەن.

پادىشاھ ھەم ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۆزلىدى:

— ئاي يۈزلۈك يىگىت، دىدارىڭدا ۋاپانىڭ نۇرى، پېشانەڭدە كۆڭلۈڭنىڭ ساپلىقى جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە يۈرگىنىڭ مېنى ئەجەبلەندۈردى. كۆزۈمگە غەيرىي كۆرۈندى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى مەجنۇن، — ماڭىمۇ سېنىڭ ستەمكارلىقىڭ ئەجەب تۇيۇلماقتا. نېمىشقا جانىۋارلارغا غاپىللارغا ئوخشاش جاپا قىلىسەن؟ ئەلۋەتتە سېنىڭ بۇ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ يېمەككە ھاجىتىڭ يوق. خۇدا سېنى ئۇلاردىن بىھاجەت قىلغان. نېمىشقا ئاللانىڭ مەخلۇقلىرىغا ئازار بېرىسەن؟ ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆككىلى لەشكەر باشلاپ كېلىپ، زالىملارچە بىھۇدە قان تۆكىسەن؟ جانىۋارلارنىڭ گۆشى ساڭا قانداق غىزا بولدى؟ ساڭا بۇ ئىش قانداقمۇ راۋا كەلدى؟ ناۋادا سېنىڭ پۇتۇڭغا بىر تال تىكەن كىرسە، كۆڭلۈڭ قانداق رەنج سىزەر، بەدىنىڭ قانچىلىك تولغىنار، ئەزىز جېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنار - ھە! ئۇنداقتا بۇ نېچۇك زالىملىق؟ قولۇڭغا ئوقيانى ئېلىپسەن، جانىۋارلارنى ئاتماقچىسەن، ئاللا ئۇلارغىمۇ ئەزىز جان بەرگەن، ئۇلارنىڭ جېنىمۇ سېنىڭ جېنىڭغا ئوخشاش تاتلىق. ئۆزۈڭنىڭ جېنىغا ئازار يېتىپ قېلىشنى ئويلاپ، جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشتىن كەچكىن!

شاھ بۇ شېرىن نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرىشتە خۇيلۇق يىگىت، بۇ نەسىھەتلىك سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. سۆزلىرىڭنى كۆڭلۈم قېتىدا ساقلايمەن. ئۆزۈمنىڭ جېنىغا تىغ ئۇرۇشنى راۋا كۆرمەنكى، بۇ جانىۋارلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى راۋا كۆرمىگەيمەن. ئەمدى سېنىڭ نەسىھەت سۆزلىرىڭنى قۇلىقىمغا ئالدىم. مېنىڭمۇ ساڭا بىر ئېغىز سۆزۈم بار. قوبۇل قىلغايسەن.

مەجنۇن خامۇش ھالدا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن:

— قېنى، سۆزلەپ باق! — دېدى.

— ئەي خۇش تەلەت يىگىت، ئاۋۋال سەندىن شۇنى سوراي: سەن مېنى بۇ باياۋاندا جانىۋارلارغا ئازار بېرىشتىن



توستۇق، ئۆزۈڭ بۇ جانىۋارلار بىلەن ئۇلپەت بوپسەن، ئادەم ھەممە مەخلۇقلارنىڭ ئۇلۇغى، سەن نېمىشقا ئۇلاردىن قېچىپ ھايۋانلارغا قوشۇلىسەن؟ بۇ ئىش كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر ئاي يۈزلۈك گۈلرۇخ سېنىڭ يۈرىكىڭگە ئوت ساپتۇ. ئوت سېنى قاتتىق ئۆرتەپتۇ. ئەگەر خالىساڭ مەن بىلەن شەھەرگە بارغىن، بىرنەچچە كۈن خۇشاللىق پەيزىنى سۈرەيلى، ئۇل مەھبۇبەڭنى ساڭا قوشۇش ئۈچۈن ئىلاج قىلاي. قانچىلىك پۇل - مال كېرەك بولسا سەرپ قىلاي، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئىشىڭنى ئوڭشىيالىسام بەك ياخشى بولغىنى، ئوڭشىيالمىسام ئەتراپتىن لەشكەر يىغىپ، جەڭ قىلىپ بولسىمۇ لەيلىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن. ئەگەر پۇل - مال ۋە جەڭ بىلەن لەيلىنى ساڭا ئېلىپ بېرەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ بىر قىزى بار، ئۇنى ساڭا بېرىمەن، سېنى ئۆز ئوغلۇم كۆرۈپ، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرايمەن. تەختىمگە ۋارىس قىلغايمەن. شۇڭا بۇ كېيىكلەردىن ئايرىلىپ بىزگە قوشۇلغايسەن. ئادەملەر ھايۋانلار بىلەن بىر جىنس ئەمەس، — دېدى پادىشاھ.

مەجنۇن لەيلىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ جانسىز تەنگە جان كىرگەندەك، ئۆلۈك تىرىلگەندەك بولدى ۋە خۇشاللىقتىن جىسمى لەرزىگە كېلىپ، ھەيران - لال بولدى. مەجنۇن زارلاپ يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، بايا سورىغان سوئاللىرىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم بار ئىدى، ئەمما لەيلىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ بارلىق جاۋابلىرىمنى ئۇنتۇدۇم. ئەگەر قىلغان ئەھدەڭگە ۋاپا قىلساڭ، يۈزۈمنى مىنگەن ئېتىڭنىڭ تۇياقلىرىغا سۈركەيمەن، كېچە - كۈندۈز ئارقاڭدىن يۈرگەيمەن.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ، مەجنۇنغا شاھانە لىباسلارنى

كىيدۇرۇپ ياخشى ئاتقا مىندۇردى ـ دە، ئۇنى خۇش سۆھبەت-
لەر بىلەن ئۆيگە ئاپاردى. پادىشاھ مەجنۇننىڭ ناھايىتى ئىز-
زەتتىنى قىلدى ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ، بىرقانچە دانىشمەننى
چاقىرتتى ـ دە، ئۇلارغا مەجنۇننىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى.
ئۇلارنى لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەك-
چى بولدى. ئۇلار لەيلىنىڭ ئاتىسىغا مۇنداق سۆز ئېيتتى:
«ئەي، ھەي قەبىلىسىنىڭ ھاكىمى، ساڭا بەخت ـ تەلەي يۇز-
لەنسۇن. ساڭا دەيدىغان سۆز شۇكى، ئامىر قەبىلىسىنىڭ ھا-
كىمىنىڭ ئوغلى قەيس ئىلىم ـ ھېكمەتتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇ
لەيلىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بوپتۇ. ئۆز ھالىنى باشقىلارغا
ئېيتىشتىن ئۇيىلىپ، ئىشق غالىبلىقىدىن باياۋانلاردا يۈرۈپ-
تۇ. ئۇنىڭ نامىمۇ مەجنۇن ئاتالدى. ئۇ ئىلگىرى سېنىڭ قە-
بىلەڭدە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ ئالىم
بولغانىكەن. سەنمۇ ئۇنى ياقتۇرار ئىكەنسەن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى
ماختىغانىكەنسەن، ئۇ ئىشققا گىرىپتار بولغاندا ئۇنىڭ ئانىسى
قانچىلىك ئازابلانغاندۇ، ئوغلىغا قاراپ قانچىلىك ياش تۆكتى-
كىن؟! ئەمما، سەن ئۇنىڭغا تاش يۈرەكلىك قىپسەن. سەندىن
ئۈمىد شۇكى، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ دەردىگە چەك
قويماق كېرەكتۇر. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى پىراق دو-
زىخىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ۋىسال جەننىتىگە مۇشەررەپ قىلماق
تولا زۆرۈردۇر. بۇ بىچارە ئاشىققا ئىچىڭ ئاغرىغاي، ناۋادا
خاھىشىڭغا خوپ كەلسە، ئەلچىلەردىن خەۋەر بەرگەيسەن. ياخ-
شى سائەتتە بۇ ئىككى بىغۇبارنىڭ مۇقەددەس ئىشىنى ئادا
قىلغايمىز.»

ئەلچىلەر نەۋپەل شاھنىڭ سالام ـ سوۋغىلىرىنى لەيلى-
نىڭ ئاتىسىغا يەتكۈزدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى قاتتىق غەزەپلەن-
دى، ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئەلچىلەر نائۈمىد نەۋپەل

شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئى-
دى. ئۇلار لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىقارغان-
لىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ نەۋپەل شاھ قاتتىق غەزەپلەندى
ۋە لەشكىرىي ئەزىم توپلاشقا پەرمان قىلدى. ئۇنىڭ پەرمانى
دەرھال بەجا كەلتۈرۈلۈپ، ھېسابسىز لەشكەر توپلاندى.

غەزىپىنى باسالمىغان نەۋپەل شاھ لەشكىرىي ئەزىمنى
باشلاپ ھەي قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلدى. ھەي قەبىلىسى پاتى-
پاراق بولۇپ كەتتى. نەۋپەلنىڭ لەشكىرى غالىبلىق بابىدا
لەيلىنىڭ ئاتىسىنى لال قىلدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ غوۋغانى بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان
لەيلىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمەكچى بولدى، چۈنكى لەيلى كۆزدىن
يوقالسا ھەممە تۈگەيتتى.

بۇ ئەھۋال مەجنۇننىڭ چۈشىگە ئەينەن ئايان بولدى.
مەجنۇن بۇ چۈشتىن ناھايىتى قورقۇپ، نەۋپەل شاھقا باشتىن -
ئاياغ بايان قىلدى. نەۋپەل ناھايىتى غەمكىن بولدى. ئۇمۇ
مەجنۇننىڭ چۈشى بەرھەق دەپ قارىدى. ئەتىسى تاڭ ئاتتى.
راست دېگەندەك لەيلىنى ئۆلتۈرىدىغان خەۋەر ھەممە ئادەمگە
مەلۇم بولدى. مەجنۇننىڭ چۈشىنىڭ راستلىقىنى ھەممەيلەن
پەملىدى. نەۋپەل ئول خەۋەرنى ئاڭلاپ لەيلىگە بىر ئاپەت يې-
تىپ، بىچارە مەجنۇنغا يامان بولمىغاي دەپ ئويلاپ، جەڭنى
توختىتىپ ئۆز شەھىرىگە ياندى. بىچارە مەجنۇن لەشكەرلەر-
دىن ئايرىلىپ باياۋان تەرەپكە ئات سالدى.

**مەجنۇن نەۋپەلدىن ئايرىلىپ باياۋان مەنزىلىدە زەيتكە ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئات ۋە جابدۇقلىرىنى بەرگەنلىكى ھەم ئاشقانە نامە پۈتۈپ لەيلىگە ئەۋەتكەنلىكى، لەيلىمۇ مەجنۇننىڭ نامىسىگە جاۋاب بەرگەنلىكى، مەجنۇننىڭ ھوشىغا كېلىپ ئاتا -**

**ئانىسى قېشىغا بارغانلىقى، بۇ خەۋەر تارقىلىپ، نەۋپەل مەجنۇننى يوقلاپ كەلگەنلىكى، مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى نەۋپەلگە مېھماندارلىق قىلىپ ئۆزئارا دوست بولۇشقانلىقى، مەجنۇن يەنە باياۋانغا بېرىپ، لەيلىنىڭ قويچىسىغا ئۇچراپ، قويچى ئۇنى قوي تېرىسىگە يۆگەپ ئاپىرىپ لەيلىنى كۆرسەتكەنلىكى، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يىقىلغانلىقى، مەجنۇننىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، نەۋپەلنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ بەرگەنلىكى، مەجنۇن ئۇ قىز بىلەن سۆزلىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز ئارزۇ يوللىرىغا راۋان بولغانلىقى**

ئەلقىسسە، نەۋپەل لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز جايىغا قايتقاندىن كېيىن، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئەندىشە چۈشتى. ئۇلار نەۋپەلنىڭ شۇنچە غالىب تۇرۇپ چېكىنگەنلىكىدە بىر غەرىزى بارمۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قورقۇشتى. شۇڭا ئۇلار بۇ يەردىن باشقا يەرگە قېچىشنى قەستلەپ، تۆگىلەرگە نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۈكلەپ باشقا بىر مەنزىلگە بېرىپ چۈشتى.

مەجنۇن بىر يەردە كېتىۋاتاتتى. ناگاھ بىر كىشىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئادەم يالاڭئاياغ، يالاڭ ئاياغ، ھەيران ۋە سەرگەردان ئىدى. مەجنۇن ئۇنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ سورىدى:

— ئەي غېرىب ئاۋارە، ئېيتقىن ھالىڭ قانداق؟ نېمە ئۈچۈن غەمكىن ۋە سولغۇن يۈرىسەن؟

ئۇ كىشى جاۋاب بەردى:

— مەن بىر غېرىب بىچارە، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىشىلىرىدىن بولىمەن. مەن لەيلىنىڭ كوچىسىدا ئولتۇرىمەن. مېنى زەيت دەپ ئاتايدۇ. ئېسىڭدە بولسا كېرەك. جانغا جاپا

سالغۇچى نەۋپەل مەجنۇنغا يار - يۆلەك بولۇپ، لەيلىنىڭ ئا-تىسى بىلەن جەڭ قىلدى ۋە ئۇرۇشنى تاسادىپىي ئاخىرلاش-تۇردى. لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز قىر-غىن بولۇشتىن قورقۇپ، خوپىراق بىر يەرگە كۆچمەكچى بولۇپ ماڭدى. كېچە بولغاچقا، مەن ئۇلار بىلەن كېتىشۋېتىپ ئادىشىپ قالدىم. بىر يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. سەھەر بولۇپ ئالەم يو-رۇدى. ئىككى تۆگىلىك كىشى ماڭا ئۇچرىغانىدى، ئۇلاردىن قېچىپ يوشۇرۇندۇم، لېكىن ئۇلار كۆرۈپ قېلىپ ئۇزۇقۇم بىلەن بىرنەچچە دەرەم پۇلۇمنى ئەكەتتى. ئۇنىڭغا قانماي، يەنە يوقمۇ دەپ قاتتىق ئۇرۇپ قىينىدى. پۇلۇڭنى كۆمگەن يەرنى كۆرسىتىپ بەر، دەپ باش - كۆزۈمنى ياردى. مەن ئۇلاردىن قېچىپ مۇشۇ تەرەپكە كەلدىم. ئەي يىگىت، سىزمۇ ئاشۇلاردىن بولامسىز؟ مەندە ھېچنېمە قالمىدى. پەقەت قۇرۇق جېنىم بى-لەن ئادەملىك سىياقىملا قالدى.

مەجنۇن بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ ئاتتىن چاچراپ چۈشۈپ، ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ئەي دوست، جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن، غەم قىلما ۋە ئاگاھ بولغىنكى، نەۋپەلنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشىنىڭ سەۋەبچىسى مەندۇرمەن. قولۇڭغا بۇ تىغنى ئالغىن، كۆڭلۈڭ خالىغانچە تېنىمنى پارە - پارە قىل-غىن. مەن پېقىرنى ئىشق ئاپىتىدىن قۇتقۇزغىنكى، مەندىن ھېچقانداق ئەندىشە قىلما. مەن جان - دىلىم بىلەن سەندىن رازى. ناۋادا مېنى ھالاك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئېتىمنىڭ ئورنىغا بۇ ئاتنى ئالغىن. قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن مېلىڭ ئۈچۈن ئۇستۈمدىكى كىيىملەرنى ئال، — مەجنۇن شۇنداق دەپ ئۇستىدىكى شاھانە كىيىملەرنى سېلىپ ئۇنى ئات ۋە ئوقيالىرى بىلەن قوشۇپ زېمىنگە بەردى، يەنە ئۇنىڭدىن ئەپۇ

سوراپ ئاياغلىرىنى ئۆپتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي زەيت، ئەگەر لەيلىنىڭ بارگاھىغا بارساڭ، مەندىن ئۇنىڭغا يۈزمىڭلاپ سالام يەتكۈزگەيسەن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقايسەنكى، مەن شەرمەندەدۇرمەن، ئۇنىڭغا سۆزلىگىلى تىلىم يوقتۇر. ئەلۋەتتە، ئول ئاي يۈزلۈككە ئۇچراشساڭ ساڭا بەختتۇر. ئۇ قاياققا بار دېسە بارغايسەن. ئۆزۈڭنى لەيلىنىڭ كوچىسىدا خاكسار قىلغايسەن. دەرىخا، ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ تۇپرىقىدا جېنىمنى بېرىشكە كۆڭۈل ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن ماڭا نېسىپ بولمىدى.

زەيت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران ـ لال بولدى. ئۇنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يەرنى سۆيۈپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئىشق ئەھلىنىڭ سەرۋەرى، لەيلى ھەم سېنىڭ ئىشقىڭدا كېچە ـ كۈندۈز ھەيران ۋە بىقاراردۇر. ئۇنىڭ ئاغزىدا ھەمىشە سېنىڭ يادىڭ، كۆڭلىدە سېنىڭ خىيالىڭ. ئە-



گەر ئۇ يەرگە بارسام، سېنىڭ سالىمىڭنى يەتكۈزگەيمەن، بۇ ئاڭا جېنىدىنمۇ قىممەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماڭا كاتتا ئىلتىپاتلارنى قىلغۇسى. گېپىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتقايمەن. ئۇ سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاپارغانلىقىم ئۈچۈن ھېسابسىز مال بەر-گۇسىدۇر. ھەرقانداق سۆزۈڭنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىمەن ۋە ئۇنىڭ ھەر نېچۈك پەرمانلىرىنى ساڭا ئەكەلگەيمەن. ئىككى ئاشىق مەقسىتىگە يەتسە، ئارىدا مەنمۇ پايدا كۆرىمەن ـ دە.

— ئەي زەيت، پەملىدىمكى، سېنىڭ سۆزلىرىڭ جاراھىتىمگە مەلھەم بولدى. مەھبۇبەمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تىلىم لال بو-لۇپ، سۆزلىگىلى ماجالسىز قالدىم. جامالىمنى كۆردۈڭ ۋە مېنىڭ ئېتىمنىمۇ بىلدىڭ. يارىمغا كۆرگەنلىرىڭنى ئېيتقاي-سەن. بۇنىڭدىن زىيادە سۆز قىلماققا تاقىتىم يوق. ئەمدى بارغىن، خۇدايىتائالا يار بولسۇن، — دېدى مەجنۇن.

زەيت مەجنۇننىڭ شامالدەك يۈگۈرۈك ئېتىغا مىنىپ، لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى. مەجنۇن ھەم زار ـ زار يىغلاپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرى چۈشكەن مەنزىلگە ياندى. زەيت لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە يەتتى. بىر پۇرسەتنى تاپتى ـ دە، ئاي يۈزلۈككە كۆرۈندى. ئىشىك-نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەجنۇننىڭ سالاملىرىنى ئۇنىڭغا يەت-كۈزدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان لەيلىنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭ-غۇ كۆرۈنۈپ، بويىغا ئوت تۇتاشتى. ئاھى كۆككە يالقۇن تارت-تى، دىمىغىغا تۈتۈنلەر ئۇرۇلدى. ئۆزى سۇمبۇل چاچلىرىدەك تولغاندى، ئەرزلەر ئېيتىپ، زەيتكە قاراپ كۆزلىرىدىن قەترە ـ قەترە ياش تۆكتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي مۇبارەك قەدەم، سۆزلىرىڭ جانسىز بەدىنىمگە جان كىرگۈزدى، ئۆلۈك تېنىمنى تىرىلدۈردى. سەن ماڭا گو-ياكى غايىب پەرىشتىدەك كۆرۈنۈۋاتىسەن. سەن ماڭا مېھرىبان

يارىمدىن خەۋەر بەردىڭ. سېنى گەنج ـ خەزىنە، پۇل بىلەن رازى قىلغايمەن، ماڭا يەنە بىر ئىلتىپات قىلغايسەنكى، مەن يارىمغا بىر پارچە نامە يېزىپ بېرەي، ئۇنى يەتكۈزۈپ جاۋابىنى ئەكەلگەيسەن.

— ئەي ئاي يۈزلۈك، — دېدى زەيت، — ھەر نېچۈك نامە بولسا يەتكۈزگەيمەن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئەكېلىشكە جېنىمنى پىدا قىلغايمەن. ئەي ئاي يۈزلۈك، تېزرەك نامە يازغايسەن. ئۇل بىچارە ساڭا ئىنتىزاردۇر. كۆزلىرى سېنىڭ يولۇڭدىدۇر. ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە ئۇنىڭغا ئۆلۈم قورقۇنچىسى چۈشكەي.

لەيلى قولىغا دەۋەت ـ قەلەم ئالدى. رەقىبلەر بىلىپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇپ نامەنى پۈتكۈزدى ۋە ئۇنى زەيتكە بەردى. زەيت ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۇل بىچارە غېرىب تەرەپكە راۋان بولدى.

مەجنۇن لەيلىنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى، ھايالدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ نامەنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامە مۇنداق يېزىلغانىدى: «ئاللا كۆڭۈللەرگە ئىشقتىن نۇر بېرىپتۇ. مۇھەببەت شارابىنى يارىتىپتۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاشۇ مەيدىن بىر قەترە ئىچمەك بىلەن مەست بولۇپ بىھوش بولغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بالىلىرىغا مۇھەببەت مېيىگە مۇشتاق بولۇش نېسىپ بوپتۇ. ئاللا جۇدالىق تارتقانلارغا ئاخىر قوشۇلۇش نېسىپ قىلارمىش. بۇلبۇلنى كۆرگىنكى، گۈلنىڭ ئىشقىدا زار ۋە غەمناكتۇر، گۈلنى ھەم كۆرگىنكى، باغرىنى ئىشتىياقتىن چاك قىلدى. پەرۋانە ئىشق ئوتىدىن كۆيسە، شام ئىشتىياق دەردىدە يالقۇنجايدۇ. بۇ نامەم بىر بىچارە شىكەستىدىن ئۇل غەمكىن دىلخەستىگە، يەنى مەن زەئىپ زاردىن، ئۇل ئىشق ۋە پىراق ئوتىدا كۆيگەن ۋاپادارىمغا تەگكەي. ئەي خازان جىسمىم، ئەي

يارىم، نېچۈكسىز؟ ئەي ئىشقى غالىبلىقىدىن بىھوش بولغان، قوشۇلماقنى تاپالمىغان، پىراقىمدا قارا كۆنلەرنى كۆرگەن، مۇڭلارنى تارتقان، ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان، غەم نەشتىرىنى جېنىغا ئۇرغان، ئىشقىمدا تەلۋىلىك زەنجىرىنى بوينىغا سالغان يارىم، ھالىڭىز نېچۈك ۋە خىيالىڭىز نېمىدۇر؟ پىراقىمدا ئۆزىڭىزنى كۆيدۇرۇپ، جۇدالىق تاشلىرىنى بېشىڭىزغا ياغدۇرۇپ، بېشىڭىزنى يارسىڭىز، يارىلىرىڭىزنى كىم مەلھەملەپ تاڭغاي؟! يۈزلىرىڭىزگە خورلۇق تۇپرىقى قونسا، ئۇنى كىم سۈرتكەي؟! ئايىغىڭىزغا مېھنەت تىكىنى سانجىلسا، ئۇنى كىم كىرپىكى بىلەن ئالسۇن؟! ئاھ! ئاھ! ھەر تەرەپكە ماڭغاندا يەكتاسىز، سايىڭىزدىن باشقا ھەمراھىڭىز يوق. كاشكى، بۇ پەلەك ماڭا سىزگە ھەمراھ بولۇشنى نېسىپ قىلغان بولسا، ھەر قەيەردە سىزگە ئەگىشەر ئىدىم. بەدىنىڭىز قوينۇمدا، قولىڭىز بوينۇمدا، يۈزىڭىز يۈزۈمدە، ئاغزىڭىز قۇلىقىمدا بولغان بولاتتى. يۈزىڭىزنى كۆزۈمگە سۈرگەن بولاتتىم. ئاھ، قانداق قىلاي، بۇ بىۋاپا پەلەك مۇرادىمغا يەتكۈزمىدى، سىز قانچىلىك غەم تېگىدە قالسىڭىزمۇ ئەر كىشىسىز، سىزگە ئانچە ئەمەس. چۈنكى ھەر تەرەپكە يۈرەلەيسىز، كۆڭلىڭىز خالىغان يەرگە بارالايسىز، سىزنىڭ ئايىغىڭىزنى باياۋاننىڭ تىكىنىدىن توسقۇچى يوقتۇر. پۇتىڭىزدا ئۆتۈكىڭىزدىن باشقا بەند يوقتۇر، لېكىن مەن زەئىپ شىكەستىنىڭ نە ئۆيدە ئولتۇرغىلى قارارىم، نە تاشقىرى چىققىلى قۇدرىتىم يوق. يۈزمىڭ غەم ۋە ئەلەم بىلەن زىندانىدىكى مەھبۇسلاردەك ئۆيدە ناھايىتى مۇشكۇللۇك ئىچىدە ئولتۇرىمەن. مەزلۇم كىشىگە ھايا زىنجىرى ئەنەتتۇر. ئەمما، مەن ئىشقى ئوتىڭىزدا ھەممە نومۇسنى تاشلىدىم. سىزسىز مەن بىر لەھزە غەمدىن خالىي ئەمەس. مەن تارتقان پىراق بالاسى سىز

تارتقان پىراق بالاسىدىن ئارتۇق بولسا ئارتۇق، كەم ئەمەس. سىز قانچىلىك ئاھ تارتسىڭىز تارتالايسىز، مەن بېغىرلىرىم كۆيۈپ كەتسىمۇ ئاھ دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقىرالمايمەن. نەۋپەل بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىۋىدىڭىز، ئېلىمدىكى ھەممە جانغا قورقۇنچ چۈشتى. ئاتام مېنى ئۆلتۈرمەككە قەست قىلدى. مەن ئۇنى ئاڭلاپ شۇنچە بالالار ئىچىدە خۇشال بولدۇم. ئەگەر يارۇغېرىبىمنىڭ يولىدا بولسا، مىڭ جېنىم پىدا بولسۇن دېدىم. ئاڭلىدىمكى، سىز نەۋپەلنىڭ ھەرەمخانىسىغا كۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئالماقچى بوپسىز، سىزگە بەخت ـ دۆلەت يار بولسۇن، ماڭا بۇ ئىش مۇيەسسەر بولمىدى. سىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىڭىز شۇ بوپتۇ، چۈنكى سىزنىڭ مۇرادىڭىز مېنىڭ ھەم مۇرادىمدۇر. بىر كۈنى باغقا سەيلىگە بارغان چېغىمدا ئۇ قىزنى كۆرگەنىدىم. ناھايىتى خوپ ۋە مېھرىبان، ئۆز ئېلىگە سادىق قىزدەك قىلاتتى، شۇنداقلا پاكىز، چىرايلىق قىز ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا ئاللا يار بولسۇن، تويىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئەمما ئۇ گۈل چىراي بىلەن خۇشال ـ خۇرام بولغىنىڭىزدا، مەندەك بىچارە دىلخەستىنى ياد ئېتىپ قويارسىز. ئىنساپ قىلىپ بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغايسىز.»

مەجنۇن بۇ نامەنى ئوقۇپ بولغۇچە گاھ ھوشىدىن كەتتى، گاھ ھوشىغا كەلدى. غېرىبلىقتا زەپىراندەك سارغىيىپ، ھەر زامان زەيتىنىڭ ئالدىدا باش قويۇپ كۆزلىرىدىن ياشلارنى تاشقىنجىتاتتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ مۇنداق دەيتتى:

«ئەي يۈرىكىمنىڭ يارىسىنىڭ مەلھىمى، بۇ نامەدىكى سۆزلەر يۈرىكىمنى ئۆرتىدى. جاۋاب قىلغۇدەك تاقىتىم قالمىدى، نامە ئەۋەتەي دېسەم مەندە نە سىياھ، نە قەلەم بولسۇن؟...»

بۇنى ئاڭلاپ زەيت دەۋەت ـ قەلەم ۋە قەغەز كەلتۈردى.

مەجنۇن زار ـ زار يىغلاپ دۇۋەت ـ قەلەم، قەغەزنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر جاۋاب نامە پۈتۈپ زەيتكە بەردى. زەيت نامەنى ئېلىپ لەيلى تەرەپكە شامالدەك راۋان بولدى ۋە خىلۋەتتە نامەنى لەيلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. لەيلى نامەنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامە مۇنداق يېزىلغانىدى: «خۇدايىتائالا قۇدرىتى بىلەن ئىشق قومۇشىدىن قەلەمنى پەيدا قىلدى. ئاسمان ۋە يەرنى ياراتتى. ئاللا ھاياتنى يارىتىپلا قالماي، سۆيگۈ ۋە پىراقنىمۇ ياراتتى. غەم شەرتىنىمۇ ياراتتى. ھەركىمنى بىر مەھبۇبىنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈردى، مەشۇقىغا رەھىم ـ شەپقەت بەردى. بەزىدە ئاشىق غەمدە قانچىلىك ناشاد بولسا، مەشۇقى شۇنچىلىك تەقەززالىقتا بىتاقەت. بەزىدە ئاشىقنىڭ باغرى مىڭ پارە بولسىمۇ مەشۇق پەرۋاسىزدۇر. مېنىڭ ئىچىم غېمىڭىزدە قان بولدى. بەلكى سىزنىڭ غېمىڭىزنى بىلىدىغان بىرەر جان بولسا كېرەك. ئەمما مەن مەجنۇن دىۋانە ئىشق ئوتىنىڭ زىيادىلىكىنى ئول گۈلرۇخلارغا، پادىشاھ خوپلارغا ۋە باشقىلارغا ئېيتماققا ھەددىم يوقتۇر ھەمدە سىزنىڭ ۋەسپىڭىزنى ئېيتارغا تىلىم يوقتۇر. قۇياشنى، ئاپتاپنى كۆيلەشكە تىلىم لال. ئەي ھۆسن ئەھلىنىڭ ئاپتىپى، زىبالار شەھرىنىڭ پادىشاھى، سىزنىڭ كويىڭىزدا ماڭا ئوخشاش خەستە، بىچارە، خەس ۋە خاكسار بولغان كىشى يوقتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداقكى، كىشىنىڭ سىرىنى كىشى بىلمەس ئىمىش، كاشكى مېنىڭ بۇ ئىككى كۆزۈم ئويۇلغان بولسا، سىزنىڭ جاھانغا ئوت سالغۇچى جامالىڭىزنى كۆرمىگەن بولاتتى. ئەگەر سىزنى كۆرۈپ مۇشۇنچە بالالارغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولسام، ئىككى كۆزۈمنى ئۆزۈم كور قىلاتتىم. مەن ئاپتاپتەك جامالىڭىزنىڭ مېڭىدىن بىر زەررىسىگە شەيدا ۋە سەرگەرداندۇرمەن. ئىسىت، جامالىڭىزغا كۆزۈم چۈشۈپ بۇ بالالارغا

قالدىم. گۇناھىم نېمىدىكىن؟ ئىشقىڭىزدا جاھاندىن چىقىپ، خانىماندىن ئايرىلىپ، تەندىكى بۇ جاندىن كېچىپ، ھەر كۈنى ھەرلەھزە بۇ باياۋاندا، تىكەن قاپلاپ كەتكەن قۇملۇقتا، كېچىدىلىرىمۇ دەشت سەھرادا تۇپراقنى سېلىنچا، ئاپتاپنى يېپىنچا قىلدىم. مەن ئاينىڭ سەرگەردانىدۇرمەن. تاغنىڭ خادىسى مېنىڭ ئېتىم، زەھەرلىك شامال كىيىمىم، تۈلكە، بۆرىلەر مېنىڭ يولدىشىم بولدى. مېنىڭ مېھنىتىمدىن باياۋاندىكى جانىۋارلارمۇ ھەيران بولماقتا. شۇ قەدەر ئاجىز ۋە زەئىپمەنكى، ئۆمۈچۈك تورى پۈتۈمغا ئىلىنسا، شۇ ھامان يىقىلىمەن. ھىجران تىغى سىنەمنى چاك قىلدى. ئىچىمگە شۇئان چاكتىن قۇرتلار چۈشتى، كۆكسۈمگە چىۋىنلەر ئولاشتى، كۆزلىرىم چوڭقۇرىغا لاي توشتى. شۇنداق بالالار ئىچىدىمۇ سىزنىڭ يادىڭىزدىن بىردەم خالىي بولماسمەن. مەن ئەنە شۇنداق قاتتىق مېھنەت ئىچىدە تۇرسام، گۆھەر نىسار مەكتۇپىڭىز تەگدى. ئۇنى ئوقۇپ يېڭى جان



تاپتىم. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىككى سۆز جېنىمغا ئوت سالدى: بىرى، نەۋپەل لەشكەر تارتىپ كېلىپ مېنىڭ خەلقىمگە تىغ ئۇردى، دەپسىز، بۇ نېچۇك بالا ــ ھە؟! ھېچكىم يېپنى ئەجدىھا دېمەيدۇ؛ ھېچكىم پاشىنى ئەنقار، چۇمۇلىنى پىل دەپ بىلمەيدۇ. بۇ مۇنداق ۋەقە: نەۋپەل پادىشاھ مېنىڭ غەمكىن، بىچارىلىكىمنى، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ئاۋارىلىكىمنى ئاڭلاپ مېنى ئىزدەپ كەپتۇ، كۆپ سۆزلەپتۇ. مەن ئۇ چاغدا گاھى ھوشۇمدا، گاھى بىھوش بولغاچقا، ماڭا ۋە ئۇنىڭغا دېگەن گەپلەرنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى ئوردىغا ئەكەلدى. ئۇلار شۇئان جەڭگە ھازىرلاندى، مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تىغلىرىنى يىغدۇردۇم. ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇردۇم. مەن بىھوش چاغدا ئۇ مېنىڭ ئۆيلىنىش ئىشىمنى يەنە سورىغان ئوخشايدۇ. ئەپسۇن



قىلدىمىكىن، مەن قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مەن بۇ خەتنى كۆرۈۋېتىپ ئۇ ئىشلار يادىمغا كەلدى. سىز شۇنچە جاپا ۋە بالا ئىچىدە ماڭا ۋاپا كۆرسىتىۋاتىسىز، ۋاپاغا جاپا قىلىش ئىشق ئەھلىگە مۇناسىپ ئەمەس.

مەن كېچە ۋە كۈندۈز بالا ـ مېھنەت ئىچىدىمەن، سىز نېمىنىڭ دەۋاسىنى قىلىسىز؟! مەن تەلۋىلىك غوۋغاسىغا مۇپتىلادۇرمەن. جان ـ كۆڭلۈم مەزكۇر نامەڭىزگە پىدا بولسۇن. لېكىن سىزگە بىر سۆزۈم باركى، سىز نەۋپەل تۇغرۇلۇق گەپ قىلىپسىز، ئۇنىڭ قىزىنى ئېغىزىغا ئېلىپسىز، خاتىرجەم بولۇڭكى، مېنىڭ كۆڭلۈم ھامان سىزدە، جان رىشتىم سىزگە باغلانغان، ئەمما ئاڭلاپ بىلدىمكى، ئۇ يەردە بەخت ئىبنى سالام سىزنى نىكاھىغا ئالماق بولۇپ تەخ بوپتۇ. ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ سىزنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ. سىزمۇ رازى بولغان ئوخشايسىز. مەن سىزنىڭ چىن دىلدىن بولغان ـ بولمىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن. سىزنى رازى بوپسىز دەپ تۆھمەتمۇ قىلمايمەن. ئاھ، بۇ نېچۈك ئەپسانىدۇر؟ توۋا، تەلۋىلىكىم ئەس ـ ھوشۇمنى ئالدىمىكىن، بىھۇدىلا سۆزلەپ كەتتىم. مەندە نېمە چارە بولسۇن؟ ئەمما مېنى ئەپۇ قىلغايسىز. ۋاقتى كەلگەندە سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا نابۇت بولارمەن، نابۇت بولغان كىشىنى ئەيىبلەش يوق. بەخت ـ دۆلەت سىزگە يار بولسۇن، مېنىڭ جېنىم سىزگە نىسار بولسۇن...»

لەيلى ئۇنى ئوقۇپ زار ـ زار يىغلاپ يىلاندەك تولغاندى. ئۇنى تۇمار قىلىپ بويىنىغا ئاستى. مەجنۇنمۇ لەيلىنىڭ نامەسىنى بويىنىغا ئاسقاندى، جىسمىغا ئاز ـ تولا ئارام بەردى.

شۇ كۈنى مەجنۇن ئۆز ئۆيىگە كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى مەجنۇننى كۆرۈپ شاد ـ خۇرام بولدى ۋە دەرھال شاھانە تونلارنى كىيدۈردى. «مەجنۇن ھوشىغا كەپتۇ» دېگەن خەۋەر

تارقالدى. بۇ خەۋەر پادشاھ نەۋپەلگە يەتتى. نەۋپەل كېچە ـ كۈندۈز مەجنۇندىن ئەنسىرەپ يۈرگەنىدى. ئۇ مەجنۇننى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ھېسداشلىق بىلدۈردى.

مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە نەۋپەل مەجنۇنغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، مەجنۇن يەنە «ئاھ لەيلى، ئاھ لەيلى» دەپ باياۋانغا يۈزلەندى. مەجنۇن باياۋاندا پەريادلار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا بىر قويچى ئۇچرىدى. قويچى مەجنۇننىڭ ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. قويچى لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. ئۇ مەجنۇننىڭ ئاھلىرىغا چىداپ تۇرالماي ئازابلاندى ۋە ئۇنىڭغا سالام بىلدۈردى. مەجنۇن قويچى بىلەن دوست بولدى ۋە ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ماڭا لەيلىنى كۆرسەتكىن، مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلغىن، مەن خەستە خاردۇرمەن.

— ئەي بىچارە ئاشىق، — دېدى قويچى مەجنۇننىڭ ئەھۋالىغا ئىچى كۆيۈپ زار يىغلاپ، — ئاخشاملىققىچە مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ، مەن بىر چارە ئىزدەپ تېپىپ ھەرنېمە قىلىپ، ئىككى جاھانلىق مەشۇقىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەيمەن.

مەجنۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈردى. شۇ كۈنى گويا بىر يىلدەك بىلىندى. كۈن كەچ بولدى. قويچى بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويدى ۋە مەجنۇنغا:

— تونلىرىڭىزنى سېلىپ بۇ قوي تېرىسىنى كىيىپ قوي سۈرىتىگە كىرىڭ. قەددىڭىزنى ئېگىپ تۆت ئاياغلىنىپ قويلار بىلەن يۈرۈڭ. ئول خېنىم قويلارنى تاماشا قىلغىلى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇ قىزلار بىلەن قوي ساغقانى كۆرگىلى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى قانغۇدەك كۆرەلەيسىز، — دېدى. مەجنۇن دەرھال قوي تېرىسىگە كىرىپ تۆت ئاياغ بولدى ـ دە، قويلار ئارىسىدا راۋان بولدى ۋە ئاخىر لەيلىنىڭ

دەرگاھىغا يەتتى. قويلارنىڭ كېلىشىگە، لەيلى گويا كى ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بەخىرامان يېتىپ كەلدى. نۇرغۇن قىزلار ئۇنى يۇلتۇزدەك ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەلدى. لەيلى مەجنۇنغا يېقىنلاشتى. مەجنۇن شۇنداق بىر ئاھ تارتتىكى، ئاھ يالقۇنى پەلەككە تۇتاشتى. نەپەسلىرى رىتىمدىن ئېزىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى، چۆشەلگەن قويدەك تىترەپ كەتتى، باشقا قويلار قورقۇپ بۇ يەردىن قاچتى. بۇ يەردە مەجنۇن تەنها ھوشسىز ياتاتتى. لەيلىنىڭ كۆڭلى سېزىپ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ تېرىنى قايرىغاندى، كۆزلىرى ئاشىقى مەجنۇننى بىھوش ھالدا كۆردى. شۇئان لەيلى ھەم بىر ئاھ تارتىپ مەجنۇننىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. قىزلار بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، ئۇلار لەيلىنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتى. دەرىخ، بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى بىھوش ھالدىمۇ بىردەم بىللە ياتقىلى قويمىدى. مەجنۇن ياتقان يېرىدە قالدى. قويچى بۇ ئىشتىن خالايىقلار خەۋەر تاپسا ھەر ئىككىمىز ئۆلتۈرۈلگەيمىز دەپ ئويلاپ، جىسمىغا قورقۇنچ چۈشتى. شۇ چاغدا ئىككى تۆگىلىك كىشى كەلدى. ئۇلار دەرھال بىر تۆگىنى چۆكتۈرۈپ مەجنۇننى ئۇنىڭغا ئارتىپ تاڭدى ۋە شامالدەك تېزلىك بىلەن يىراقلاپ كەتتى. بۇ ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىدى.

بۇ چاغدا مەجنۇننىڭ ئاتىسى نەۋپەلنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەلسە، مەجنۇن ھۇجرىدا يوق ئىدى. ئۇ يىغلا - يىغلا مەجنۇننى ئىزدەپ باياۋاندىن تېپىپ ئۆيگە ئاپىرىپ ياتقۇزدى.

**مەجنۇننىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغانلىقى ۋە ئۇنى نەۋپەل پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ توي قىلغانلىقى، مەجنۇن نەۋپەلنىڭ قىزىدىن رىشتىسىنى ئۈزۈپ لەيلىنى ئىزدەپ تېپىپ ۋىسال قۇچقانلىقى، لەيلى بەخت ئىبنى سالامنىڭ**

## مالامىتدىن ئايرىلىپ مەجنۇنغا قوشۇلغانلىقى، مەجنۇن لەيلىدىن جۇدا بولغاچ نەجدە تېغىدا ماكان تۇتۇپ ياشلىرىنى دەريا قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، مەجنۇننىڭ ئاتىسى مەجنۇننى بىھوش ھالىدا ئۆيىگە ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھوشىغا كەلدى. ئاتىسى زار ـ زار يىغلاپ، تولىمۇ ـ تولا نەسىھەت قىلدى. مەجنۇن ئاتىسىدىن ئۆيىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، زار ـ زار يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پەدەرى مۇشپىقىم، مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ، ئىلتىپاتىڭىزنى ماڭا سۇنۇڭ.

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، — دېدى ئاتىسى، — ئەگەر سەن بۇنداق ئىشلاردىن يانساڭ، مېنىڭ پەرمانىمنى تۇتساڭ، مېنىڭ رازىلىقىمنى ئىزدىسەڭ ياخشى بولاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەتلىرىنى قوبۇل قىلغايسەن، سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيسەن.

مەجنۇن ناھايىتى مېھرىبان ئىدى، ھەممىشە ياخشىلىقنى دوست تۇتاتتى، ھەر ۋاقىت ھوشىغا كەلسە ياخشىلىقنى تەرك قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى:

— ھەرنېمە بولسا سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارنى ئالماق ماڭا لايىقتۇر. ھەرقانداق پەرمان قىلساڭلار پەرمانبەرداردۇرمەن، ئۇنى قىلماسلىققا ھەددىم ئەمەس.

مەجنۇننىڭ ئاتىسى بۇ جاۋابتىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە نەۋپەل پادىشاھنىڭ سۆزىنى باشلىدى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ رىشتىسى ئوغلۇم، ساڭا مەلۇمكى، نەۋپەل پادىشاھنىڭ ئەرەب ئېلىدە تەڭدىشى يوق. ئۇ سەن ئۇ-



چۈن تولا رەنج تارتتى. تەقدىرى ئەزەلدە بولمىغاچقا، ئىشقىنى
ئوڭشىيالمىدى. ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكلىكىڭ زۆ-
رۈر. مېنىڭ ۋە ئاناڭنىڭ، شۇنداقلا نەۋپەل پادىشاھنىڭ رازد-
لىقىمىز شۇكى، سەن ئۇنىڭغا پەرزەنت بولغايسەن. ئۇنىڭ بىر
ئاي يۈزلۈك قىزى بارمىش، كۆپ شاھزادىلەر ئۇنىڭغا ئېرىش-
مەككە ئىنتىزارمىش. ئەمما ئۇنىڭغا سۆز تاشلاشقا ھەددى يوق
ئىمىش. مەن ساڭا ئۇ قىزنى ئېلىپ بېرەي، ئەگەر مېنى رازى
بولسۇن دېسەڭ، بۇ ئىشقا رازىلىق بەرگىن.

— ئۆزلىرى ۋە ئانامنىڭ خىيالىدەك بولسۇن، — دەپ
رازىلىق بەردى مەجنۇن. ئاتا - ئانىسى ناھايىتى خۇشال بول-
دى. ھەممە خالايىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تويغا تەييارلىق
قىلدى ۋە مەجنۇننى شاھانە لىباسلار بىلەن ياساندۇرۇپ پادد-
شاھ نەۋپەل تەرەپكە راۋان بولدى. پادىشاھ نەۋپەل بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ كاتتا مەجلىس
قىلدى. توققۇز كېچە - كۈندۈز توي تويلىنىپ نىكاھ ئوقۇل-

دى. ئول ئاي يۈزلۈك قىزنى يۈز مىڭ زىبۇزىنىنەت بىلەن يا-
سىدى. مەجنۇنغا شاھانە تونلارنى كىيدۈردى. قىزنى توققۇز
قەۋەت پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارغا ھەمدۇسانالار ئو-
قۇپ، ئاي بىلەن ئاپتاپنى قوشتى، باشلىرىدىن مەرۋايىتلارنى
چاچتى. ئاخشىمى ئۇلارغا تەييارلىغان ئالتۇن تەخت قويۇلغان
ئۆيگە ئىككىسىنى ئەكىرىپ قويدى.

نەۋپەل پادىشاھ ئۇ ئۆينىڭ كوچىسىدا ھېچقانداق تىرىك
جان تۇرمىسۇن دەپ پەرمان قىلغاچقا، ئۇ يەردە ھېچكىم قال-
مىدى. نەۋپەل ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ھەرقىسما خىياللارنى
قىلدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى غالىب ئىدى. كېچىنىڭ بىر
ھەسسىسى ئۆتكەندە ئۇ قىزنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەلدى ۋە ئى-
شىكنىڭ پەنجىرىسىدىن ئاستا قاراپ تۇردى. ناگاھ قىزنى
كۆردى. قىزى ئورنىدىن قوپۇپ مەجنۇنغا تەزىم بەجا كەلتۈ-
رۈپ، يەرنى ئۆپتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئىشق ئەھلىنىڭ سەردارى، ساپ كۆڭۈلنىڭ
رەۋشەنى، ۋاپادارلىقنىڭ نۇرى، بويىڭىزدىن ئۆرگۈلەي، ئاڭلى-
غانىدىمكى، لەيلىنىڭ ئىشقىدا بىقارار بولغانىكەنسىز، بۇ جا-
ھاندا داستان بولۇپ كەتكەنىكەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئىككى-
مىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز رىزالىقلىرى بىلەن ئىككىمىزنى
قوشۇشقا پەرمان قىلدى. سىز ئىشق ئىقلىمىنىڭ پادىشاھى ۋە
ئىشق ئەھلى ئوتىنىڭ ئاگاھىسىز. بىلىڭكى، مېنىڭمۇ بىر
ئاشىقىم بار ئىدى. مېنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىمگە بەند بول-
غان. مەنمۇ ئۇنىڭ پىراقىدا ساماندەك سارغايدىم، ئەمما بىز-
نىڭ ئىشقىمىزدىن ھېچكىم خەۋەردار ئەمەس. ئاگاھ بولۇڭكى،
مەن سىز بىلەن توي قىلدىم. مەن بىلەن قوشۇلۇش ھەققىدە
بۇ كېچە خىيال قىلماڭ. ئول ئەسىر مەجرۇھنىڭ ھالى نې-
چۈك بولغاندۇ؟ بەلكى ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلار. سىزگە بار-

چە سىرلىرىمنى ئاشكارا قىلدىم. سىزدىن ئۈمىدىم شۇكى، بۇ كېچە خالايىقنىڭ مالامىتىنى بويىنىڭىزغا ئېلىپ، مېنى رەسۋا قىلماي، لەيلى تەرەپكە كەتسىڭىز. خالايىق ئارىسىدا سىزلا يالغۇز مالامەت چەكسىڭىزكەن. ئاشۇنداق قىلسىڭىز، خۇدايىتائالا لەيلىنىڭ ئاھىنى ئاڭلىغاي، ئۇنى پاك ساقلاپ سىزگە نېسىپ قىلغاي.

ئۇل ئاي يۈزلۈك زار - زار يىغلاپ كەتتى. مەجنۇن ھەم ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ باغرىدا پىغان كۆتۈردى ۋە:

— ئەي ئاي يۈزلۈك جېنىم، ئىشق - مۇھەببىتىڭىزگە سادىق يارىڭىزغا ۋاپادار بولغايسىز. ئاللا سىزگە يار بولسۇن، مەن سىزگە رايى قىلىپ ئۆلتۈرغاندىم. كۆڭلۈمدە پاتمان - پاتمان غەم بار ئىدى. ئەلۋەتتە مەنمۇ سەھراغا كەتمەكچىدىم. ئەمما، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ ساقلاپ ئولتۇردۇم. ھالا سىز ماڭا بۇ ئىلتىپاتنى قىلدىڭىز، ھەمدىمىڭىزنى قانداق تىل بىلەن ئېيتايكىن؟! مېنىڭ بۇ يەردىن كەتمىكىمگە ئىجازەت بەردىڭىز، رەھمەت. مەن يۈزمىڭ مېھنەتنى ئىككى كۆزۈمگە ۋە جېنىمنىڭ ئۈستىگە قويغان ئادەممەن. ئەمدى مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز، سىز مېنىڭ سىڭلىم بولدىڭىز، — دەپ ئاي يۈزلۈك بىلەن خوشلىشىپ باياۋان تەرەپكە چۇشۇپ كەتتى. نەۋپەل قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران - لال بولۇپ ئۆيىگە ياندى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى يا كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، يا كىشىگە ئېيتالماي ھەيرانلىقتا ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، قىزنىڭ ئاشىقى شۇ كېچىدە تولىمۇ بىتاقەت بولۇپ خەنجەر تۇتقان ھالدا ئاشۇ ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە پەنجىرىدىن ماراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ناۋادا مەجنۇن ئۇل قىز بىلەن ئىشرەتكە يۈزلەنسە ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ

باغرىنى يېرىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدى. ئەمما مەجنۇن ئۆزى-نى پاك تۇتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھالاكەتلەر يۈز بەرمىدى. ئۇل يىگىت مەجنۇننىڭ مۇنداق ئالىي خۇلقىنى كۆرۈپ ئىشق ئەھدىنى ئۆگەندى. مەجنۇن تاشقىرىغا چىققاندا، ئۇل يىگىت ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يۈزىنى يېقىپ زار - زار يىغلاپ مەجنۇنغا تەھسىن ئوقۇدى ۋە ئۆز مەھبۇبىنىڭ ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىشق - مۇھەببىتى زىيادە بولدى. ئۇ تاقىتى - تاق بولغان ھالدا ئۆي ئىچىگە كىرىپ مەشۇقىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى تۇپراققا سۈردى. قىز ئۇنى كۆرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈردى ۋە بېشىنى قۇچى-قىغا ئېلىپ كۆڭلىنى ياسىدى. يىل - يىللاردىن بېرى، بىر - بىرىنىڭ پىراقىدا كۆيگەن بۇ ئاشىقلار مۇشۇ كېچە قوشۇلدى. بىر - بىرىنىڭ دىدار جامالىنى كۆرۈپ، كۆپ شادلىنىشتى. نەپسىنىڭ مۇرادىدىن ئۆزگە ھەممە مەقسىتىگە يەتتى. تاكى تاڭ ئاتقۇچە ۋىسال مېيىدە مەست بولدى، تاڭ قۇشلىرى ساي-رىدى. ئۇل ئاشىق قىز بىلەن خوشلىشىپ، خۇشال چىقىپ كەتتى. مەشۇقى غەمكىنلىكتىن ئازاد بولۇپ ئۆيدە قالدى. تاڭ ئېتىپ، ئاپتاپ ئالەمگە يېيىلدى. توي ئەھلى يىگىت بى-لەن كېلىنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ قىلغۇ-لۇقنى قىلغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى قىز ئۆيدە تەنھا ئول-تۇراتتى. كۆيئوغۇل يوق ئىدى. ھەممە خالايىق يەنە غەمناك - پەرىشان بولدى. خۇسۇسەن مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇيات-تىن ئۆلەي دېدى. نەۋپەل بۇ ۋەقەلەرنى بىلەتتى ۋە لېكىن ئېيتماس ئىدى. ئۇ، مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئاللانىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىكەن، ھېچكىم تەقدىردىن قۇتۇلالماس، بۇ ئىش خاھ سىزدىن، خاھ بىزدىن، خاھ ئوغۇل-

دىن، خاھ قىزدىن بولغان ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ تەقدىرىدىن بولدى. ھەممە ئىشتا خۇدانىڭ تەقدىرىگە شۈكۈر ۋە سەۋر قىلماق كېرەكتۇر.

مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كەلدى ـ دە، بۇ غەم ئازارىدىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتتى.

مەجنۇن نەۋپەلنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان ۋاقىتتا،



بەخت ئىبنى سالام جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ شەۋكەت پەيدا قىلىپ، لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە كەلدى. لەيلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن ئۆيگە چۈشۈردى. مەجلىسلەر راسلاندى، ساقىيلار جاملىرىغا شاراب توشقۇزۇپ مېھماندارچىلىق قىلدى، كېچە ـ كۈندۈز مەي ئىچىشتى. خوپ بىر پۇرسەتتە نىكاھ ئوقۇلدى. ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قېشىغا باردى، ئول ئاي يۈزلۈكنى گويا بىر ئەجدىھاغا بەردى. ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قېشىغا بارغانىدى، ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. بەخت ئىبنى سالامنىڭ خاپىغان ئاغرىقى بار ئىدى، ئۇ

قاچانكى كۆپ مەي ئىچسە ئاغرىقى قوزغىلىپ بىھوش بولۇپ، نەپىسى توختاپ قالاتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا كۆپ مەي ئىچىۋەتكەچكە، ئاغرىقى قوزغىلىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىدى ـ دە، ئۆلگەن كىشىدەك ياتتى. توي ماتەمگە ئايلاندى. خالايىق ئۇنى ئۆلدى دەپ كۆتۈرۈپ بىر ئۆيگە ئەكىردى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۆيگە يىغىلدى. لەيلىنىڭ قېشىدا ھېچكىم قالمىدى، بىچارە لەيلى ھەيران ۋە بىئارام بولۇپ، يۈزمىڭ غەم بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنداق خىيال قىلاتتىكى، بەخت ئىبنى سالام ئەگەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلسە ئۇنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچىدى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە زەھەرگە چىلانغان بىر تىغنى يوشۇرغانىدى. چۈنكى ئۇ، مەجنۇننىڭ ۋاپادارلىقى يولىدا جان بېرەي، ئول يارىمنىڭ ئىشقىدا شېھىت بولۇپ جاھاندىن كېتەي دەپ ئويلايتتى. پەلەك شۇنداق ئويۇنلارنى ئويىنىدىكى، ئىككى ئاشىقنى غەيرىي كىشىلەرگە چېتىپ قويىدۇ ۋە يەنە ئۇلارنى غەيرىيلەرنىڭ قەستىدىن ساقلىدى. بۇ ئىشلار بىر كېچىدىلا بولدى.

ئەلقىسسە، بەخت ئىبنى سالام بىھوش بولغانلىقى ئۇچۇن، ئەر ـ مەزلۇم ئۇنىڭغا يىغلىدى. لەيلى پۇرسەت تېپىپ ئەتراپقا قارىغانىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، باياۋان تەرەپكە يۈگۈردى. تىكەن باسقان قۇملۇقتا ماڭدى. ئۇ خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ گاھ ئۆزىگە كېلىپ، گاھ ئۆزىدىن كېتىپ ئىختىيارسىز كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق يىراقلاپ كەتتىكى، ئەھلى قەبىلىسى كۆرۈنمەي قالدى. قازارا، مەجنۇنمۇ ئاشۇ باياۋاندا كېلىۋاتاتتى. ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرىنى تونۇدى. لەيلى مەجنۇننىڭ ئوقۇغان غەزەل ۋە پەريادلىرىدىن ئىشق سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

مەجنۇنغا ھەم لەيلىنىڭ خۇشبۇيى كەلدى، ئۆلگەن بەدەنلىـ
رىگە يېڭىدىن جان كىردى. ئاخىر ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېـ
قىنلاشتى. زار ـ زار يىغلىشىپ قۇچاقلاشتىكى، گويا گۆھەر
سەدەپ ئىچىگە چۈشكەندەك، ئاي بىلەن كۈن تەڭلا پارلىغاندەك
ۋە ياكى بىر شاختا ئىككى گۈل ئېچىلغاندەك، بىر تەنگە
ئىككى جان كىرگەندەك بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى. ۋىسال
شارابىدىن ھەر ئىككىسى مەست بولدى. قەدەھكە ئابىھاياتنى
قۇيغاندەك، گويا بىر پىيالە سۈزۈك قايناق سۇغا قەنت سالـ
غاندەك قوشۇلدى. پەلەك ئۇلارنى بىرلەھزە مەقسىتىگە يەتـ
كۈزمەك ئۈچۈن پىتنىخور كۆزلەردىن خالىي قىلدى. ئاشىق ـ
مەشۇق بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىغا مەست بولدى، نەچچە يىللاپ
تارتقان پىراقتىن بىر كېچە خالاس تېپىپ، سەرۋىگە ھەشقىـ
پېچەك چىرماشقاندەك چىرماشتى. گاھى ئۇنىڭ ئايىغىنى ئۇ



سۆيەتتى، گاھى ئۇنىڭ بويىنىنى بۇ سىلايتتى. گاھى لامەك («لا» ھەرپىدەك) چىرمىشاتتى. گاھى لەيلى مەجنۇننىڭ بىلىنى قۇچاقلايتتى، گاھى مەجنۇن لەيلىنىڭ چېچىنى قولىغا يۆگەيتتى. ئۇلار شۇنداق مەستخۇش بولۇپ كەتتىكى، مەجنۇن ئۆزىنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى، لەيلى ئۆزىنىڭ لەيلى ئىكەنلىكىنى بىلمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى ۋاپادار ئول كېچىسى مەقسىتىگە يېتىپ ئايرىلدى، ئەمما ئۇلار ئىشقىغا سادىق ئىدى. ئاخىرەتنىڭ ئەندىشىسىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار پەقەت بوسە قىلىشتى ۋە قۇچۇشتى.

پەلەك يەنە بىۋاپالىقىنى باشلىدى، سەھەر نۇرىنى ئالەمگە تاشلىدى. تۈن يورۇدى. مەجنۇن بىچارىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. لەيلى ھەم بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن قەترە ـ قەترە ياش تۆكتى.

— ئەي جانۇجاھانىم، — دېدى لەيلى، — مېنىڭ جان ۋە دىلىم بىلەن قېشىڭىزدا تۇرغۇم بار. پەلەك بۇ كېچە قىلغۇلۇقنى قىلدى. تاڭ ئاتتى. ئەمدى ئۆي تەرەپكە بارمىقىم تولىمۇ قىيىن.

لەيلى زار ـ زار يىغلاپ مەجنۇننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيدى. مەجنۇنمۇ باغرىنى يۈز پارە قىلىپ لەيلىنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيدى.

لەيلى يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۆز ئوردىسىغا كەتتى. مەجنۇن ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ پىراقنى كۆتۈرۈپ تەنھا قالدى. بولغان ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىدى. لەيلى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردى. پۈتۈنلەي تاڭ يورۇدى. بەخت ئىبنى سالام ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قېشىدا ئولتۇرغانلارغا بىر مەيە كەلتۈرۈشنى پەرمان قىلدى. خالايىق ئۇنى ساقايغان-

دىن كېيىن لەيلىگە قوشۇلغاي، دەپ مەيگە سېلىپ ئۆز بار-گاھىغا ئەكەتتى. لەيلى ئۆز ئۆيىدە قالدى. ئۇ مەجنۇنىنىڭ پىراقىدا كۆيەر ئىدى. لەيلى نەچچە يىللاردىن بېرى مەجنۇنغا كۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلماقنى ئىزدەپ، ئاخىر كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلدى. ئۇ گويا ئابىھاياتنى ئىچكەن بولسى-مۇ، يەنە جۇدالىق باياۋىنىدا قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بىر پىرا-قى ئەمدى مىڭ بولدى.

نەجدە تېغى دەپ بىر گۈزەل تاغ بار ئىدى. بۇ تاغ شىر، يولۋاسلارنىڭ ماكانى ئىدى. مەجنۇن لەيلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پەرياد - پىغان چېكىپ ئاشۇ تاغقا چىقىپ كەتتى. تاغنىڭ تىكەنلىرى مەجنۇننىڭ بەدەنلىرىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلاتتى. تاغ ئۈستىدىن قارىسا، ھەممە قەبىلىلەر كۆرۈنەت-تى. ھەمىشە لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە قاراپ زارلايتتى، سۈرمە قىلاتتى. ھەمىشە ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇيتتى. ۋەھشىي ھايۋانلار مەجنۇننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، پەرۋانە شام چىراغنى ئايلانغاندەك ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئايلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كېيىك مەجنۇنغا تولىمۇ ئېجىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كېيىك كۆزلىرى شوخ، بويىنى ئىنچىكە، مويلىرى چىرايلىق كېيىك ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز مەجنۇننىڭ قېشىدىن يىراق كەتمەس ئىدى. مەجنۇن ئۇنى قۇچاقلايتتى. ئۇ قۇلاق-لىرى بىلەن مەجنۇننىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. مەجنۇن-نىڭ ئۈچىسىنى تۇياقلىرى بىلەن قاشلايتتى، مەجنۇن ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ قارا كۆز-لىرىنى لەيلىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ، يۈزلىرىنى يېقىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى تەرىپلەيتتى. قەدەملىرىنى قىيغان قەلەمگە ئوخشىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «سەن لەيلى تەرەپكە بارغايسەن، لەيلى سەھراغا چىقسا، مېنىڭ ئورنۇمدا

ئۇنىڭدىن ئۆرگۈلگەيسەن. قەدەم ئىزى قالغان تۇپراققا يۈزلىرىڭنى سۈركىگەيسەن، ئاندىن بۇ يەرگە كەلگەيسەن، شۇ چاغدا مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە يۈزلىرىمنى سۈركەيمەن. يارىمنى كۆرگەن كۆزلىرىڭگە كۆزلىرىمنى ياققايمەن، سەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى لالىزارلىقتا پىنهان تۇتۇپ، لەيلى كەلگەندە ئۇنىڭ قەدەملىرىگە يۈزۈڭنى يېقىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ غەملىرىمنى بايان قىلغايسەن» دەيتتى. بىرەر قۇش لەيلى تەرەپكە ئۇچسا، ئۇنىڭغا ئاشىقانە سۆزلەيتتى ۋە شامال چىقسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلاتتى. گاھى چاغدا ھېلىقى قوشۇلغان كېچىنى ئەسلەپ خۇشال بولاتتى. تولىراق نالە ـ زار، پەرياد ـ پىغانلار چېكىپ، كۆز ياشلىرىدىن گۈللەرگە رەڭ بېرەتتى.

**مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا ھالاك بولغانلىقى، مەجنۇن بۇ ئەھۋالنى چۈشىدە كۆرۈپ، شامالدەك يۈگۈرۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مازىرىغا بېرىپ يېتىملىك دەردىدە مۇڭ ـ زار قىلغانلىقى، بۇ ۋەقەلەرنى لەيلى ئاڭلاپ، مەجنۇننىڭ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ لەيلىنىڭ باغرىغىمۇ جاراھەت سالغانلىقى، ئۇ جاراھەت مەجنۇننىڭ ئوتى ھارارىتىدىن كۆيۈپ شېھىت بولغانلىقى، مەجنۇنمۇ مەشۇقى ئۈستىدە جېنىنى بەدىنىدىن قەپەستىن چىققان قۇشتەك ئۇچۇرغانلىقى**

مەجنۇن نەۋپەلنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ باياۋانغا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇياتتىن ئۆلۈمگە رازى بولدى. ئۇلار ئۆيىگە كەلدى، ئاتىسى غەم بىلەن ئاغرىپ قالدى، كېچە ـ كۈندۈز ئاھ تارتىپ، ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشتى. ھەممە ھۆكۈما، تېۋىپلارنى يىغىپ ئىلاج

قىلىپ باققان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى، ئەكسىچە ئاجىزلاپ كەتتى. كافۇر شەربىتى بەرسە، ئىسسىتمىسىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى. دېمەك، ئادەمنىڭ ئۆمرى توگىسە، تەرياق بەرسە زەھەر بولىدۇ، تەرەنجىۋىل بەرسە ئىچى قاتىدۇ، سىركەنجىۋىل ئىچۈرسە سەپرا تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ. ئۇ ئاخىر باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. خالايىقلار ئاھ - زار چېكىپ ماتەم تۇتتى. مەجنۇننىڭ بىچارە ئانىسى پەرزەنت غېمى ھەم مۇسىبەت دەردىدە ئۆزىنى يۈز پارە قىلدى، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىدى. ئۇمۇ بۇ غەملەر دەستىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككىسىنى بىر گۆرگە دەپنە قىلدى.

بۇ ۋەقەلەردىن مەجنۇن خەۋەرسىز ئىدى. نەجدە تېغىدا كېچە - كۈندۈز يىغلايتتى. بىر كۈنى غەملىرى ھەددىدىن ئاشتى. بىر چاغدا ئازغىنا ئۇيقۇسى كەلدى. چۈش كۆردىكى، بىر ئۆيدە ئىككى كەپتەر تۇخۇم تۇغۇپ باچكا چىقارغۇدەك. باچكىنىڭ قانىتى چىقىپ، بىقارار بولۇپ ھاۋاغا ئۆرلەپ، سەھراغا يۈزلەنگۈدەك، ئىككى كەپتەر پەرۋاز قىلىپ ھېلىقى باچكىنى ئۆيگە ياندۇرغىلى تىرىشىپ باقسىمۇ باچكا ئۇنىمىغۇدەك. كەپتەرلەر نائۈمىد بولۇپ يېنىپ كەتكۈدەك. ناگاھ يۇقىرىدىن ئىككى بۈركۈت چۈشۈپ ئىككى كەپتەرنى ھالاك قىلغۇدەك...

مەجنۇن چۈشىدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. ئۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلگەنىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى پەملەپ شامالدەك يۈگۈرۈپ، ئاتا - ئانىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ زار - زار يىغلاپ، پەرياد - پىغانلار كۆتۈرەتتى. ئۇ ئۇدۇل ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ زاراتگاھىغا يەتتى. ئۇ يەردە يېڭى قەبرە ياسالغانىدى. ئۇ قەبرە غەم لىبىي بىلەن سۇۋالغانىدى. مەجنۇن ئۇنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ، پەرياد - پىغان كۆتۈردى. باشلىرىغا توپا چېچىپ، قو-

لىغا تاش ئېلىپ سىنەسىگە ئۇردى. ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى قويۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرىق قىلدى ۋە مۇنداق دەپ يىغلىدى: «ئەي بارچە خەلقنىڭ ئۇلۇغى، ھەممە ئادەمگە رەھمىتىڭنىڭ داستىخىنى ئوچۇق ئىدى. ھەممە غېرىبلار سېنىڭ تەھتى پەيمانىڭدا ئىدى، ھەممە شىكەستىلىك ساڭا مەن سەۋدايىدىن يەتتى. خۇشال كۆڭلۈك غەم بىلەن چۇۋۇلدى. مېنى تاپماق ئۇچۇن ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى سەرپ قىلدىڭ ۋە مېنى تاپتىڭ. ئەمما مەندىن غەم - ئەلەمدىن باشقىسى ساڭا نېسىپ بولمىدى. سەن مېنى چىرىغىمنى ياندۇرار دېگەنىدىڭ. ئەمما يورۇق چىرىغىڭ مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۆچتى. ئاھ، جېنىم ئاتام، مەن بىۋاپا مۇتىلانى كۆز قارىچۇقۇڭدەك بىلدىڭ، لېكىن روزغارىڭنى مەن قارا قىلدىم. ئاھ، ئاھ، مەن بۇ غەملەر بىلەن قانداقمۇ تىرىك يۈرەي، مەن سېنىڭ ئۆزرەڭنى قانداقمۇ ئېيتىپ تۈگىتەي، مەن سېنىڭ تىرىكلىكىڭدە پەرمانىڭنى تۇتمىدىم. ئەمدى روھىڭغا مېنى ئەپۇ قىل دەپ قايسى يۈزۈم بىلەن ئېيتاي، ئەي جېنىم ئاتا، مېنى غەم تىغىنىڭ ئېتىكىگە تەنھا تاشلىدىڭ. سۆڭەكلىرىمنى غەم بىلەن ئۇشتۇدۇڭ، سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، بىتەلەيلىكىمدىن يامان ئىشلارنى پەيدا قىلغان بولسامۇ، گۇناھىمدىن كەچكەيسەن ۋە ئۆزرۈمنى قوبۇل قىلغايسەن.»

مەجنۇن كۆكرىكىگە تاش ئۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە يۈزىنى يېقىپ، قەبرىنى كىرپىكلىرى بىلەن سۈپۈردى، ئاندىن ئانىسىنىڭ قەبرىسى بېشىغا بېرىپ ئالەمگە غوۋغا سالدى. ياقىلىرىنى يىرتىپ، سىنەسىنى چاك قىلىپ، ياشلىرىنى ئېرىق سۈيىدەك ئاققۇزۇپ، قوم - تۇپراققا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاھىنىڭ تەپتى بىلەن جىگىرىنى كاۋاپ قىلدى. پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈپ، ئاجىز تېنى تىترىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئەي جېنىمنىڭ

قىلىسى ئانام، سىنىڭدەك كەئىبەمنى تاشلاپ جەھەننەمنى ئىزدىگەندەك، بوستاننى تاشلاپ سەھرانى چۆرگىلىگەندەك چۆ-رۇلدۇم. كاشكى، مېنى تۇغمىغان بولساڭ ۋە يا تۇغۇلغان ھا-مان ئۆلگەن بولسام، بۇنداق غەم ۋە بالالارنى كۆرمەس ئىدىم. ۋادەرىخ، مەن بەتبەخت ئۆلمەي تىرىك قېلىپ، سەن بالا غې-مىدە ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ. ئەي باغرىمنىڭ پارىسى ئانام، مېنى پەرزەنتىم دەپ كۆڭلۈڭنى بېرىپ كىچە - كۈندۈز بۆ-شۈكۈمنى تەۋرەتتىڭ، رەنج - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭ، كېچە-لىرى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدىڭ، كۈندۈزى ئارامىڭدا تائام يېيەلمىدىڭ، تائام يېيىشىڭدىكى مەقسىتىڭ مېنى سۈت بىلەن تويغۇزۇش بولدى. كېچىلىرى ئۇخلىماي مېنى پەپىلىدىڭ، كېچە - كۈندۈز مۇشەققەتلەرنى تارتىپ چوڭ قىلدىڭ، چۈش-لىرىڭدە مەن بېشىڭدىن ئۆرگۈلدىم، مېنى چوڭ قىلىشتىن مەقسىتىڭ، قېرىپ قەددىم پۈكۈلگەندە يۆلىگىنى كۆتۈرەر، تۆشەكتە ياتقىنىمدا باشلىرىمدىن ئۆرگۈلەر، دېگەندىن ئىبارەت ئەمەسمىدى؟ مەن قولۇڭدەك خىزمىتىڭنى قىلسام، ھەرقانداق غەملىرىڭگە غەمخور بولسام ئىدىم - ھە ! لېكىن، مەن ئۆ-سۈپ چوڭ بولدۇم، سەن ئاجىزلاشتىڭ. مەن بىۋاپا بالاڭ خىزمىتىڭدە بولالمىدىم، ئاغرىغان چېغىڭدا بىردەممۇ قې-شىڭدا تۇرالمىدىم، شەپقەت بىلەن قولۇڭنى تۇتالمىدىم. كىر-پىكلىرىم بىلەن يولۇڭنى سۈپۈرەلمىدىم. ئاغرىق چېغىڭدا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچۈرەلمىدىم. كېچە - كۈندۈز سەندىن ئايرىلىپ يۈردۈم. بىلمەسلىكىمدىن شۇ قەدەر بىۋاپالىقلارنى قىلدىم. ئۆزۈم تەلۋە بولۇپ قېلىپ، ئۈمىدلى-رىڭنى ئاقلىيالمىدىم. ئاھ، يۈزىڭ دەرىخكى، ئۈنىڭ ئۈستىد-گە ھەر نەپەستە ساڭا دەرد - غەم، رەنج - بالالار يەتتى. كۆڭلۈڭ مېنىڭ غېمىمدە بولدى. جېنىڭ يۈزمىڭ ھەسرەت

بىلەن جاھاندىن كەتتى، روشەنكى، روھىڭ مەن سەۋدايىدىن خۇشال ئەمەس. لېكىن مەن بىچارە قانداق قىلاي؟ تەقدىرگە تەدبىر يوق ئىكەن ۋە ئىشقتا گىرىپتار بولغۇچى ھەممە ئىش-تا بىچارە ئىكەن.»

مەجنۇن پەرياد كۆتۈرۈپ يۈزىنى ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە سۈرتۈپ، تۇپراقنى قۇچاقلاپ يىغلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. كۆرگەنلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلدى.

ئەلقىسسە، مەجنۇنغا لەيلىنىڭ پىراقى زىيادە بولدى. داغ ئۈستىگە داغ قوشۇلدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز ئاتا - ئانىسىنىڭ مازىرىنى ئايلىنىپ يىغلايتتى. ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ بولدى. كېچە - كۈندۈز يىغلاپ، گاھى بىھوش بولۇپ ئۆلۈك-تەك ياتاتتى. باياۋاندىكى شىر، يولۋاس، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆرىستاننى ماكان تۇتتى.

ئەمدى گەپنى لەيلىدىن ئاڭلايلى: لەيلى مەجنۇن بىلەن



ۋسال تېپىپ، ئۆز ئوردىسىغا كەتكەندىن كېيىن، ھەممىشە مەجنۇننىڭ پىراقىدا نالە ـ پەرياد قىلدى. مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قانلىق جىگىرىگە قاتمۇقات داغلارنى چەكتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسىنى ئۆزى دەپ بىلەتتى. بۇ غەملەرنىڭ تۆپە ـ تۆپىلەپ كېلىشى ئۇنىڭ غەم ـ دەردلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى، زارلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ يىغلىدى. «ئەي پەلەك، بۇ زۇلۇملارنى مەن بىچارىگە قىلدىڭ، جېنىمغا شۇنچە جەبىر ـ سىتەملەرنى سالدىڭ، بوران گۈلنى توزۇتقاندەك مېنى توزۇتتۇڭ. بەلكى غەم تېغى بىرلە مېنى ئۆلتۈرەرسەن، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرەرسەن، قۇشنىڭ قاناتلىرىنى يۇلغاندەك شىكەستە قىلارسەن، بەلكى ئىشق ئوتىدا كاۋاپ قىلارسەن، دەريخا، ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولدۇم. شامالغا سورۇلدۇم، يارىمىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ، ماڭا تېخىمۇ زۇلۇم بولدى. ھەسسىلەپ ئەلەم چەكتىم.» لەيلى شۇنداق يىغلاپ كېچە ـ كۈندۈز بىقارار بولۇپ، دەرد ـ غەم دەستىدىن بىمار بولۇپ، بەدىنىگە ئىسسىتما چۈشتى، يۈرىكى تىترەپ قوزغىلاتتى. گوياكى باغرى كۆيۈپ كاۋاپ بولغاندەك بىتاقەت بولۇپ قىينىلاتتى. لەيلىنىڭ ئاغرىقىنى ئانىسى بىلىپ ئاتىسىغا خەۋەر قىلدى. ئاتىسى ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، جىمىكى ھۆكۈما ـ تېۋىپلارنى لەيلىنىڭ بېشىغا كەلتۈردى. ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى زار ـ زار يىغلاشتى. تېۋىپلار شۇنچە داۋالارنى قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. كۈندىن ـ كۈنگە كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۆزى ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ زەئىپلىشىپ كەتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەجنۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىدا زار ـ زار يىغلاپ ھەم لەيلىنىڭ پىراقىدا شېئىرلار ئوقۇپ ئاھ چېكەتتى، گاھى بىھوش بولۇپ، گاھى ھوشىغا كېلىپ

يەنە هوشىدىن كېتىپ، ئۆلۈكتەك ياتاتتى. لەيلى بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىدى، پىغانى تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئۇ بارغانسېرى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى، قىزىلگۈلدەك رۇخسارى زەپىراندەك سارغايدى، سەرۋىدەك قەددى يادەك ئېگىلىپ، بىماجال بولۇپ ياتتى، سۆزدىن قېلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى. لەيلى بۇ هالدىن ئۆز-زىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆيىنى خالىي قىلدى ـ دە، ئانىسىنى قېشىغا چاقىردى. لەيلى ئانىسىغا پىنهان سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى: «ئەي مېهرىبان ئانا، مېنىڭ دەرد ـ پىراقىمدا قالدىڭ، ئەگەر مىڭ يىل تىرىك بولسام، ئۇزرەڭنى قىلىپ تۈگىتەلمەس ئىدىم. هازىر سەكراتتا يېتىمۋاتىمەن. جېنىم لېۋىمگە كېلىپ قالدى. مۇشۇ هالدا ئۆز ئەهۋالىمنى سېنىڭدەك مۇشپىق ئانامدىن يوشۇرغىنىمنىڭ هېچ پايدىسى يوق. ئەي غەمگۇزارىم ئانا، سەن مېنىڭ ئەهۋالىمنى بىلەتتىڭ ۋە لېكىن ماڭا دېمەس ئىدىڭ، مەن ساڭا ئاشكارا قىلاي، ناۋادا بۇ خەستە بەدىنىمدىن شېرىن جېنىم چىقسا ۋە بۇ جىسمىم تۇپراققا قوشۇلسا، مېنىڭ ما-تەممدە كۆپ يىغلىمىغايسەن. مۇبارەك يۈزۈڭنى كاچاتلاپ جاراهەت قىلمىغايسەن. سەۋر قىلغايسەن. ئەمما مەن بىلىمەنـ-كى، بۇ ئىشقا سەۋر قىلالمايسەن. بۇ سۆزلىرىم قۇلىقىڭغا كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە بىر ۋەسىيىتىم شۇكى، ئەي مېهرى-بان بىچارە ئانا، ئەگەر مېنىڭ ماتىمىم ئاشكارا بولسا شەهەر ـ سەهرا ۋە دەشت ـ باياۋاندىكى هەممە خالايىقلار بىلىپ كېتىدـ-دۇ. تەهقىق شۇ ماڭا ئايانكى، شۇ چاغدا مېنىڭ غېرىب ـ زارىم، بالاكەش مۇپتىلايىم، مېنىڭ ئىشقىمدا خانىمانىدىن ئايرىلغان، جانىدىن كەچكەن، دەشت ـ سەهرالارنى كەزگەن، تاغلارنى ئايلانغان بىچارەم بۇ ۋەقەلەرنى ئىشىتسە شامالدەك يۈگۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ روهى

ماڭا قوشۇلغۇسىدۇر. ئىشق يوسۇننى ئاشىقلارغا بىلدۇرگۇسىدۇر، تۇپرىقىنى تۇپراققا قوشقۇسىدۇر. ناۋادا بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىپ شېرىن جېنىدىن جۇدا بولسا، ئەلۋەتتە سەن ئۇنىڭ جانسىز بەدىنىنى ئەزىز بىلگەيسەن، گىنە ـ ئاداۋەتنى قويغايسەن. دەرىخا، ئول ھىجراندا غېرىب بولغان ئەزىزىمنىڭ جەسىتىنى كۆز يېشىم بىلەن يۇساڭمۇ لايىق ئىدى. سەن ئول مېھرىبان بىلەن ماڭا بىر كېپەن تىكىپ ئىككىمىزنى بىرلىكتە يەرلىككە قويغايسەن، ئايرىۋەتمىگەيسەن. جېنىم ئانا، ئۇنى ئۆز پەرزەنتىڭدەك كۆرۈپ، مەن بىلەن بىر گۆرگە قويغايسەن، بىللە ياتقۇزغايسەن.» لەيلى شۇنداق دەپ ئاھ تارتىپ ئاياغلىرىنى سۇندى، كۆزلىرىنى يۇمدى، جان تەسلىم قىلدى. روشەنكى، ئۇ مەجنۇننىڭ كويىدا جان بەردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانىنىڭ كۆزلىرى قاراڭ-



غۇلاشتى. ئانا بۇ دەرد، مۇسىبەت تۈپەيلى لەيلىنىڭ بېشىدىن ئۆرگۈلۈپ شۇنداق پەرياد قىلدىكى، ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكى چاك بولدى. لەيلىنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى سۈرۈپ، گاھى ئۇنى قۇچاقلاپ ئاھ ـ ئەپغان قىلىپ، سەۋدايىدەك چاچلىرىنى يۇ-لۇپ ناله ـ زار قىلدى، سىنە ۋە يۈزلىرىنى يىرتىپ يىغلىدى ۋە شۇنداق دەيتتى: «ئەي ئاي يۈزلۈك، ئىپار چاچلىق قىزىم، غۇنچىسىدە توزۇغان، نوتىسىدىن قۇرۇغان قىزىم، بۇ تېخى سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس ئىدى. كاشكى، مەن ئىلگىرى ئۆلگەن بولسام ئىدىم، سەن ئانام دەپ ئارقامدا قال-ساڭ ئىدىڭ. سەن بۇ جاھاندىن ئارمان بىلەن كۆز يۇمدۇڭ. بىزلەرگە ئالەمنى قاراڭغۇ قىلدىڭ. ئەمدى مەن ئۇ بىچارە مەجنۇن كەلسە نېمىمۇ دەرمەن؟! بىزنى ۋە بارلىق قوۋم ـ قېرىنداش-لىرىڭنى قارا قايغۇ ئىچىدە خاراب قىلدىڭ!»

بۇ چاغدا مەجنۇن گۆرىستاندا بىھوش ھالدا ياتاتتى. ئۇ-نىڭ كۆڭلى گوياكى شىشىدەك پاك بولغانلىقتىن، غايىب ئىشلارنىمۇ سېزەلەيتتى. مەجنۇن خامۇش بولۇپ يېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى: «ئەي دەرد ئەھ-لىنىڭ پادىشاھى، ئاشىقلارنىڭ سەردارى، ئەگەر ئىشق ئەھلى-گە ۋاپا ھەم ساداقەت كېرەك بولىدىغان بولسا، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ھازىر ياتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. سېنىڭ ئۇ گۈلۈڭ خازان بولدى. سېنىڭ ئۇ چىرىغىڭ شامالغا دۇچ كەلدى. ئە-گەر سەن پەرۋانە بولساڭ، چىراغ يېنىغا بارغىن. مەشۇقۇڭ سەپەرگە چىقتى. ساڭا ھەمراھلىق ۋاقتى يەتتى. سەن ياكى ئۇنىڭغا ۋاپادارلىقىڭنى ئىزھار قىلغىن، ياكى بولمىسا، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپلا بولدى قىلغىن!» مەجنۇن بۇ سىرلاردىن خەۋەردار بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە قاراپ چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ جې-

نىنى قولىغا ئېلىپ، يار ئۈچۈن سەدىقە قىلغىلى يۈگۈرەيدـ
تى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلەتتى. ئۇ پۈتۈن
جاھاندىن كۆڭۈل ئۈزدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى دوست
ياكى دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتـ
قانلىقىنى كۆرگەن خالايىق قورقۇپ قېچىشتى. ھەتتا شىر،
يولۋاس ۋە قاپلانلارمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ تەرەپ - تەرەپكە
تىكىۋەتتى. مەجنۇن شۇ تەرىقىدە يۈگۈرگىنىچە لەيلىنىڭ ئىدـ
شىكىگە يېتىپ كەلدى. خالايىق لەيلىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىدـ
لىپ ئۇنى توسمىدى. ئۇ توختاۋسىز ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتـ
تى. خالايىق ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىغا ھەيران بولۇشۇپ، كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈشتى. مەجنۇن يارىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ
جەسىتىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتتى. ئۇ لەيلىنىڭ جامالىغا
نەزەر تاشلاپ، سوغۇق بىر ئاھ چەكتى - دە، شۇ ھامان جان
تاپشۇردى. كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ نەزەر سالدى. بۇ بىر جۈپ
ئاشىق - مەشۇق گوياكى ھەشقىپىچەكتەك بىر - بىرىگە
چىرمىشىپ ياتاتتى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاھ - پەرـ
ياد چەككەن ھالدا ئۆزلىرىنى كاچاتلاشتى. ئۇلار بۇ ئىككىيـ
لەنگە ماتەم تۇتۇپ، ھەددى - ھېسابسىز يىغا - زار قىلىشتى. بۇ
ماتەمدىن پۈتكۈل جاھان خەلقىگە قىيىقاس - چۇقان چۈشتى.
پۈتۈن ئالەم ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە ئۇلارنىڭ مۇسىبەت ئوتلىرى
تۇتاشتى.

كىشىلەر ئاخىر ئۇلارنى دەپنە قىلىشقا مەسلىھەت قىلدـ
دى. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق جاھاندىن پاك ھالدا كەتتى.
ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەيىب - نۇقسانى يوق ئىدى. بىراق مۇراد -
مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي كۆز يۇمۇشتى. ئۇلارنى خالايىقلار يۇـ
يۇپ - تارىدى، ئاندىن ئىككىسىنى بىر كېپەن ئىچىگە ئېلىپ
بىر تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سالدى. خالايىق زار - زار يىغلاشقان



پېتى گۆرىستانغا كېلىشتى. بۇ ئىككى جانسىز بەدەننى بىر يەرلىك ئىچىدە قويۇپ، ئۇزاتتى. ئۇلارنىڭ قەبرىسىمۇ بىر بولدى. خالايىق يىغلاشقان پېتى دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ قايـ.تىشتى. بۇ ئالەمدە تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قالمىدـ.غان، بىراق، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن بۇ ئىككى بىدـ.چارىنى يەر قوينىغا ئېلىپ، جاھان ئەھلىدىن پىنھان قىلدى. ئۇلارنىڭ پاك روھلىرى جەننەت ئىچىدە ۋىسالغا يەتتى.



# يۇسۇپ-زىلەيخا

رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر بەرگۈچى سۆز ئۇستىسى قەدىمكى داستانچىلاردىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا يۇسۇپنى ھەممىسىدىن ياخشى كۆرۈپ يېنىدىن ئاي-رىمايتتى، بىرەر نەپەس يۈزىنى كۆرمىسە، ئىچى پۇشۇپ تا-قەتسىزلىنەتتى.

ياقۇپنىڭ ھويلىسىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى. ھەرقاچان خوتۇنلىرى ئوغۇل تۇغسا، شۇ دەرەختىن بىر شاخ بىخ سۈرۈپ چىقاتتى. ئۇ شاخ شۇ ئوغۇل بىلەن تەڭ چوڭ بولاتتى.

يۇسۇپ يەتتە ياشقا كىرگەندە بىر كېچىسى چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئاكىلىرى بىلەن سەھراغا ئوينىغىلى چىققان بو-لۇپ، ھەممىسى قولىدىكى تاياقنى يەرگە سانجىدى. ھەممىسى-نىڭ تايىقى ئاستا نوتا سۈرۈپ كۆكلىدى. يۇسۇپنىڭ تايىقى تېز، ئۇزۇن ۋە چىرايلىق كۆكلىدى. ئۇنىڭ سايىسى باشقا دە-رەخلەرگىمۇ چۈشتى. ناھايىتى قويۇق مېۋە بولۇپ پىشتى. ھەممە ئىرغىتىپ يېيىشتى. شۇ يەردىكى خەلقىمۇ بېرىشتى. ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ يۇسۇپ چۆچۈپ ئويې-غاندى. بۇ چۈشنى دادىسى ياقۇپقا ئېيتتى. ياقۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ چۈشنى باشقىلارغا ئېيتما! — دې-

دى. يەنە بىر كۈنى يۈسۈپ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغاندى. دادىسى:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ؟! — دەپ سورىدى. يۈسۈپ:

— بىر ئۇلۇغ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىمەن. بېشىمدا تاج، قولۇمدا ئەڭگۈشتەر تۇرغۇدەك، ھەممە ئادەم ئالدىمدا خىزمەتتە ئىمىش. ئاسماندىن ئاجايىپ شەپە بىلەن بىر ئاي، ئون بىر يۇلتۇز چۈشۈپ ماڭا سەجدە قىلغاندى، قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، — دېدى.

يۈسۈپ كۆرگەن چۈشلىرىنى دادىسىغا دەۋاتقاندا ئاكىلىرىمۇ ئاڭلىغانىدى. بۇ — ئۇكىمىز ئاتىمىزغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ، يالغاندىن چۈش كۆردۈم، دەپ ئاتىمىزنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشىپ ئاچچىقلاشتى.

ياقۇپمۇ يۈسۈپكە باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا ئامراق ئىدى، ئۇنى يەرگە قويمايتتى. بۇنى ئاكىلىرى كۆرەلمەيتتى.

«بەزىمىز مال باقىمىز، بەزىمىز كېچە - كۈندۈز جاڭگاللاردا يۈرۈپ باشقا ئىشلارنى قىلىمىز. يۈسۈپ بولسا دادىمىزنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ تەييار سۈت - قايماقنى ئىچى-



دۇ. هوزۇر ـ هالاۋەتنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ! بۇنى كۆزدىن يوق قىلىش كېرەك» دەپ يورۇشەتتى.

بىر كۈنى ئۆلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ: «يۇ-سۇپنى قانداق يوقىتىمىز؟!» دېيىشىپ باش قاتۇرۇپ ئول-تۇراتتى. شەيتان بىر قېرى ئادەم سۈپىتىدە كېلىپ ئۆلارنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ئاڭلىدى. ئۆلارغا يول كۆرسىتىپ:

— سىلەرنىڭ بۇ پىكرىڭلار ھازىر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، سەۋر قىلىڭلار، ياز بولسۇن. دالىدا گۈل ـ چېچەكلەر ئې-چىلسۇن، بۇلبۇللار سايراشسۇن، قويلار قوزىلىسۇن، توڭگىلەر بوتىلىسۇن. شۇ ۋاقىتقىچە يۇسۇپنى ئۆزۈڭلارغا ئۆگىتىۋې-لىڭلار. ئۇ سىلەردىن ئايرىلالمايدىغان ۋە كەينىڭلاردىن ئەگە-شىدىغان بولسۇن. شۇ ۋاقىتتا سىلەر «سەھراغا بارىمىز» دەپ، سەھرانىڭ تەرىپىنى يۇسۇپكە سۆزلەپ بېرىڭلار، ئۇمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ: «مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئىلاجسىز داداڭلار ئۇنى سىلەرگە قوشۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى يوقاتماق ئاسان، — دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى ھەممىسى ماقۇل كۆردى. ياز بولغۇچە يۇسۇپنى ئۆزلىرىگە ئۆگىتىۋالدى. ياز كېلىپ سەھراغا تەي-يارلاندى. بۇنى كۆرگەن يۇسۇپ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— مەنمۇ بارىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

دادىسى جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، يۇسۇپ:

— ئەي دادا، ھازىر ھۆت ئايلىرى قىشلاقتا ياماشتى. ھەمەل ئېيى بېزىگەن يايلاقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى قاماشتى. ئاسمانمۇ سۆيۈنچە يامغۇرنى يەرگە چاچتى. پۈتۈن ئەتراپ خۇشاللىقتا چۆمدى. پەلەك يەر يۈزىگە كۆكاتتىن خال چەكتى. يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. بۇلبۇللار خۇش ئاۋاز بىلەن سايراشماقتا. ماڭا رۇخسەت قىل-

غىن، يېزىلارنى كۆرۈپ كېلەي ! — دەپ يېلىنىدى.
ئاكىلىرىمۇ:

— بۇگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى، يۇسۇپنى بىزگە قوشۇپ بېرىڭ، ئوغلاق، قوزا، قۇلۇن ـ تايلاقلارنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلسۇن ! — دېدى.

شۇ كۈنلەردە ياقۇپ بىر چۈش كۆرگەنىدى. شۇ چۈش يادىغا كېلىپ، يۇسۇپكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قادىر مەۋلان، يۈرىكىمگە ئوت چۈشتى،
يۇسۇپۇمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.
دۇنيادا ئايرىلىش بەك يامان ئىشدۇر،
سۇلتاندەك بېشىمنى گادا ئەيلىمە.

بىلمەيمەن نە بالا چۈشەر بېشىمغا،
قورقۇنچۇم بار تۈندە كۆرگەن چۈشۇمگە.
پەلەك ئوغا سالدى ئىچكەن ئېشىمغا،
ماڭا ئايرىلىشنى راۋا ئەيلىمە.

كۆزۈمنىڭ روشنى، تەنىنىڭ قۇۋۋىتى،
كۆڭلۇم ئاسايىشى، جانىنىڭ راھىتى.
سۆيۈملۈك قوزام ھەمدە ئۇلپىتىم،
يۇسۇپۇمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ئېچىلغان گۈل غۇنچىسى ھەرگىز سولمىسۇن،
مەزگىلسىز چاغدا خازان بولمىسۇن.
جۇدالىق بالاسى ھېچكىم كۆرمىسۇن،
تەلىيىم ـ بەختىمنى قارا ئەيلىمە.

ياقۇپ نەبى بىر ھېكمەتنى چاغلىدى،
پەلەكنىڭ قازاسى باغرىن داغلىدى.
قوزىدىن ئايرىلىپ ئاتا يىغلىدى،
يۇسۇپۇمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:
— يۇسۇپنى سىلەرگە قوشۇپ بەرمەيمەن. سىلەرمۇ كىچىك ئىدىڭلار، بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئۇ كىچىك، ئۇنىمۇ سىلەرگە ئوخشاش تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقىلى قويۇڭلار! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يۇسۇپ بىلەن بىرنەچچە كۈن قويۇڭلار!
كۆرەر كۆزۈم يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.
ئوغلانلىرىم، نەسىھەتىم ئاڭلاڭلار!
سۆزلەر سۆزۈم يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.

نەچچە يىل تارتتىم جاپايىڭلانى،
ئەمدى كۆرەي مەنمۇ ۋاپايىڭلانى.
يۇسۇپۇمدۇر ئاتاڭلارنىڭ يۆلەنچى،
كۆرەر كۆزۈم يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.

يۇسۇپ ئوغلۇم بارسا ئۇ باياۋانغا،
كېلۇر — كەلمەسلىكى ئېرۇر گۇماندا.
يۈزىنى كۆرەلمەي قالماي ئارماندا،
رىزقى — روزا يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.

رۇخسەت بەرسەم غەم ئوتىدا كۆيەرمەن،
كۆرمىسەم مەن ئەقلىمدىنمۇ ئازارمەن.

جامالىنى كۆرۈپ تۇرسام ياشارمەن،
پەسلى باھار يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.

ياقۇپ ئېيتۇر خۇدا ئامان ئەيلىسە،
تەربىيە تاپماسلار پىغان ئەيلىسە.
بىردەم - بىر سائەت ئامان ئەيلىسە،
نەۋباھارىم يۇسۇپۇمدىن ئايرىلماي.

بۇ نەزمىدىن كېيىن، ياقۇپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، يۇسۇپنى سىلەرگە قوشۇپ بەرسەم، سىلەر دالىدا ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ يۇسۇپ بىرەر يامان ھادىسىگە ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا مېنى ئېغىر پەرزەنت دېغىغا مۇپتىلا قىلۇرسىلەر! — دېدى.



ياقۇپنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاتا، بىزمۇ سىزنىڭ بالىلىرىڭىزغۇ؟ بىزمۇ ئۇ-نىڭغا سىزدىن ئامراقراق ۋە مېھرىبانراقمىز. شۇنداق تۇرۇپ بىز ئۇنى ھادىسىگە يولۇقتۇرىمىزمۇ؟! — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن يېنىپ چىقىشتى. يۈزمىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئالدىدى.

— ئەي كۆزىمىزنىڭ روشىنى، كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى يۇسۇپ، ھازىر سەھرا ئاجايىپ لالىزارلىققا ئايلاندى. ھەر-قانداق ئادەمزات ئۇنى سەيلە قىلىپ كۆرسە، كۆڭلى ئېچىلىدۇ. سەنمۇ بىز بىلەن سەھراغا چىقىپ تاماشا قىلغىن. ئاجايىپ - غارايىباتلارنى كۆرگىن. دەرھال كىرىپ ئاتىمىزدىن ئىجازەت سورا. رۇخسەت بەرمىسە يىغلاپ تۇرۇۋال. سەن يىغلىساڭ ئا-تىمىز چىدىمايدۇ. رۇخسەت قىلىپ سېنى بىزگە قوشۇپ بې-رىدۇ، — دەپ ئۆگەتتى.

يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ سۆزىگە ئالداندى، ئاتىسىنىڭ ئالدى-غا كىرىپ رۇخسەت سوراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىجازەت بەرسىلە، ئاتا،
بىر ئىش چۈشتى خىيالىمغا.
چۈشۈپتۇ باغ ئارا شەبنەم،
زىننەت بېرىپ باھارىمغا.

تاماشا ئەيلىسە سەھرا،
كۆڭۈللەر بولغۇسى شەيدا.
ئاكاملار قىلغۇسى پەرۋا،
مېنىڭ ھۆسن - جامالىمغا.

رەقىبلەر ئوت بولۇپ يانسۇن،
يارانلار قولغا جام ئالسۇن.
تەشنالار باغرىمۇ قانسۇن،
مېنىڭ ئابى زۇلالىمغا.

قەپەستە بۇلبۇلى شەيدا،
دىلنى ئاچمىغاي ئاندا.
مېنىڭ باشىمدا بۇ سەۋدا،
زەرەر يەتمەس كامالىمغا.

كېلىپتۇر ماڭا بۇ پۇرسەت،
بېرىڭ تەلمۇرتمەيىن رۇخسەت.
ئاكاملار ماڭادۇر ئۇلپەت،
نەزەر سالغاي بۇ ھالىمغا.

يۇسۇپنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان ياقۇپ ئوغلىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆرمىسەم بىر زامان تاقىتىم يوقتۇر،
كۆرەر كۆزۈم، سۆزلەر سۆزۈم، ئايرىلما !
مەن كۆرگەن بۇ چۈشنىڭ بالاسى كۆپتۇر،
مېنى زار يىغلىتىپ، قوزام، ئايرىلما !

ئارقاڭدا قالۇرمەن زار - زار يىغلاپ،
ھىجران ئوتىدا باغرىمنى داغلاپ،
تاپارمەن سېنى نەدىن سوراقلاپ،
شۇڭقارىم، لاچىنىم، يازىم، ئايرىلما !

بىلمەيمەن نە ھېكمەت چۈشەر بېشىمغا،
پەلەك ئوغا سالدى ئىچكەن ئېشىمغا،
رەھىم ئەيلىگىن ئاققان يېشىمغا،
جېنىم ئىچرە سەرۋى نازىم، ئايرىلما !

بۇ يەردىن كەتكەنلەر، كېلۇر نە خىلدا،
كېچە ـ كۈندۈز مەن ئىنتىزارىڭدا،
بۇلبۇلدەك سايرايمەن گۈلئۈزارىڭدا،
يۈز ئەلۋانىم، نەغمە ـ سازىم، ئايرىلما !

ياقۇپنىڭ نە كېچەر ھالى ـ ئەھۋالى،
كۆرمىسە يۈسۈپنىڭ ھۆسن ـ جامالى،
كۆزۈمنىڭ روشنى، قەددى، كامالى،
ھەقتىن يەتكەن رىزقى ـ روزام، ئايرىلما !

ئاتىسى نەزمىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ ئاتىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىجازەت بەرسىلە، كەئبەم،
تاماشا ئەيلەيىن سەھرا.
ئاكاملار ماڭادۇر ئامراق،
قىلۇرلار ھەممىسى پەرۋا.

ماڭا كىمدىن جاپا يەتكەي،
ۋە كىم سىزدىن جۇدا ئەتكەي.
نەكىم سىزگە گۇناھ ئەتكەي،
بولۇر دىنسىز، يەنە رەسۋا.

ئاكامىنىڭ ھەممىسى پالۋان،
ھەربىرى رۇستىمى داستان،
قىلۇر دۇشمەنلىنى يەكسان،
بىز بىلەن قىلمىسىلا غوۋغا.

خۇدا ھۆكمى باشقىچە بولماس،
تەقدىردىن قېچىپ بولماس.
سەۋرسىز بەندە بولماس،
بېشىغا چۈشسە مىڭ سەۋدا.

يۇسۇپ ئېيتۇر: قارارىم يوق،
يەنە باشقا سورارىم يوق.
بىردەممۇ تۇرارىم يوق،
كېلۇرمەن بۈگۈن تاڭلا !

ياقۇپ ئوغلى يۇسۇپكە رۇخسەت بەردى، كېيىن ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا نەسىھەت ئورنىدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قوزام، كۆپ ئارزۇ قىلدىڭ،
ساڭا بالا يۈزلەنمىسۇن.
خۇدانىڭ ھۆكمىدۇر ھەر ئىش،
يامانلىق ساڭا يۈزلەنمىسۇن.

خۇدانى بىلمىگەن ئادەم،
سېنى بىلمەس، مېنىمۇ ھەم،
يۈرەكىمگە سېلىپ يۈز غەم،
ساڭا سەۋدا يۈزلەنمىسۇن.

قورقۇنچۇم يوق ھېچ كىشىدىن،
قورقىمەن تەڭرى ئىشىدىن،
ئاكىلىرىڭنىڭ رەشكىدىن،
بېشىڭغا بالا يۈزلەنمىسۇن.

قوزام سەندىن جۇدا بولسام،
قاراپ ئارقاڭدا مەن قالسام،
پىراقىڭدا كۆيۈپ يانسام،
ماڭا ئازار يۈزلەنمىسۇن.

ياقۇپ دەر: ئەزىز جانىم،
رۇخسەت بېرەي، مېھرىبانىم،
كۆپەيتمىگىن سەن پىغانىم،
بىر كۈندە كەل، يولۇڭ بولسۇن.



بۇ چاغدا يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئىشىكنىڭ كەينىدە ئىدى. ئۇلار ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ياقۇپ ئوغلىغا رۇخسەت بەرگەن ھامان ئۇلار كىرىپ، ئاتىسىغا تەزىم قىلىشتى. ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، يۈسۈپنى سەھراغا بىللە ئاچىقىشقا سورىغىنىڭلاردا مەن

رۇخسەت قىلمىغانىدىم. يۇسۇپنىڭ ئۆزى رۇخسەت سورىدى، بەرمىسەم يىغلىدى. مەن رازىلىق بەردىم، يۇسۇپنى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن سىلەرگە تاپشۇردۇم، — دېدى ۋە يۇسۇپكە بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان كۆڭلەكنى كىيدۈردى، بېلىگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن قالغان يادىكار كەمەرنى باغلىدى. بېشىغا ئۆزىنىڭ سەللىسىنى كىيدۈردى. يۇسۇپكە بۇ كىيىملەر يارىشىپ شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، يەتتە قات ئاسماننىڭ پەرىشتىلىرى، بېھىشنىڭ ھۆر - غىلمانلىرى ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاماشا قىلىپ «ئاپىرىن» ئوقۇدى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ روشىنى، جان پەرزەنتلىرىم،
ئاتاڭلار ھەققىنى ئادا قىلىڭلار.
ئەزىزىم، مېھرىبان، جان پەرزەنتلىرىم،
ئاچ ۋە تەشنا قويۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار !

يۇسۇپنى قويماڭلار يولدا پىيادە،
كىرىڭلار ئالدىمغا چاپسانىراق ئېلىپ.
ھەقنى ھەر جايدا ھازىر كۆرۈڭلار،
كەتمەڭلار شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ.

يۇسۇپنى كۆرمىسەم قارارىم بولماس،
كېچىگە، سۆھبەتكە يارارىم بولماس،
ئۇنىڭسىز بۇ يەردە تۇرارىم بولماس،
بەرگەن تۇز ھەققىنى ياخشى ساقلاڭلار.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلىسام ئوتتا كۆيەرسىز،
مېنى رازى قىلسىڭىز ئوبدان يۇرەرسىز،
ۋاقتى نامازدىگەردە يېتىپ كېلەرسىز،
ماڭا ئازار يەتمىسۇن، رەھىم قىلىڭلار.

سىلەرنى جانابىي ھەققە تاپشۇردۇم،
كەچ قالساڭلار، ئاھنى چەكتىن ئاشۇردۇم،
يۇسۇپتىن ئايرىلسام ئەقلىم قاچۇردۇم،
نەسىھەت سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار!

يۇسۇپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئېچىلىپ كېلىپ ئاكىلىرىغا قوشۇلدى. ئۇلار بىللە سەھرانى تاماشا قىلىشقا راسلاندى. يۇسۇپ ئاتىسىدىن دۇئا ۋە پاتىھە بېرىشنى سورىدى. ياقۇپ زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جۇدالىقتىن ئىچىم كۆيدى،
ئاڭلا مېنىڭ ئاھۇنالىم.
كۆزۈم نۇرى خۇش بار ئەمدى،
قالمىدى ھېچ ئىختىيارىم.

ئايرىلىپ سەندىن مادارىم،
يوق كېلۇرگە گۇمانىم،
غېرىب بولدۇم يوق ئەسرارىم،
ئاڭلاڭلار مېنىڭ پىغانىم.

بالام نە سەۋدا كۆرۈرسەن،
بېشىڭغا يەتسە بىلۇرسەن،

بۈگۈن تاڭلا كۆرۈرسەن،
تېزرەك كەلگىن، مېھرىبانىم.

خالىي قويدۇڭ تازا باغنى،
يۈرىكىمگە سالدىڭ داغنى،
نەدىن ئىزدەپ تاپاي سېنى،
ھىجران سالسا بىرۇ بارىم.

ياقۇپ ئېيتۇر: بالام خۇش بار،
كۆزۈم يولۇڭغا ئىنتىزار،
خۇدا بولسۇن ساڭا ھەم يار،
تېزرەك كېلىپ كۆر دىدارىم.

ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپكە قارىتىپ ئوقۇغان بۇ نەزمىنى تۈ-
گىتىپ بولغۇچە يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كې-



لىپ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈيۈپ، بويۇنلىرىغا مىنىدۇر-
دى، ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئاچىقىپ تۆگىگە مىندۈردى، سەھرا
تەرەپكە قاراپ يۈرۈشتى.

يۇسۇپ تارتىنماي ۋە ئەندىشە قىلماي ماڭدى. ياقۇپ تا-
قەتسىزلىك بىلەن يۇسۇپنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە ئە-
گىشىپ چىقىپ قاراپ تۇرۇپ، ئۇلار كۆزىدىن يىراقلاشقاندىن
كېيىن قايتتى. ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ بىر دەرەخ تۈ-
ۋىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇ دەرەختىن: «ئەربەئىن، ئەربە-
ئىن» دېگەن سادا ئاڭلانغاندەك بولدى.

ياقۇپ ھەيران بولۇپ دەرەخقە قارىدى ـ دە:

— ئەي دەرەخ، مەن يۇسۇپۇمنى قاچان كۆرىمەن؟! —
دەپ سورىدى.

دەرەختىن يەنە: «ئەربەئىن» دېگەن ئاۋاز چىققاندەك بول-
دى. ياقۇپ دەرەخقە قاراپ:

— «ئەربەئىن» دېگىنىڭ قىرىقدۇر. مەن ئوغلۇمنى قى-
رىق سائەتتىن كېيىن كۆرىمەنمۇ يا قىرىق كۈن ۋە يا قى-
رىق يىلدىن كېيىنمۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. دەرەختىن
قايتا ئاۋاز چىقمىدى. ياقۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ خېلىدىن
كېيىن ھوشىغا كەلدى، ئەمما ئۆزى پەرىشان ئىدى. شۇ
ھالدا ئۆيىگە ياندى. يولدا ئۇنىڭغا يۇسۇپنىڭ ئاچىسى ئۇچرى-
دى. ئۇ ياقۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ راھىتى يۇسۇپۇم
قېنى؟ مەن بۈگۈن چۈشۈمدە ئون بۆرە يۇسۇپنى ئارىغا ئېلىپ
چىشلەپ سۆرەپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدىم. بۇ يامان چۈشتىن
كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كەلسەم، ئۇ قېشىڭىزدا يوققۇ؟! — دې-
دى. ياقۇپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كې-
يىن، ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ يولىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

ناله بىلەن يۈرىكىمنى كۆيدۈرمە،
شامال تەگدى خامانىمغا، بىل ئەمدى.
قايغۇ بىلەن قىزىل يۈزۈم سولدۇرما،
تازا باغىم، ئىمارىتىم بوش قالدى.

ئۈمىدىم بار، كۆزۈم يولدا، كېلەر دەپ،
ئوغلانلىرىم مېنىڭ قەدرىم بىلەر دەپ،
بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلار دەپ،
چۈنكى ئۇلار ۋەدە قىلىپ قول ئالدى.

مېنى ئۇنتۇپ قوزام بىر كۈن كەلمىسە،
مېنىڭ پەندى ـ نەسىھەتىم ئالمىسا،
مېنىڭ دېگەن ئىشلىرىمنى قىلمىسا،
كۆز بۇلاقىم قۇرۇپ گويا چۆل بولدى.

ئاندىن قېلىپ مېنىڭ ھالىم نە كېچەر؟!
ئىلكىمدىكى يانغان چىراغىم ئۆچەر،
جاندىن ئەزىز كارۋانىم ھەم كۆچەر،
گويا ھىجران مەنزىلىنى يەل ئۇردى.

ياقۇپ دەيدۇ: يۈسۈپ ھالا ئاماندۇر،
كېلىشىدىن كەلمەسلىكى گۇماندۇر،
بالام، ئەمدى بىزگە ئاخىر زاماندۇر،
باغچىلىرىم قۇرۇپ باغنى سەل ئالدى.

يۈسۈپنىڭ ئاچىسى:

— ۋاي ئىسىت! مەن يۈسۈپنى كۆرەلمەي قالدىم! — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ۋاھ ھەسرىتا، يۇسۇپۇمنى كۆرمىدىم،
قىيامەتكە قالدى دىدار نەيلەيىن.
نادامەتتە سىردىشمنى كۆرمىدىم،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

غاپىل قېلىپ، كارۋانىمنى كۆچۈردۈم،
قولۇمدىكى شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم،
جۇدالىقنىڭ شارابىنى ئىچۈردۈم،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

ئەمدى كۆرسەم جانىم دىبان بەزلىسەم،
تېپىلغايمۇ ھەيىيار كەبى ئىزدىسەم،
ھەسرىتىدە تا ئۆلگۈچە سۆزلىسەم،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

ئاچىسىغا سىر سۆزىنى ئېيتمىدى،
قالدى ئارمان، بىر خوشلىشىپ كەتمىدى.
قانداق قىلاي، پەلەك چاقنى تولغىدى،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

قالدى ئارمان غۇنچە لەۋلىك بەدەندە،
سۆز قىلمىدى مەندەك غېرىب بەدەنگە،
نالە قىلاي بۇلبۇل كەبى چىمەندە،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

ياقۇپ دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئۆيىگە قايتقان بولسىمۇ، «يۇسۇپۇم قاچان كېلىدىكىن؟» دەپ كۆزىنى ئىشىكتىن ئالمىدى.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغۇچە ئاكىلىرى ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۆزىتىپ ماڭدى. ئۇلار شۇنداق يۈرۈپ خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن، شەمئۇن دې-گەن ئاكىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىپ يۈسۈپنى تۆگىدىن تار-تىپ يەرگە چۈشۈردى، يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ كۆتۈرۈپ باستى، پۇت ۋە قولىنى باغلاپ، بېشىنى قايرىپ بوغۇزىغا پىچاقنى تەڭلىدى.

شۇ چاغدا ئاسماندىن بىر قۇش پەيدا بولۇپ، تەسىرلىك قىلىپ:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادى، ئۇكاڭلارغا رەھىم قىلىڭلار ! سىلەر خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقماي بۇ ئىشنى قىلام-سىلەر؟ ! — دېدى.

شەمئۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بوشاشتى. رۇبىل دېگەن ئا-كىسى كېلىپ ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. يۈسۈپنىڭ بەدىنى دەرەخنىڭ يىلتىزى ۋە تىكەنلەرگە تېگىپ



قانىدى. پۈتۈن بەدىنى تىتىلدى. يۈسۈپ:
— بۇ بالا ماڭا نەدىن كەلدى؟ ! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللا، بۇگۈن رەھىم قىلمىساڭ،
رەقىبلەر جەبرىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.
بۇگۈن ماڭا رەھمىتىڭنى سالمىساڭ،
رەقىبلەر جەبرىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.

ئاتامنىڭ سۆزلىرىنى ئەستە تۇتمىدىم،
نەسىھەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىدىم،
«قال !» دېگەندە نېچۈك ئاندا قالمىدىم،
زالىملار زۇلمىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.
يامان ئىكەن ئايرىلىش دەردى - پىراقى،
يېڭىلاندى ئاتامنىڭ كۆكسىدە داغى،
بالاغا گىرىپتار بەدەن چارباغى،
غۇنچىدەكلا جېنىم سولار ئوخشايمەن.

ھەربىرى خەنجەر سالۇر بېشىمغا،
رەھىم قىلماس كۆزدىن ئاققان يېشىمغا،
ئەرۋاھلارمۇ كېلىپ كەتتى قېشىمغا،
ئۆلۈكلەر قېشىغا بارار ئوخشايمەن.

يۈسۈپ دەيدۇ: ئارمان قالدى كۆڭلۈمدە،
كەتتى ئامەت تۇرماي مېنىڭ قولۇمدا،
قاراپ تۇرار ئاتام كۆزى يولۇمغا،
مەن بۇ يەردە مىسكىن، ئۆلەر ئوخشايمەن.

بۇ مۇناجاتتىن كېيىن يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي ئاكىلىرىم، مەن بىچارىگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق جەبىر - زۇلۇم قىلىسىلەر؟ ! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يېلىندى. شەمئۇن:

— ئەي راھىلەنىڭ ئوغلى، سېنىڭ دادىڭغا كۆرگەن چۈشۈڭ يەتسۇن ! بۈگۈن ساڭا ئەجەل يېپىشقان كۈن، ئەمدى سەن بىزدىن ياخشىلىق كۈتمە ! بىز سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمىز ! — دەپ دەشنام بېرىپ ئۇردى. يۇسۇپ:

— ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، رەھىم قىلىڭلار ! — دەپ يىغلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يۇسۇپنى ئۇردى ۋە ئايىغىدىن سۆرەپ بىر ئېگىزلىككە ئاچىقتى. قول - پۇتىنى يېڭنۇاشتىن باغلاپ، پىچاقنى بوغۇزىغا تەڭلىدى.

يۇسۇپ ئىنتايىن ئۇسسىغانىدى.

— ئەي ئاكىلىرىم، ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار. يۈرىكىم كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كەتتى ! — دەپ نالە قىلدى.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى بۇ سۆزگە ئاچچىقلىنىپ، مىشىكتىكى سۇنى يەرگە تۆكتى. ئاكىلىرى:

— ئەي ئەقىلسىز، بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز دەۋاتساق، سەن بىزنى مەسخىرە قىلىپ «سۇ» دەۋاتىسىنا؟ ! — دەپ ئىززا - ئاھانەت قىلدى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تالدىن:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادى، ھەقتائالانىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقۇڭلار ! مەخلۇقتىن ئۈمىتىڭلار ! پەيغەمبەرزادىگە جاپا قىلماڭلار ! دوزاخ ئوتىغا گىرىپتار بولىسىلەر ! — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

بۇلار ئۇ سۆزگىمۇ پەرۋا قىلماي، يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىشتى. شۇ چاغدا تال دەرىخىدىن يەنە:

— يۇسۇپنى مېنىڭ ئاستىمدا ئۆلتۈرسەڭلار، مەن سىد-لەرنى تىرىك يۇتىمەن! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇلار بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقتى. يۇسۇپنىڭ قول ۋە ئايىغىنى يېشىپ، تارتقۇچلاپ بىر يەرگە ئېلىپ باردى. يۇسۇپ شەپقەت سوراپ رۇبىلغا يېلىندى. ئۇ يۇسۇپكە ياردەم قىلىشنىڭ ئور-نىغا ئۇنىڭ يۈزىگە كىلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى. يۇسۇپ يىقىلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ شەمئۇنغا يېلىندى. ئۇمۇ بىر تەس-تەك ئۇردى. يۇسۇپ قايسى ئاكىسىدىن پاناھ تىلەپ قېشىغا بارسا، ئۇنى شۇ ئۇراتتى. ئۇ ھېچبىرىدىن ۋاپا كۆرمىدى. ئاخىر يەھۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ نۇرى چوڭ ئاكا،
بۇلارغا مۇپتىلا قىلما.
ئاتامنى قويۇپ ماتەمگە،
ئۇنىڭ بەختىنى قارا قىلما!

مېنىڭ ھالىمغا رەھىم ئەتكىن،
ئاتام ھالىغا يەتكىن،
گۇناھىم بولسا سەن ئۆتكىن،
ماڭا بۇنداق جاپا قىلما!

ئۆزۈم ھەقنىڭ قۇلى ئەردىم،
ئاتامنىڭ بۇلبۇلى ئەردىم،
ئانامنىڭ ھەم دىلى ئەردىم،
بۇ ئىشلارنى راۋا قىلما!

پەلەك ئۇردى ماڭا شەبخۇن،
يىقىلدى باشىمە گەردۇن،
ئاكالىق ھەققىنى بۇگۇن،
زالىمدەك ئادا قىلما !

يۇسۇپ بىچارىنى ھەيران،
ئاتامنى ئەيلىمە گىريان،
ئاكا، سەن بېشىمنى قۇربان
قىلىپ بۇندا خاتا قىلما !

يۇسۇپ نالە قىلىپ يىغلىدى. يەتتە قات ئاسماننىڭ ئىدىشىكى ئېچىلدى. پەرىشتىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆردى.

— خۇدايا - پەرۋەردىگارا، بۇ قانداق ئىش؟ يۇسۇپنى بۆلارغا دۇچار قىلىپسەن؟ ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم ئەتكىن، — دېيىشتى.

ھەقتائالادىن:

— ئەي پەرىشتىلەر، يۇسۇپ مېنىڭ دوستۇم، مەن ئۇنى ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. سىلەر كۆزىتىپ تۇرۇڭلار ! — دەپ ئەمر كەلدى.

يەھۇدا يۇسۇپنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلمىدى، يەرگە قاراپ جىم تۇردى. يۇسۇپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قاقاقلاپ كۇلدى.

يەھۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي ئەقىلسىز، بېشىڭدا ئۆلۈم تىغى پارقىراۋاتسا، سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۇلىسەن؟ ! — دېدى.

يۇسۇپ جاۋابەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاكىلىرىم، بىر سۆز يادىمغا چۈشتى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.
ئېيتاي سۆزۈمنى باغرىم ئېزىلدى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

كىچىك ـ گۆدەكلەر بىلەن ئويناپ يۈرۈپ،
ھەربىرىڭلارنى بىر شىردەك كۆرۈپ،
سىلەردىن مەن ھۇزۇر ـ زوق ئېلىپ،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

ھەركىم دۈشمىنىنىڭ كېسەر بېشىنى،
ئاقتۇرار كۆزىدىن قانلىق يېشىنى،
كىشى بىلمەس تەقدىر ئىگەم ئىشىنى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !» دېگەنىدىم مەن.

ئون ئاكام بار دەپ ئېيتقان سانىنى،
ھەربىرى تۆكەرلەر دۈشمەن قانىنى،
ئۇلار پىدا قىلۇر ماڭا جانىنى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

ئاكىلىرىم ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇر،
غۇنچىدەك ئۆمرىم گۈلدەك سولۇپتۇر.
يۈسۈپ ئېيتار: پەيمانىم ئەمدى تولۇپتۇر،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

بۇ نەزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەھۇدانىڭ يۈسۈپكە رەھىمى كەلدى، كۆزىدە ياش پەيدا بولدى، يۈسۈپنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي يۇسۇپ، سەن قورقما ! جېنىم تېنىمدىلا بولسا، مەن سېنى ئۇلارغا ئۆلتۈرگىلى قويمايمەن. ئۇلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرسۇن. مەن هايات تۇرۇپ ساڭا ئۇلارنىڭ قول ئۇزاتقىلى هەددى ئەمەس، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۇسۇپنىڭ بەدىنىگە جان كىردى. يەھۇدا قالغانلارغا قاراپ:

— ئەي قېرىنداشلىرىم، يۇسۇپنى ئۆلتۈرمەيلى، ئاتىمىز بىزنى قارغايدۇ ! — دېدى.

ئۇلار:

— بۇرۇن سەنمۇ چىڭ ۋەدە قىلغانىدىڭ. ئەمدى ئەھدىڭدىن يېنىپ، بىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە دالالەت قىلىۋاتسەنغۇ ! بىز يۇسۇپنى ئۆلتۈرمەي تىنمايمىز ! — دېيىشتى. ھەممىسى يۇسۇپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. يەھۇدا يۇسۇپنى ئۇلارغا تۇتقۇزمىدى. ئۇلار يەنە هۇجۇم قىلىشتى. يەهۇدا غەزەپلىنىپ:



— ئاۋۋال مېنى، ئاندىن يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈڭلار ! مەن تىرىك تۇرۇپ يۇسۇپنى ئۆلتۈرگۈزمەيمەن ! — دېدى.

— سىڭىلچە، يۇسۇپنى نېمە قىلىش كېرەك؟ ! — دەپ سورىدى ئۇلار.

— مېنىڭچە، يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلايلى. نېمە بولسا شۇ يەردە بولسۇن. ئەجىلى يەتكەن بولسا ئۆلەر. بولمىسا شۇ يەردە جان تالىشىپ قىينىلىپ ياتار ! — دەپ مەسلىھەت بەردى يەھۇدا.

بۇ سۆز ھەممىگە ياقتى. ھەممىسى يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلىماقچى بولۇشتى. يۇسۇپمۇ ئۇلار كۆرسەتكەن قۇدۇققا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاراپ ماڭدى. ئۇ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

تۇتما قولۇمنى، ئۆزۈم چۈشەي بۇ چاھقا،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىمەن !
ئاتامنى قويدۇڭلار مىڭ خىل بالاغا،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىمەن.

شايەتكى بۇ چاھتا باردۇر بىر ھېكمەت،
خۇدادا باردۇر ئاجايىپ قۇدرەت،
ئىگەم بەندەم دېسە، بار ماڭا رەھمەت،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىمەن.

ئاتامنىڭ بېشىغا چۈشتى قىيامەت،
بەندىدىن ئۈمىددۇر، خۇدادىن رەھمەت،
بابام ئىبراھىمدىن باردۇر شاپائەت،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىمەن.

ئىبنى يەمىن ئۆكام مېنى يوقلىغاي،
ئۇنى بالالاردىن خۇدا ساقلىغاي،
كىم قىلسا يامانلىق خۇدا ھەقلىگەي،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىلىڭ.

ئاتامنىڭ كۆز يېشىدىن ئەسلا قورقمىدىڭ،
مېنى بىلىپ تۇرۇپ جاپا باشلىدىڭ،
يۇسۇپ ئېيتۇركى: ئاخىر چاھقا تاشلىدىڭ،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىلىڭ.

بۇ يەردە قەدىمۇل ئەييامدىن قالغان بىر قۇدۇق بار ئىدى. ئۇني شەدداد قازدۇرغانىدى. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ھەر تەرەپتىن مىسىرغا كەلگەن كارۋانلار شۇ قۇدۇقنىڭ لېۋىدىكى يول بىلەن ماڭاتتى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى يۇسۇپنىڭ بوينى ۋە بېلىدىن باغلاپ ئارقانغا چېتىپ قۇدۇق لېۋىگە ئەكەلدى. «تاشقا تېگىپ ئۆلسۇن !» دەپ شۇ قۇدۇققا تاشلىدى. شۇ چاغدا تەڭرىدىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا:

— يۇسۇپنى ئاكىلىرى قۇدۇققا تاشلىدى. تاشقا تېگىپ كەتمىسۇن، سەن بېرىپ تۇتۇۋال، ئاستا يەرگە قوي ! لوتنىڭ قوۋمىنى ھالاك قىلغان تاشنى قۇدۇق ئاستىدا سەن ئۇنىڭغا تەخت قىلىپ بەر ! — دەپ پەرمان كەلدى.

جەبرائىل قۇدۇق ئىچىگە ھازىر بولدى. يۇسۇپنى تۇتۇۋېلىپ تاشتىن قىلىنغان تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. يۇسۇپ تاش تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

تاقىتىم يوق، قارارىم يوق بۇ چاھتا،
غۇنچە گۇلۇم ئېچىلماستىن توزۇدى.

سەۋر قىلاي ھەقتىن شۇنداق ئىرادە،
قاراڭغۇ چاھ ئەمدى ماڭا يورۇدى.

شۇكۇر ئەيلەي خۇدايىمنىڭ ئىشىغا،
ئىشەنمىدىم ئاتام كۆرگەن چۈشىگە،
سەۋر قىلاي، نېمە كەلسە بېشىمغا،
ماڭا بۇگۈن جەبىر - جاپا يۈزلەندى.

كىشى يوقتۇر ماڭا ئىناق بۇ يەردە،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلدى زىيادە،
قېنى كىملەر تاقەت قىلۇر بۇ چاھتا،
ئۆلپەتلىرىم يىلان بىلەن چايان بولدى.

سەۋر قىلغىن يامان كۈننى ياد ئەيلىمە،
ھەقتىن ئۆزگىگە سەن ئېتىقاد ئەتمە،
كۆڭلۈڭنى زىيادە ھەرگىز شاد ئەتمە،
دۇنيانى كىم سۆيدى، بالا يۈزلەندى.

يۇسۇپ قالدى قۇدۇق ئىچرە ئازابقا،
نالە قىلىپ يىغلار ئەمدى خۇداغا،
قىلمىشىدىن قالدى بۇنداق بالاغا،
مەن ئۇچۇن دادام قەلەندەر بولدى.

يۇسۇپ قۇدۇق ئىچىدە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى. ئۇ قۇدۇقتا يىلان - چايان بەك تولا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈشتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، ئۇلارنىڭ بىرىدىن باشقىسى زېمىننىڭ

ئاستىغا چۈكتى، دەفئى ماران دېگەن بىر يىلان نەچچە يىلدىن بېرى يۇسۇپنىڭ جامالىنى ئارزۇ قىلىپ بۇ يەردە ياتقانىدى. ئۇ كېلىپ يۇسۇپكە سالام قىلدى. يۇسۇپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. بۇ يىلان ئەسلىدىكى سۈرىتىگە كېلىپ، قۇدۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ يىلان ئەسلىدە بىر پەرىشتە ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن بىر تەرەپكە كېتىۋېتىپ بىر زىناخور نامازسىزغا قارىدى. ئۇ پاسىقنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۇ يىلان سۈرىتىگە كىرىپ قالدى ۋە بۇ چاھنى ماكان تۇتۇپ ياتتى. بۈگۈن ئۇنىڭمۇ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ ئەسلىگە قايتتى ۋە ئۆز ئورنىغا كەتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇئەيب پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا بىر كىشى يۇسۇپنىڭ جامالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدى. ئەقلى ھەيران بولۇپ، خۇدادىن يۇسۇپنىڭ دىدارىنى كۆرگۈدەك ئۆمۈر ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرسىتىشنى تىلىدى. تەڭرى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇنىڭغا:

— سەن شەدداد قازغان قۇدۇققا چۈشۈپ بەندىچىلىك قىل! بىر مىڭ ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن شۇ يەردە كۆرىسەن! — دەپ ئەمر قىلدى.

ئۇ بۇ قۇدۇققا كېلىپ ياتتى. تەڭرى ئۇنىڭغا بىر تۈپ ئانار دەرىخى ئاتا قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى شۇ ئانار دەرىخىدىن بىر دانە ئانارنى ئېلىپ يەپ ئىبادەت قىلىپ ياتتى.

يۇسۇپنى ئاكىلىرى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى خالىي يەردىن چىقىپ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۇسۇپ ئۇ كىشىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە:

— سەن كىم؟ بۇنداق قورقۇنچلۇق يەردە نېمە ئىش قىد-

لىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— ئەي يۇسۇپ، سېنى بۇ قۇدۇققا كىم سالدى؟ مەنغۇ ئۆزۈم چۈشكەن، — دېدى.

يۇسۇپ:

— مېنى بۇ يەرگە ئاكىلىرىم تاشلىدى، — دېدى.

ئۇ كىشى:

— ئەي يۇسۇپ، سەن بۇ ئىشنى پەقەت ئاكىلىرىڭدىنلا كۆرمە. ئۇلار سەۋەبكار. مەن سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشنى خۇدادىن تىلىگەن. خۇدا سېنىڭ بۇ چاھقا چۈشۈشۈڭنى بىلىپ بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل بۇرۇن مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. بۇ تەقدىر ئەزەلدە شۇنداق يېزىلغان. ئەمدى مەن سېنىڭ جامالىڭنى كۆردۈم، ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ جان بەردى.

يۇسۇپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، قۇدۇققا دەپنە قىلدى.



ئۇ يالغۇز قېلىپ، ئاتىسىنى ئەسلەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مېنىڭ دەردىمنى تارتىپ،
ئاتام باغرى كاۋاپ بولدى.
«يۈسۈپ !» دەپ ياقىسىن يىرتىپ،
چارىسىز خاراب بولدى.

بېشىغا چۈشتى مىڭ غوۋغا،
قېرىلىقتا بۇ نە سەۋدا؟
خۇدايا، قويمىغىن غەمدە،
ئاتام غەمدە ئىزتىراپ بولدى.

ماڭا كۆرسەتتى يول توغرا،
ئىشەنمەي قىلمىدىم سەۋرى.
پىراقىدا كۆيەر جانىم،
ھەممىدىن ئىھتىساپ بولدى.

ئاتامنى بىناۋا قىلما،
مېنى ئاندىن جۇدا قىلما.
كى پەرزەنت دېغىنى سالما،
يۈرىكىم پىچىتاپ بولدى.

ئۇنىڭ قەددى ـ كامالىنى،
يەنە ھۆسن ـ جامالىنى.
كۆرەلمىدىم ۋىسالىنى،
يۈسۈپ باغرى خۇناب بولدى.

بۇ نەزمدىن كېيىن يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن-لىكىنى ۋە ئىشەنمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئاكىلىرىدىن كۆرگەن جەبىر - جاپانى، ئەلەم بىلەن قۇدۇقتا چۈشكىنىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئالىلا، دەرگاھىڭغا سىغىندىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟
ئاسىي قۇل مەن پاناھىڭغا يىقىلدىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

قولۇم باغلاپ مىنى چاھقا سالدىلەر،
جاپا تىغىن شىرىن جانغا ئۇردىلەر.
بىر گۇل ئىدىم، بەرگلىرىم سۇندىلەر،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

مۇساپىرمەن دىيارىمدىن ئايرىلدىم،
زۇلۇم بىلەن بۇ چاھ ئىچرە سىلىندىم،
بىلەلمەيىن ئايىغىمدىن ئىلىندىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

ئاتام ئېيتۇر: يۇسۇپ بالام ئاماندۇر،
جۇدا بولدۇم تىرىكلىكىم گۇماندۇر،
چاھ ئىچرە يولداشلىرىم يىلاندۇر،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

يۇسۇپ بۇندا قىلۇر يىغلاپ مۇناجات،
بۇ غەملەردىن ئۆزۇڭ قىلغايسەن ئازاد.

بارچىنى ياراتقان قازىيەل ھاجات،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئازابلاپ قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ پادىدىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ ئۇنى بوغۇزلىدى. ئۇنىڭ قېنىغا يۇسۇپتىن سالدۇرۇۋالغان كۆڭلەكنى چىلىدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى. يەھۇدا ئۇلارغا:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن بۇ يەردە قېلىپ يۇسۇپنى كۆزىتەي، مۇبادا كارۋان كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىن چىقىرىۋېلىپ باشقا يول بىلەن ئاتامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسا بىزلەرنى شەرمەندە قىلىدۇ! — دېدى.

ئۇلار بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى. يەھۇدا چاھنىڭ قېشىدا قالدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، شەمئۇن يەھۇدادىن گۇمانلىنىپ يوشۇرۇندى.

يەھۇدا ئۇكىلىرىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن بېشىدىن دەستارىنى ئالدى، ئۇنى يېشىپ قۇدۇققا سالدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، بارمۇسەن؟! — دەپ سورىدى. قۇدۇق ئىچىدىن يۇسۇپنىڭ:

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، بارمەن!... — دېگەن ئاۋازى چىقتى. شەمئۇن يەھۇدانىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ ئۇكىلىرىنى قىچقىردى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ يەھۇدانى:

— ئىككى يۈزلۈك مۇناپىق، — دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزلىرى بىللە بىللە ئەكېتىشتى.

ياقۇپ شۇ كۈنى ناماز ئەسىرگىچە ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. كېيىن: «قايسى تەرەپتىن ھەم قاچان كېلىدىكىن؟!» دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن يىغلىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سەھراغا

چىقىپ كەتسە، ھەر دائىم ناماز ئەسىر بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بۇ نۆۋەتمۇ ئۇ شۇ ئۈمىد بىلەن يولغا قارىدى، لېكىن ئۇلار بۇ قارار ردا كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا بولدى، ئەندىشىسى كۈچەيدى، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پەلەك جۇدا قىلدى مېھرىبانىمدىن،
ئەزىز جاندىن ئارتۇق جانىم كەلمىدى.
نە ئىش بولدىكىن، ئاھۇ زارىمدىن،
چۈچۈك تىللىق ئەزىز جانىم كەلمىدى.

بۇلبۇل سۆپەت سايرار ئىدى بېغىمدا،
كېچە ـ كۈندۈز تىنمايمەن سورىقىدا،
يۈز تۇرلۈك تىل بىلەن قىلاتتى نىدا،
خالىي قالدى گۈلىستانىم كەلمىدى.

بۇلبۇلدەك سايرايمەن ئۇنى ياد ئېتىپ،
پىراق ئوتىدا دىلدىن داد ئېتىپ،
ئۇنىڭ پىكرى بىلەن كۆڭۈل شاد ئېتىپ،
مۇلكۇمنىڭ ئىگىسى ھاتەم كەلمىدى.

تازا گۈللىرىمنى تىكەن قاپلىدى،
ھېچ ئىشىمنى قىلىشقا قولۇم بارمىدى،
كۆيدۈرۈپ كۆكرەكنى، جاننى داغلىدى،
ئىچىمدە يۈز ئارمان قالدى، كەلمىدى.

بىلمەيمەن نە غەمدۇر ھەمدە نە بالا،
ئۇنىڭ يادىدا بولۇپ مەن شەيدا،

نە ئىش چۈشتى بېشىمغا ھەم قانداق غوۋغا؟
كۆڭلۈم خۇشى، ئارام جانىم كەلمىدى.

ياقۇپ بالىلىرىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ داد - پەرياد قىلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇلارمۇ يېقىن كېلىپ ئاتىسىنى كۆردى. ئۇنىڭمۇ كۆزى ياشلىق ئىدى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئاتىسىنى يول ئۈستىدە كۆرۈپ:

— ۋاي ئىست، يۇسۇپتىن ئايرىلىپ قالدۇق ! — دەپ نالە - پەرياد قىلىشتى، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزلىرىنى ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى، پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يىغلىدى. ياقۇپ ھەيران بولۇپ:

— يۇسۇپ قېنى؟ ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياراتقان خۇدايىم بىرۇ بار ھەققى،
تازا گۈلىستانىم يۇسۇپۇم قېنى؟ !
ئەجەل يېتىپ پەيمانى تولدىمۇ؟ !
راست سۆزلە ئوغۇللار، يۇسۇپۇم قېنى؟ !

بۇرۇنراق كۆرگەنمەن بىر ھېكمەت چۈشنى،
جېنىمنىڭ راھىتى كۆڭلۈمنىڭ خۇشى،
ئىگەم قىلدى بىزگە بۇ خىل كاھىشى،
دەردىمنىڭ دەرمانىم يۇسۇپۇم قېنى؟ !

پەسلى باھاردا نە كېزەر بىلمىدىم،
يۇسۇپنىڭ دېغى نە تۇزەر بىلمىدىم؟
نە بىزدىن كۆڭلىنى ئۈزەر بىلمىدىم،
جەننىتى رىزۋانىم يۇسۇپۇم قېنى؟...

ئاكىلىرى جاپا سېلىپ ئۇشلىغاي،
ئەزىز جانىن يۈز بالاغا تاشلىغاي،
خەلق ئىچىدە ئەپسانىلەر باشلىغاي،
شېرىن زەبان داستانىم يۈسۈپۈم قېنى؟!

ياقۇپ ئېيتۇر: كۆككە يېتەر پىغانىم،
يۈسۈپۈمدىن قالمىسا نامۇنىشانىم،
يەھۇدا راستىنى ئېيتقىن ئوغلانىم،
جاھان قۇياشى يۈسۈپۈم قېنى؟!

ياقۇپ بۇ سۆزنى ئېيتىپ ھوشىدىن كەتتى، ھوشىغا كېلىشىگە، ئۇلار:

— يۈسۈپنى سىزدىن سورىۋېلىپ سەھراغا بىللە باردۇق. ئۇ يەردە ئۇنى خالىي ھەم ئوبدان يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ



بەزىلىرىمىز قوي بېقىشقا ۋە بەزىلىرىمىز ئۆيۈڭغا كىرىشىپ كېتىپتىمىز. كېيىن كېلىپ قارىساق، يۈسۈپ ئۇ يەردە يوق. ئىزدەپ يۈرۈپ قانلىق كۆڭلىكىنى تاپتۇق. بۆرە يەپ كەتكەنىكەن، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ياقۇپ كۆڭلەكنى كۆردى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى ساق ئىدى. ياقۇپ بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي باللىرىم، ئەگەر يۈسۈپنى سىلەر دېگەندەك بۆرە يېگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىكى تىتما - تالاڭ بولۇپ كېتەر ئىدى! بۇ كۆڭلەكنىڭ ھېچبىر يېرى يىرتىلماپتۇ. بۇ بۆرە يۈسۈپكە رەھىم قىلماي، ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئەجەب رەھىم قىپتۇ، — دېدى ۋە بىر ئېغىز يەرگە چىقىپ، دەرد - ئەلەم بىلەن:

— ئەي باياۋاننىڭ بۆرىلىرى، مېنىڭ يۈسۈپۈمنى يېگەن بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىڭلارنى ماڭا دەرھال كېلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

كەنئاننىڭ بۆرىلىرى ياقۇپنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ياقۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي جانىۋارلار، مېنىڭ يۈسۈپۈمنى قانداق قىلىپ يېدىڭلار؟! خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىدىنمۇ قورقمىدىڭلارمۇ؟! — دېدى.

بۆرىلەرگە تەڭرى زۇۋان بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— بىز يۈسۈپنى كۆرمىدۇق ھەم يېمىدۇق. بىزلەرگە پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ گۆشى ھارام. بىزمۇ قىيامەتتىن قورقىمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— ئەي يالغانچى ئوغۇللىرىم، بۆرىلەرنىڭ سۆزىنى ۋە

قەسىمىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئوغۇللىرى بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئاتا، سەن بىزگە ئىجازەت بەرگىن. بىز يۇسۇپنى يېگەن بۆرىنى بىلىمىز، شۇنى تېپىپ كېلەيلى ! — دەپ باياۋان تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار چۆلدە يۈرگەن بىر بۆرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇردى، ئاغزى - بۇرنىنى قاناتتى، ئاندىن سۆرەپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بۆرە ياقۇپنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ بېشىنى ئەگدى. ياقۇپ ئۇنىڭ ئىشارەت ئارقىلىق قىلغان سالىمىغا جاۋاب بېرىپ تۇرۇپ:

— ئەي بۆرە، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يۇسۇپۇمنى يېدىڭ؟ ! — دەپ سورىدى.

تەڭرى بۇ بۆرىگىمۇ زۇۋان ئاتا قىلدى. ئۇ دەرھال سۆزگە كىرىپ:

— ئەي ياقۇپ، مەن يۇسۇپنى كۆرگىنىم ۋە يېگىنىم يوق. مەن بۇ يەرگە مۇساپىرمەن. مېنىڭ ئەسلىي ماكانىم مىسىر مەملىكىتى. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب، بىر تۇغقىنىم بار ئىدى. ئۇن سەككىز كۈندىن بېرى يوق. مەن ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچمەن. كەنئانىنىڭ بۆرىلىرىدىن سورىسام، «شەھرى كەنئانىنىڭ پادىشاھى تۇتۇپ كەتتى» دېيىشتى. مەن شۇنىڭ پىراقىدا يىغلاپ يۈرگەنىدىم، بۇلار مېنى تۇتۇپ ئازابلىدى، ئاغزى - بۇرنۇمغا ئۇرۇپ قان قىلدى، چىشلىرىمنى سۇندۇردى. سۆرەپ بۇ يەرگە ئەكەلدى، — دەپ يىغلىدى.

ياقۇپ ئۇ بۆرىدىن:

— مېنىڭ يۇسۇپۇمدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۆرە:

— خەۋىرىم بار. ئەمما ئىپىتسام «چىقىمچى» بولۇپ قالدىمەن، خۇدا: «چىقىمچىلارنىڭ جايى دوزاختۇر» دېگەن، مەن چىقىمچى بولۇپ قېلىپ دوزاخقا كىرىشتىن قورقىمەن. يا روسۇلىللا، سىز ماڭا پادىشاھىڭىزدىن تۇغقىنىمنى تىلەپ ئېلىپ بەرسىڭىز، مەنمۇ تەلەپ قىلاي، خۇدا سىزگىمۇ ئوغلىڭىز يۇسۇپنى ئاتا قىلسۇن، كۆرۈشتۈرسۇن! — دېدى.

ياقۇپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۆرىنىڭ تۇغقىنىنى تىلەپ ئازاد قىلىپ ئاچىقتى. ئىككىسى بىر بولۇپ خۇداغا مۇناجات قىلدى. بۆرە:

— ئەي خۇدا، ياقۇپ سەۋەب بولۇپ بىزنى بىر - بىرىمىزگە قوشتى. سەنمۇ ئۇنى ئوغلى يۇسۇپكە قوشقايسەن! — دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ياقۇپ «غەم - قايغۇ» ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا يىغلاپ تائەت - ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەمدى سۆزنى مالىك دىغۇردىن ئاڭلايلى:

مالىك دىغۇر ئىسىملىك بىر كارۋان بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى ھۆرگە ئوخشاش بىر يىگىتنىڭ كېلىپ تىزىغا ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ شارابىتىدىن تامامى خەزىنىلىرى لەئەل - جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانلىقىنى چۈشىدە كۆرگەنىدى. مالىك دىغۇر ئويغىنىپ، بۇ چۈشنى بىر كاھىن[1] غا ئۆردۈردى. كاھىن مالىك دىغۇرغا:

— سەن كەنئانغا بېرىپ بىر قۇل سېتىۋالغايسەن. ئۇنىڭ شارابىتىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ ياخشى بولىدۇ. ئەھلى ئەۋلادىڭ خار بولمايدۇ! — دەپ تەبىر بەردى.

---

① كاھىن — بۇتخانىنىڭ شەيخى.

شۇڭا مالىك دىغۇر ھەر يىلى مىسىردىن كەنئانغا سودىگەرچىلىك بىلەن بېرىپ كېلىدىغان بولدى. بۇ يىلمۇ ئۇ كەنئانغا بارغانىدى.

يۈسۈپنىڭ چاھقا چۈشكىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇ چاھ ئىچىدە يىغا - زار قىلىپ ئولتۇراتتى. مالىك دىغۇر كارۋان بىلەن شۇ جايغا يېتىپ كەلدى. بىر قۇلىنى قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا تەڭرى جەبرائىلغا:

— يۈسۈپنى ئالدىغا چۈشكەن سوغىغا چىقىرىپ ئولتۇرغۇز! ئۆزىنىڭ باھاسىنى ئاڭلىسۇن ۋە بىلسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى.

بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: بىر كۈنى يۈسۈپ قولىغا ئەينەك ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆردى. ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ: «ئەگەر مەن قۇل بولىدىغان بولسام، مېنىڭ باھايىمغا ھېچكىم يېتەلمەس» دېگەنىدى، يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزى تەڭرىگە ياقمىدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا يېتىپ كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، سوغا ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغىن. يۇقىرىغا چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ باھاسىنى بىلىسەن! — دېدى.

يۈسۈپنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى، تۆۋا قىلدى، دەرھال سوغا ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. قۇل ئۇنى قۇدۇقتىن تارتالمىدى. يەنە بىر كىشى كەلدى. كۈچى يەتمىدى. مالىك دىغۇرنىڭ ئۆزى كەلدى. ئۈچ كىشى بولۇپ تارتتى. سوغا چىقتى. قارىسا سوغىنىڭ ئۈستىدە يۈزى ئاپئاپتەك نۇرلۇق بىر بالا ئولتۇرغان. ئۇنى دەرھال يەرگە ئالدى. مالىك دىغۇر چۈشىدە كۆرگەن بالىنى ئەسلىدى. ئۇنى ئېلىپ كارۋانلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارمۇ كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

كارۋانلار:

— ئەي مالىك دىغور، سېنىڭ بۇ قۇلۇڭغا بىرىمۇ شېرىك! — دەپ غوۋغا كۆتۈردى.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرىمۇ ھەر كۈنى كېلىپ بۇ قۇدۇقنى بىر قېتىم يوقلاپ كېتەتتى. بۇ ماجىرا ئۈستىگە ئۇلار يېتىپ كېلىشتى. يۇسۇپ ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلىدى. ئاسمان ـ زېمىن ئۇنىڭ نالىسىدىن تىترىدى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى، كارۋانلارنىڭ يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— بۇ ئوغۇل بىزنىڭ قۇلىمىز ئىدى، قېچىپ كەتكەن، ئۇنى قۇدۇقتىن تېپىۋاپسىلەر، — دەپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. يۇسۇپ بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى. شۇ چاغدا يەھۇدا يۇسۇپنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلىقىغا ئاستا:

— ئەي يۇسۇپ، بۇلار بۇ نۆۋەت سېنى بۇ سودىگەردىن ئاجرىتىۋالسا، ئەسلا تىرىك قويمايدۇ! مۇبادا مالىك دىغور: «سەن راستىنىلا بۇلارنىڭ قۇلىمۇ؟!» دەپ سورىسا، سەن: «راست، مەن ئۇلارنىڭ قۇلى» دېگىن، — دېدى.

شۇ ئەسنادا مالىك دىغور كېلىپ:

— ئەي بالا، سەن راستىنىلا بۇلارنىڭ قۇلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ:

— توغرا، مەن بۇلارنىڭ قۇلى، بۇلار مېنىڭ مىرزىلىرىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

مالىك دىغور ئۇلاردىن:

— بۇ قۇلنى ساتامسىلەر؟! — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— بۇ قۇلنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەيىبى بار. شۇ ئەيىبلىرى بىلەن ئالساڭ ساتىمىز، — دېدى.

مالىك دىغۇر:

— قانچە تۇرلۇك ئەيىبى بولسا، شۇ ئەيىبلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن قوشۇپ ئالىمەن، باھاسى قانچە؟ — دەپ سورىدى.

ئاكىلىرى بىرلىككە كېلىپ:

— بۇ قۇلنىڭ باھاسى ئون سەككىز پۇچەك يارماق، — دېدى. مالىك دىغۇر بۇ باھانى قوبۇل كۆرۈپ، دەرھال ئون سەككىز پۇچەك يارماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار بۇ پۇلنى خۇشال ھالدا ئېلىپ تالىشىپ قالدى. مالىك دىغۇر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— سىلەر ماڭا مۆھۈرلۈك تىلخەت قىلىپ بېرىڭلار ! — دېدى. ئۇلار دەرھال:

«... بىزلەركى كەنئانلىق يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىق ئون كىشى، يۇسۇپ ئاتلىق ئون سەككىز ياشلىق بىر ئەرەب قۇلىمىزنى ئوغرى، قاچقۇن، يالغانچى قاتارلىق ئۈچ ئەيىبى بىلەن مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ساتتۇق...» دەپ تىلخەت يېزىپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ بەردى. مالىك دىغۇر ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ خەتنى يۇسۇپنىڭ بويىنىغا ئاستى.

ئۇلار شۇ كېچىسى بۇ يەردە قوندى. ئەتىسى قوپۇپ مالىك دىغۇرغا:

— بۇ قۇل يامان، قاچقۇن، قول - ئايىغىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار ! — دەپ تاپىلاپ يولغا چۈشتى. يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارغا قاراپ يىغلىدى. ئەنچىگە ئوت چۈشتى، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي مالىك، سەن ماڭا ئازراق رۇخسەت قىل ! مەن مىرزىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ كېلەي ! — دېدى.

مالىك دىغۇر:

— خوپ، خالىغىنىڭنى قىل ! — دەپ رۇخسەت بەردى. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشتى. ئۇلارغا قارىتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەن كېتەرمەن ياخشى قال، يەھۇدا ئاكام،
ئەمدى قۇرۇماس كۆزدە يېشىم، ئامان بول !
يېتىپتۇر خۇدادىن ماڭا بۇ خىل غەم،
ئوت تۇتاشتى، جىگەردىشىم، ئامان بول !

ئەمدى كېتەر بولدۇم، بەلكى كەلمەسمەن،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ھەرگىز تىنماسمەن،
بېشىمغا نە سەۋدا چۈشەر بىلمەسمەن،
ئاكىلىرىم، قېرىندىشىم، ئامان قال.

بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان دېگەيسىز،
ئىبنى يەمىن ئىنىمغىمۇ سالام دېگەيسىز،
ھەمشىرەمگە مەندىن سالام دېگەيسىز،
ناچار ئاكام، پەيلى دۈشمەن، ئامان بول !

يىراقلىقنىڭ ھىجران ئوتى ياماندۇر،
ئاتامنىڭ بېشىغا ئاخىر زاماندۇر،
ئەمدى كەتسەم قايتىپ كەلمەك گۇماندۇر،
ئەھلى خەلقىم، بۇرادىرىم، ئامان بول !

مەن بىلۇرمەن ئەرزىم ھېچكىمگە يەتمەس،
شام بولسا ئاتامغا ھەرگىز تاڭ ئاتماس،
ئاتام بىلەن ئىبنى يەمىن ئۇنتۇماس،
يۈسۈپ ئېيتۇر: ئاكىلىرىم، ئامان بول !

يۇسۇپ سۆزىنى تۇگەتتى. بەزى ئاكىلىرىنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى، ئەمما بۇنى بىلدۇرگۇسى كەلمىدى. مالىك دىغۇر بىر قولىنى بۇيرۇپ يۇسۇپنى ئەكەتتى، قول - ئايىغىغا زەنجىر سېلىپ، بويىنىدىن باغلاپ تۆگىگە مىندۇرۇپ، يولغا چۇشتى.

مالىك دىغۇر يۇسۇپنى ئېلىپ خېلى ماڭدى، يول ئۇستىدىكى بىر قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ يۇسۇپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. بۇ يەردىكى قەبرىلەر ئارىسىدا يۇسۇپنىڭ ئانىسى راھىلەنىڭمۇ مەقبەرىسى بار ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۆگىدىن يەرگە ئاتتى. تۆگىدىن ئاجراپ بېرىپ ئانىسى راھىلەنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۇگۇن ئەرزى ھالىمدىن،
ساڭا ئوتلۇق پىغانىم بار.
ۋە بەلكى قىش - ياز ئېيتسام،
تۈگىمەس داستانىم بار.



جۇدا بولدۇم ئاتامدىن،
تېخى ئىنىمى يەممىندىن ھەم.
قانداق قىلاي ئېچىلماستىن،
سولغان غۇنچە خازانىم بار.

يەنە يوق داغى ھىجراندىن،
مېنىڭدەك بىناۋا بولغان.
پىراق ئوتىدا كۆيگەن،
مۇڭلۇق نالە ـ زارىم بار.

ئاتام كەئبەم، ئانام مەرھۇم،
نەزەر سالغىن بۇ ھالىمغا.
سېنى ياد ئەيلىبان يىغلاي،
بۇگۈن تەندە بۇ جانىم بار.

كۆزۈم نەملىك، دىلىم غەملىك،
قولۇمدا بار يەنە زەنجىر.
رەقىبلەر زۇلمىدىن
يۈز تۈمەن ئاھۇپىغانىم بار.

ئاتادىن ئايرىلىپ يۇسۇپ،
ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلار.
سېتىلغان بەندىمەن يەنە،
نېتەي، مەنلىك نىشانىم بار.

مالىك دىغۇرنىڭ قۇلى قارىسا، تۆگە ئۈستىگە مىندۈرۈل-
گەن يېڭى قۇل بالا يوق. ئۇ داد ـ پەرياد قىلىپ:

— مالىك دىغۇرنىڭ يېڭى سېتىۋالغان بالا قۇلى قېچىپ-تۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى.

مالىك دىغۇر:

— ھەي دەرىخ، ئۇنىڭ مىرزىلىرى ئۇنى ماڭا شۇ ئەيىبى بىلەن ساتقانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ يەنە شۇ كونا كەسپىنى قىپتۇ ! — دەپ قېشىدىكى قۇللىرىنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇدى. بىر قۇل يۈسۈپنى گۆرىستانلىقتىن تاپتى. ئۇ بىر قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقانىدى. ئۇ قۇل غەزەپ بىلەن كېلىپ يۈسۈپنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. يۈسۈپنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، بېشى ئايلىنىپ ھوشىدىن كەتتى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى

پاك سەمەدا، مەۋلانا،
بىر مۆڭلۈق غېرىبىڭمەن.
ھىجران ئوتىدا شەيدا،
بىر مۆڭلۈق غېرىبىڭمەن.

يا رەب، مەنى بىر بىچارە،
دەرد - ئەلەمدىن ئاۋارە،
بولدى جىگىرىم پارە،
رەھىم قىل، غېرىبىڭمەن.

كۆڭدىن - كۆڭ زەبۇن بولدۇم،
ئەقىلدىن بىرۇن بولدۇم،
ئەيغانى پۇزۇن بولدۇم،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.

چىدىدىم بالالارغا،
دەرد بىلەن ئىزالارغا
ھەم قانچە جاپالارغا،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.

يۈسۈپكە شۇدۇر قىسمەت،
نە مېھنەتتۇر، نە راھەت؟
تەقدىردە قازا قۇدرەت،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.

يۈسۈپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆنمۇ تۇتۇلدى، زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى. ھاۋادا تۇمان پەيدا بولۇپ، ئەتراپنى جۇدۇن قاپلىدى. ئادەملەر بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. كىشىلەر بىر - بىرىنى قىچقىرىپ ياردەم تەلەپ قىلىشتى. شۇ چاغدا مالىك دىغۇرنىڭ قۇلى يېتىپ كەلدى.

— نېمە ئىش قىلدىڭ، نەلەردە يۈرىسەن؟ ! — دەپ سورىدى قۇلىدىن مالىك دىغۇر.

— مەن يۈسۈپنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنى بىر گۆرىستانلىقتىن تاپتىم. بىر قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقانىكەن. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرغانىدىم، ئۇ دەرگاھى ھەققە سېغىنىپ يىغلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھادىسە پەيدا بولدى، — دېدى.

مالىك دىغۇر ئۇ قۇلنى ئېلىپ يۈسۈپنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ قۇل يۈسۈپنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. مالىك دىغۇر:

— ئەي پاك زات، بىزدىن خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ ! دۇئا قىلىڭ، ھاۋا ئېچىلسۇن ! — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھەقنىڭ دەرگاھىغا يامان ئىش قىلدىم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.
بۇ مال ـ دۇنيانى سىزگە بەخش قىلدىم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

ئاۋۋالدە مەن سىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم،
ھەر كۈنى ھېكايە ھەم قىلۇر ئەردىم،
قىرىق يىلدىن سىزنى ئىزدەپلا يۈردۈم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

بىر قۇل ئۇرۇپ سىزنى قىپتۇ ئاۋارە،
خۇدا دەرگاھىنى قىلىپسىز يادە،
بىلمەيمەن، ئەسلىڭىز نېچۈك شاھزادە،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

ئۆزۈم سەرگەردانە، ھەقنى تىلەيمەن،
شەرمەندىلىك سودىسىنى قىلىپمەن،
خاتا قىلىپ، بۇ ئىشلارنى قىلىپمەن،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

مالىڭ ئېيتۇر گۇناھلىرىم كېچىلسۇن،
خۇدانىڭ رەھمىتى ھەريان چېچىلسۇن،
دۇئا قىلىڭ، ھاۋا يۈزى ئېچىلسۇن،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ ئەزىز شاھزادەم.

يۈسۈپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. چاڭ ـ تۇمان، جۇت كۆتۈرۈلۈپ ئالەم يورۇدى. ھەممە كارۋانلار كېلىپ يۈسۈپنىڭ

قول ـ ئاياغلىرىغا سۆيدى. مالىك دىغۇر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ يۇسۇپنىڭ قول ـ ئايىغىدىكى ۋە بويىنىدىكى زەنجىرنى ئېلىپ تاشلىدى، شاھانە تون، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كىيدۈردى، ئەڭ ياخشى تۆگىلىرىدىن بىرىگە مىندۈرۈپ يولغا چىقتى.

بىر پارچە ئاق بۇلۇت كېلىپ يۇسۇپنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇپ بىللە ماڭدى. كارۋانلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ھەممىلىرى يۇسۇپكە ياخشى كۆزنۈشكە تىرىشتى.

مالىك دىغۇر سەپەرگە چىقسا ھەر دائىم دېگۈدەك زىيان تارتىپ، تۆگىلىرى ئورۇقلاپ، جىق جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ كېلەتتى. بۇ نۆۋەت يۇسۇپنىڭ كارامىتى ھەم شاراپىتى بىلەن ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ پاراغەتتە، مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

ئەمدى سۆزنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى:

غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە تەمۇش ئاتلىق بىر پادىشاھ



بار ئىدى. ئۇنىڭ زىلەيخا ئىسىملىك تېخى ئەمدىلا بالاغەتكە يەتـ ـكەن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى، ئۇ قىز بىر كېچىسى چۈشىدە ئاپتاپ يۈزلۈك، زىبا بويلۇق بىر يىگىتنى كۆردى.

— ئەي چىرايلىق يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز، قايسى ئاشيانىدىن پەرۋاز قىلدىڭىز؟ قايسى گۈلزارلىققا بېرىپ قونىسىز؟ ! — دەپ سورىدى قىز.

ئۇ يىگىت:

— مەن مىسىرنىڭ پادىشاھى، مېنى ئىزدىگەن كىشى شۇ يەردىن تاپىدۇ ! — دەپ غايىب بولدى.

زىلەيخا قاتتىق بىر «ئاھ ! ...» تارتىپ چۆچۈپ ئويغاندى. يېنىدا چۈشىدە كۆرگەن يىگىت يوق ئىدى. ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، يۈسۈپنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاجايىپ بىر يىگىت كۆردۈم،
نېسىۋەم بولسا يارىم بار.
يۈرىكىم پارچىلاندى خوپ،
مېنىڭ ئاھۇپىغانىم بار.

تامام ھۆرلەر رەشك قىلۇر،
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەندە.
تاماشا قىلغىلى سەيلىگاھ
ھەمدە گۈلئۇزارىم بار.

يۈزىن كۆرسىتىپ ماڭا،
سالدى تۇرپە سەۋدانى.

قارارىم سەۋرىنى ئالدى،
كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزارىم بار.

كېچىپ مەن جانۇدىلدىن،
كۆرمەگۈنچە ھۆسنى رەنانى.
يوقاتتىم كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە،
بىر چابۇك سەۋارىم بار.

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدى،
مېنىڭ جانۇ دىلىم، دوستلار.
ئەيىب ئەتمەڭلار، مەن يىغلاي،
تېنىمدە تاكى جانىم بار.

مۇھەببەت ساقىيلىرى سۇندى،
شارابى ئىشقى جامىدىن،
ئىچىپ مەينى بولۇپ سەرخۇش،
يۇرەرگە خوپ دىيارىم بار.

تېگىپ ئىشقى كۆيدۇردى،
ئەجەبلەنمەڭ زىلەيخانى،
ئۈمىدىم ۋەسلىدىن يەنە،
بۇندا قەترە ناھارىم بار.

زىلەيخا يۇسۇپنىڭ ئىشتىياقىدا يېمەك ـ ئىچمەكتىن قېلىپ، مەجرۇھ ۋە مەجنۇن بولدى. ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى ئېيتاتتى. بىر كۈنى ئۇ قاتتىق: «ئاھ !...» تارتىپ يىقىلدى. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا ـ ئانىسىغا مەلۇم قىلدى:

— ئەي خانىم، پادىشاھىم، قىزىڭىز مەجنۇن بولدى. ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، نەچچە كۈن بولدى تائامدىن قالدى. ئاھ ـ نالە بىلەن چىرايى زەپىراندەك سارغايدى.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى، نالە قىلىپ ئوردىنى بېشىغا كىيدى. بۇ پادىـ شاھنىڭ زىلەيخادىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. دەرھال كېلىپ زىلەيخانى كۆردى. ئاتىسى كەلگەندە ئۇ ئۆلۈكتەك ياتاتتى.

پادىشاھ «ئاھ !...» تارتىپ كېلىپ زىلەيخاغا سۆز قىلدى. زىلەيخا ئۇنىڭغا جاۋاب قىلمىدى. پادىشاھ ئوردىغا بېرىپ مۇـ نەججىم، ھەكىم ۋە قۇرئەندازلارنى يىغدى. ئۇلارغا:

— قىزىمنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى. مۇنەججىم ۋە قۇرئەندازلار كىتاب كۆرۈپ:

— بۇ قىزدا ئىشق ـ مۇھەببەتتىن باشقا، كېسەلگە سەۋەب بولغۇدەك ئالامەت يوق ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر بۇ سىرنى پىنھان تۇتۇڭلار ! سىلەردىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولـ مىسۇن ! — دەپ تاپىلاپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ ياندۇردى.

ئۆزى زىلەيخانىڭ ئىشىدىن ھەيران بولدى. نېمە قىلىشىـ نى بىلمەيتتى. ئارىدىن مۇشۇنداق ئىككى ئاي ئۆتتى. زىلەيخا ھەمىشە: «ئاھ ـ ۋاھ ! ...» دەپ مەجنۇن سۈپەت يۈرەتتى. ئۆزىنى يەرگە ئۇراتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى زىـ لەيخا چۈشىدە يۇسۇپنى كۆردى. ئۇ زىلەيخانىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي زىلەيخا، سەن نېمە ئۈچۈن مىسىرغا تېزرەك كەلمەيسەن؟ مېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمنى بىلمەيسەن؟ سەن شۇـ نى بىلىپ قويغىنكى، مەن سېنىڭ، سەنمۇ مېنىڭ ! — دەپ غايىب بولدى.

زىلەيخا يۇسۇپنىڭ جامالىدىن مەست بولۇپ، كۆزلىرى

تورلاشقان هالدا پىغان بىلەن ئويغاندى، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەقلى ـ هوشۇمنى ئالدى بىر گۈزەل دىلبەر،
قاچۇردۇم بۇلبۇلۇمنى تازا باغىمدىن.
سەرۋى قەددى، گۈل يۈزى، لەۋلىرى شېكەر،
ئالمىدىم مەن بۇنى گۈل ياپراقىدىن.

چىناردەك قامىتى ئەقلىمنى ئالدى،
شەمس ـ قەمەر گۈل يۈزى قۇللۇققا سالدى،
قايغۇلۇق كۆڭلۈمگە نۇرىنى سالدى،
ئەمدى تۇرماي دوستلىرىم يار پىراقىدىن.

پىدا قىلسام ئۇنىڭ يولىدا جانىم،
كەتتى ئىلكىمدىن ئەزىز مېهمانىم،
ئەجەل بىرنەچچە كۈن ئالمىسا جانىم،
چىمەنلەر باغلىسام يول تۇپراقىدىن.

سۇبهى شامىلى يەتكۈز كۆڭۈل شادىمنى،
يۇسۇپۇم ئىشىتسۇن بۇ پىغانىمنى،
شاھىنشاھىم بىلسۇن ئىشقى زارىمنى،
سەيلە قىلسام ئەرزىگەي ئىز ـ ئاياغىدىن.

ئىشىتكىن ئەرزى ـ هالىن زىلەيخانىڭ،
ئىچىدە دەردى كۆپ ئول بىچارىنىڭ،
پىراقىدا يۈزۈم زەپىران مېنىڭ،
ئەمدى ئۆلسەم كېرەك يوق يول يىراقىدىن.

زىلەيخانىڭ دەردى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى، ھالى خارابلاشتى، ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالدى. كېنىزەكلەر زىلەيخانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈشتى. ئۇلار:

— زىلەيخانىڭ ئەھۋالى ئېغىر، ئۆلۈم ئۇنى ماراپ تۇردۇ. داۋالىغۇچى تېپىپ ئىلاجىنى قىلمىساق، نابۇت بولىدۇ، — دېيىشتى.

شاھ بىلەن خانىش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خەۋەرچىلەر بىلەن قىزىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا، كېنىزەكلىرى ئېيتقاندەك زىلەيخا بىھوش ياتقان. پادىشاھ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام ! كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى بالام، نېمە دەردىڭ بار؟ ئېيتقىن ! مەن ئۇنىڭغا داۋا قىلاي. خاھى ئىشقتىن بولسۇن، خاھى باشقا ئىشتىن بولسۇن، تار-



تىنماي سۆزلە ! ــ دېدى.

زىلەيخا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىشتىكىن ئەرزى ـ ھالىن زىلەيخانىڭ،
كۆندىن ـ كۈنگە ھالىم يامان بولۇپتۇر.
ئاشكارا قىلماي ئىشقىدا كۆيۈرمەن،
دەمدىن ـ دەمگە ئىشقىم يامان بولۇپتۇر.

مېنىڭ بۇ دەردىمنى ھېچ كىشى بىلمەس،
ئەگەر ئېيتسام ساڭا، ئۇ ھەرگىز توگىمەس،
كۆزۈمدىن ياش ئاقار ھەم ئۇيقۇ كەلمەس،
كىيگەن تونۇم مېنىڭ كېپەن بولۇپتۇر.

مىسىر شاھىدۇرلەر مالىك رېھان،
ئېتى يۇسۇپ، قىلدى ئەقلىمنى ھەيران،
دېدى: تېزرەك سۈرگىن مىسىردا دەۋران،
ئاڭا يەتمەكلىكىم گۇمان بولۇپتۇر.

تېپىلمىسا نە قىلاي دەردىمگە دەرمان،
كېتەرمەن ئاخىرى خانەئى ئەھزان،
تا ئۆلگۈچە ماڭا يوقتۇر مېھرىبان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىم ھەزىن بولۇپتۇر.

زىلەيخا ئەرزىنى ئاڭلاڭ، ئەي ئاتا،
دەردى ـ پىراق بىلەن ئۆلۈرمەن ناگاھ،
يېقىن بىل، ھەق ئۆزى ئىشقىمغا گۇۋاھ،
بېشىمغا سەۋدالار يېقىن بولۇپتۇر.

پادىشاھ قىزى زىلەيخانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مىرزىسىنى يېنىغا قىچقىردى. ئۇنىڭغا: «...ئەي مىسىر شاھى، مېنىڭ پەردەئى ئىسمەت ئىچرە بىر قىزىم بار. ئۇنىڭ ئىسمى زىلەيخا. ئۇنىڭغا نەچچە شەھەر ۋە مەملىكەتلەردىن پادىشاھلار قۇللۇق قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتكەنىدى. مەن ئۇلارغا قىزىمنى لايىق كۆرمەي، ئەلچىلىرىنى ياندۇردۇم. كۆڭلۈم سىزنى تارتماقتا. ئەگەر سىز قوبۇل كۆرسىڭىز بۇ يەرگە كىشى ئەۋەتىڭ، مەن قىزىمنى ھەممە كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا ئەۋەتەي» دەپ نامە يازدۇردى.

پادىشاھ نامەنى مۆھۈرلەپ، ئاغزىنى ئېتىپ ئەلچىلەردىن مىسىرغا ماڭدۇردى. ئەلچىلەر نامەنى مالىك رېھانغا يەتكۈزدى. مالىك رېھان نامەنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تىللا چاچتى، كېيىن ئېچىپ ئوقۇدى، خۇش بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، غەرب تەرەپكە قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، زىلەيخاغا غايىبانە ئاشىقى نىگاران بولدى.



دەرھال خەزىنىلىرىنى ئېچىپ، لەئەل ـ جاۋاھىر ۋە باشـ
قا ئېسىل رەختلىرىنى ئېلىپ تۆگە ـ قېچىرلارغا يۈكلەتكۈز ـ
دى. ئەمىر ۋە ئۆمەرالاردىن بىرنەچچە كىشىگە بىرىنى باشلىق
قىلىپ، ياخشى ئاتلارنى تەقدىم قىلدى. ئۆز ئورنىدا توي تەيـ
يارلىقلىرىنى هازىر قىلىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن سەپەرگە
تەييارلىدى. ئۇلارغا باشلىق بولغان كىشىگە چوڭچوڭ تىل بىدـ
لەن ئەلچىلىك خېتىنى تاپشۇرۇپ، غەربكە قارىتىپ يولغا
سالدى.

ئۇلار مەنزىللەرنى بېسىپ، چۆللەرنى كېزىپ ئۆتۈپ بىر ـ
نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە يېقىنلاشتى. پادشاھ بۇلارنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.
ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئوردىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلدى.
ئەلچىلەر مالىك رىھاننىڭ خېتىنى تەمۇش شاھقا تەقدىم قىلـ
دى. ئەكەلگەن تارتۇق ـ پېشكەشلىرىنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى.
تەمۇش شاھ خۇش بولۇپ شەھەرنى زىننەتلىدى، ئەل ۋە
يۇرتقا نەچچە كۈن توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپ، ئاش تارتتى.
تويىنىڭ ئاخىرىدا قىزى زىلەيخانى سۈت ئانىسىغا قوشۇپ،
تويلۇقى بىلەن مىسىرغا يولغا سالدى.
زىلەيخا: «مەھبۇبىمغا قوشۇلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشالـ
لىق بىلەن يولغا چىقتى، مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىر
مىسىرغا يېتىپ كەلدى.
مىسىر شاھى مالىك رىھان باشلىق تامامىي يۇرت كاتتىـ
لىرى زىلەيخانىڭ ئالدىغا چىقتى. شەھەرنىڭ قىز ـ جۇۋانلىـ
رى زىلەيخانىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلار زىلەيـ
خانى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مالىك رىھاننىڭ ئوردىسىغا
ئەكىرىپ چۈشۈردى.
مالىك رىھان زىلەيخانى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرەم سارىيىغا

كىردى. بۇ چاغدا زىلەيخا ئۆي قىزلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. زىلەيخانىڭ كۆزى مالىك رىھانغا چۈشتى. ئۇ، يېنىدىكى سۇت ئانىسىدىن:

— بۇ كىشى كىم؟ ! — دەپ سورىدى.

زىلەيخانىڭ سۇت ئانىسى:

— قىزىم، سىزنىڭ ئارزۇ قىلغان مەھبۇبىڭىز، مىسىر شاھى مانا مۇشۇ كىشى بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

زىلەيخا سۇت ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق: «ئاھ ! ...» تارتىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، سۇت ئانىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياراتقان سەن بۇ ئەلەمنى،
سېنى دەپ مەن كۆزۈم تۇتتۇم.
قوبۇل قىل ئاھى - نالەمنى،
«يۇسۇپ» دەپ مەن قانلار يۇتتۇم.

مۇراد - مەقسىتىم شۇلدۇر،
ئاڭا مەن بۇلبۇلى شەيدا.
بۇ داغ قىلدى مېنى رەسۋا،
قاناتىم بولسا مەن ئۇچتۇم.

پەلەك شاد ئەتمىدى بىردەم،
چېكەرمەن ھەر زامان يۈز غەم،
كۆزۈمدىن ئاقتۇرۇپ شەبنەم،
يۇسۇپنى ئىزلىبان چۈشتۇم.

يۈرەكىم پارە - پار بولدى،
ھىجرىدىن خارۇ زار بولدى،

بەختىم بىقارار بولدى،
قارا زاغلارنى مەن قوچتۇم.

ئېچىلماي غۇنچىلار غەبغەب،
سوغۇق قول تەگمىسۇن يا رەب،
زىلەيخا يۇسۇپىن ئىزدەپ،
بالالارنى ئۆزۈم توستۇم.

زىلەيخا سۆت ئانىسىغا قاراپ يىغلىدى. مالىك رىھان بۇ يىغا ئۇستىگە كىردى. زىلەيخا: «خۇدايا، مېنى چۈشۈمدە كۆرگەن يۇسۇپكە نېسىپ قىلغىن!...» دەپ يىغلىدى. خۇدا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلدى. زىلەيخا بىلەن مالىك رىھاننىڭ ئارىسىغا بىر پەردە پەيدا بولدى. مالىك رىھان زىلەيخانىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە بولدى.

مالىك دىغۇر يۇسۇپنى ئېلىپ مىسىرغا يېقىن كەلدى. مىسىر خەلقىنىڭ ھەممىسى: «مالىك دىغۇر كەنئاندىن بىر چىرايلىق قۇل ئەكەپتۇ. ھەركىم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك!...» دېيىشىپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشتى.

مالىك دىغۇر يۇسۇپكە:

— بۇلاقتا بېرىپ يۇيۇنغىن، يۈزۈڭ توپا - تۇماندىن تازىلانسۇن، خالايىق سېنى كۆرگىلى چىقىپتۇ، — دېدى.

يۇسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي بېرىپ يۇيۇنۇپ، مالىك دىغۇرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ يۇسۇپكە شاھانە تون كىيدۈردى، يۈزىگە نىقاب تارتتى، تېز يۈگۈرىدىغان تۆگىگە مىندۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. خالايىقلار يۇسۇپنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ - توپ، ئايماق - ئايماق، سانجاق - ساز-

جاق بولۇشۇپ كېلىپ يولنى بويلاپ سەپ تارتىپ تۇرۇشتى.
مالىك دىغۇر:

— ئەي خالايىقلار، بىز يىراق يولدىن چارچاپ كەلدۇق. يۇسۇپنى ئىنشائاللا ئەته كۆرۈرسىزلەر ! — دەپ كېلىپ سارايغا چۈشتى. ئۇلار سارايدا بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى.

مىسىر شاھى مالىك رىھان تامامىي ساراي ئەھلىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ:

— مالىك دىغۇر كەنئاندىن ئەكەلگەن قۇلنى بازارغا ئاچىقسۇن. خەلقلەر ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلغاي، ئەگەر ساتىدىغان بولسا، باھاسىنى مەلۇم قىلسۇن ! — دەپ مالىك دىغۇرغا كىشى ئەۋەتتى.

مالىك دىغۇر:

— خوپ ! — دېدى. يۇسۇپنىڭ چاچلىرىنى تارىدى. چاچلىرىغا ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە مۇشك - ئەنبەر سەپتى، بېشىغا دەستار ئورىدى، بېلىگە تىللا كەمەر باغلىدى. ياخشى ئاتقا مىندۇرۇپ، يۈزىدىن نىقابنى ئېلىپ بازارغا ئاچىقتى.

تاماشا كۆرگىلى چىققان كىشىلەرنىڭ ئەقلى ھەيران بولدى. ھەتتا ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن ئايلاندى.

خەلق ئىچىدە قىيامەت قايىم بولغاندەك غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ھەربىر كىشى ئۆز ھالى بىلەن قالدى. پەرىشتىلەرمۇ يۇسۇپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇدى. شۇ چاغدا تەڭرىدىن جەبرائىلغا:

— يۇسۇپكە خەۋەر قىلغىن ! ئۇ بۇگۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باھاسىنى ئاڭلايدۇ ! — دېگەن پەرمان كەلدى. جەبرائىل كېلىپ يۇسۇپكە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

مالىك دىغور ئالتۇن كۇرسى ئالدۇرۇپ كېلىپ قويدۇردى. يۇسۇپنى ئۇ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى. مالىك دىغور:

— ئەي يۇسۇپ، ھەممە گۈزەللىك سەندە كامالەتكە يەتكەن. سەن راستىنى دې. گىن: سەن راستتىنلا قۇلمۇ ياكى ئېسىلزادە؟ ئەگەر قۇل بولساڭ ساتىمەن، بولمىسا ساتمايمەن! — دېدى.

يۇسۇپ مالىك دىغورغا:

— ئاۋۋال سەن مېنى ساتقىن، ئاندىن كېيىن مەن ساڭا ئەسلىي نەسلىمنى بايان قىلاي! — دەپ جاۋاب بەردى، كېيىن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



ئەي يارانلار، قەدىردانلار،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.
ئەسلىي زاتىمنى سورساڭ،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

خالايىقلار كېلىڭ ئەمدى،
مېنى سېتىۋېلىڭ ئەمدى،
خىزمەتلەرگە سېلىڭ ئەمدى،
قولدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

ئوق ئىدىم، ھەريان ئېتىلدىم،
بىر قېچىپ يەنە قېتىلدىم،
كەنئانى ئىدىم، سېتىلدىم،
قولدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

بىلمىدىم، ئەقلىم قېچىپتۇر،
يېشىم دەريادەك تېشىپتۇر،
مىسىر بازارىغا چۈشۈپتۇر،
قولدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

يۈسۈپ ئېيتۇر بولدۇم ھەيران،
ئۆزۈم نالان، كۆزۈم گىريان،
ئېيتماس بولدۇم سىرىم پىنھان،
قولدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

مالىك دىغۇر:

— ئەييۇھەنناس، ئاڭلاڭلار، ئامۇخاس ! كېلىڭلار ۋە كۆرۈۋېلىڭلار، بۇ ياش غۇلامنى، ئۆزى كەنئانلىق ئەرەب، سۆزى شېرىن، ئۆزى دانا، ئەقىللىق، ئەدەپلىك ! — دەپ توۋلىدى. يۈسۈپ ئۇنىڭغا:

— قوي بۇ گېپىڭنى ! بۇ ياش غۇلام يىغلاڭغۇ، بىچارە دېگىن ! — دېدى. يۈسۈپ ھەر تەرەپكە قارايتتى. خەقلەر توپ — توپ بولۇپ كېلىپ ئۇنى كۆرەتتى.

ئەمدى سۆزنى زىلەيخادىن ئاڭلايلى:

مىسىردىكى ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ھەممىسى كېلىپ يۈسۈپنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. زىلەيخا ھەممىشە يۈسۈپنىڭ ئىشقىدا نالە ـ پەرياد قىلىپ تولغىنىپ ياتاتتى. مالىك دىغۇرنىڭ قۇل ئېلىپ بازارغا سالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەنئانلىق ياش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىمۇ قىزىقتۇردى.

زىلەيخا مالىك رىھانغا:

— مەنمۇ شۇ قۇلنى كۆرۈپ باقسام نېمە بولىدۇ؟ — دەپ رۇخسەت سوراپ كىشى ئەۋەتتى. مالىك رىھان:

— ناھايىتى ياخشى! بېرىپ كۆرسۇن. ھەرقانداق ئادەم ئۇنى بىر قېتىم كۆرسە ئەرزىيدۇ. جاھانغا بۇنداق چىرايلىق غۇلام پەقەت بىرلا كېلىشى مۇمكىن! — دەپ تەرسىپلەپ رۇخسەت قىلدى.

زىلەيخانىڭ ئىشتىياقى ئاشتى، دەرھال كېنىزەكلىرىنى يىغىپ تېز سۈرئەت بىلەن قۇل بازىرىغا قاراپ ماڭدى. زىلەيخا يېتىپ كېلىپ يۈسۈپنى كۆردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ نەق ئۆزى شۇ بولۇپ چىقتى.

زىلەيخا:

— مەقسىتىم، مەھبۇبەم مانا شۇ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەقسىتىم كۆڭۈل ئىچرە،
بىر ئاپىتى جان كەلدى.
قاشلىرى قارا ئۇنىڭ،
كىرپىكى مىژگان كەلدى.

بىرنەچچە زامان يىغلاپ،
باغرىمنى ئوتتا داغلاپ،
ئاشكارا، نىھان زارلاپ،
يارىم بۇ زامان كەلدى.

جانىمدا پاراغەت يوق،
ئۇنىڭسىز ماڭا راھەت يوق،
ھېچ ئۆزگە ھېكايەت يوق،
ئۇ روھى راۋان كەلدى.

دەردىمگە قىلسا دەرمان،
جانىمدۇر ئاڭا قۇربان،
ئۆلتۇرسە بىرەي پەرمان،
چۈشتىكى جانان كەلدى.

ئىشقىدا ئېرۇر زارىم،
يولىغا گىرىپتارىم،
ئۆلگۈچە خېرىدارىم،
ئول نۇرى ئايان كەلدى.

ئاشىقلارنىڭ سۇلتانى،
كۆيدۇردى زىلەيخانى،
شەھرىمىزنىڭ مېھمانى،
دەۋلىتى زامان كەلدى.

زىلەيخا يۇسۇپكە مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنى تونۇدى، كۆڭلى ئارام تاپتى. «ئىنشائاللا، مەقسىتىمگە يەتتىم !...» دەپ ئۆيىگە ياندى. مىسىر ئەزىزلىرىمۇ يۇسۇپنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ھەركىم يۇسۇپكە ئۆزىچە باھا قويۇپ باقات-

تى، مالىك دىغۇر يۇسۇپنىڭ يۈزىگە نىقاب تارتىپ قويدى. خېرىدارلار كۆپەيدى. ئۇلار مالىك دىغۇردىن بۇ غۇلامنىڭ باھاسىنى سوراشتى.

مالىك دىغۇر ئۇلارغا:

— بۇ قۇلنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە سالىمەن. ئۇنى ئالغۇچىلار تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىنى ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل، ئالماس بىلەن توشقۇزۇشى كېرەك. كىمنىڭ مال - دۇنياسى يۇسۇپ بىلەن تەڭمۇتەڭ كەلسە، مەن يۇسۇپنى شۇ كىشىگە ساتىمەن. بولمىسا «يۇسۇپنى ئالىمەن» دەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن! — دېدى.

خېرىدارلار ئۇزلىرىنى دەڭسەپ بېقىپ قايتىشتى. مالىك دىغۇر يۇسۇپنى يەنە بازارغا ئەكەلدى. بۇنى ئاڭلاپ زىلەيخا مالىك رىھانغا:

— شۇ كەنئانلىق قۇلنى سېتىۋېلىپ ماڭا خىزمەتچى قىلىپ بەرسىڭىز. ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسا!... — دەپ كىشى كىرگۈزدى.

مالىك رىھان:

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان، بۇ ئىش مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە بار ئىدى، ئەمما مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان. سەنلا ماقۇل كۆرسەڭ، مەن ئۇنى سېتىۋېلىپ ساڭا ئىنئام قىلىپ بېرەي. خىزمىتىڭنى قىلسا مەيلى، — دېدى ۋە مالىك دىغۇرغا كىشى ئەۋەتتى. مالىك دىغۇر:

— خوپ! — دەپ يۇسۇپنى ئاچىقىپ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە سالدى. مالىك رىھان ئۆزى چىقىپ خەزىنىچىگە:

— خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل - ياقۇت، ئالماسلاردىن ئاچىقىپ تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە سېلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. خەزى-

نىچى ئاچقۇچ سالدى. يۈسۈپ ئېغىر كەلدى. مالىك رېھان:

— يەنە ئاچقۇچلار ! — دېدى. خەزىنىچى ئاچقۇچ سالدى. يۈسۈپنى باسالمىدى. مالىك رېھان بۇيرۇق قىلدى:

— يەنە ئاچقۇچلار !

خەزىنىچى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، خەزىنە تۈگىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. مالىك رېھاننى خىجىللىق باستى. شۇ چاغدا يۈسۈپ خەزىنىچىگە قاراپ:

— ماڭا سىياھ، قەلەم، تېرە بېرىڭلار ! — دېدى. خەزىنىچى ئۇنى يۈسۈپكە يەتكۈزۈپ بەردى. يۈسۈپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ، تېرىگە: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلىللاھ» دېگەن جۈملىنى يازدى. بۇنى تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە قويدى. بۇ ئىسمىنىڭ شاراپىتىدىن تارازىنىڭ بۇ پەللىسى يۈسۈپنى بېسىپ چۈشتى.



مالىك رىھان خۇشال بولۇپ، يۇسۇپنى ئوردىغا ئەكېتەر بولدى. شۇ چاغدا مالىك دىغۇر:

— ئەي ئۇلۇغ زات، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى ! ئەسلىي زاتىمنى ساتقاندىن كېيىن مەلۇم قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدىڭىز. ئەمدى ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

يۇسۇپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە ياش ئالدى، شۇ ھالەتتە تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەسلىي زاتىم مېنىڭ ئىبراھىم خەلىل،
مالىك ساڭا بىر - بىر بايان ئەيلەيىن.
ئۇنىڭكى ئوغلىدۇر ئىسمائىل زەبىل،
مالىك ساڭا بىر - بىر بايان ئەيلەيىن.

ئاتامنىڭ نەسىھەت سۆزىن ئىشىتمىدىم،
كۆرگەن چۈشىنى ئەسكە ئالمىدىم،
شۇ سەۋەبتىن مەن يۇرتتىن ئايرىلدىم،
دەردىمگە قانداق دەرمان ئەيلەيىن.

ئېتى ياقۇپ يۇسۇپكە زار - زار بولغان،
«بالام» دەپ يىغلىغان، بىقارار بولغان،
بىلمىدىم نېچۈك زار - زار بولغان،
ئۇنىڭ ئۇچۇن پېشىمنى راۋان ئەيلەيىن.

پەلەك ئايرىدى مېنى سۆيگەن ئاتامدىن،
ئىبنى يەمىن بىلەن ئاجىز ئاچامدىن،
كۆككە يەتكەندۇر ئاھىم پىغاندىن،
ھىجران ئىچىدە ھامان ئارمان ئەيلەيىن.

مالىك مېنىڭ نەسىھەتىم تۇتقايسەن،
كۆڭلۈڭ ئىچرە سىرىم پىنھان قىلغايسەن،
يۇسۇپ ئېيتۇر: مۇرادىڭغا يەتكەيسەن،
ئىككى جاھاندا سېنى مېھمان ئەيلەيىن.

يۇسۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. مالىك دىغۇر قاتتىق «ئاھ !...» تارتىپ، دەرد بىلەن تولغاندى.

— بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام بۇ سودىنى قىلماس ئىدىم، ھېلىمۇ ھەم بۇ سودىدىن يانىمەن ! — دېدى مالىك دىغۇر. يۇسۇپ:

— ئەي مالىك، ئەمدى ئۇنىڭ پايدىسى يوق. تەقدىرگە تەن بېرەي. مەن ساڭا دۇئا قىلاي. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ بولسۇن ! — دەپ دۇئا قىلدى. مالىك دىغۇر يىغلاپ قالدى.

مالىك رىھان يۇسۇپنى سارىيىغا ئەكەتتى. خەلق ئىچىدە: «مالىك رىھان پۈتۈن خەزىنىسىنى بىر قۇلنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلدى. پادىشاھلىق ئىككى نەرسە بىلەن راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، پۇل ۋە خەزىنە. يەنە بىرى، زورلۇق. بىزنىڭ پادىشاھىمىزدا ھازىر زورلۇقتىن باشقا خىسلەت قالمىدى !» دېگەن ئاغرىنىش پەيدا بولدى.

مالىك رىھان يۇسۇپنى زىلەيخاغا مەھرەم قىلىپ بەردى. زىلەيخامۇ يۇسۇپنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى، ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتتى، بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىدى. ۋاقتى بولسىلا يۇسۇپنىڭ جامالىنى تاماشا قىلاتتى. بارغانسېرى ئۇنىڭ ئىشقى زىلەيخانى ئاۋارە قىلدى.

ئۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، يۇسۇپنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى ئىزدەيتتى. بىر كۈنى زىلەيخا يۇسۇپنى

ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشقىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن بايان قىلدى:

ئەي يۇسۇپ يەتتە يىل بولدى،
مېنىڭ ھالىم خاراب ئەتتىڭ.
يۈرەككە ئىشقى ئوتۇڭ تەگدى،
يۈرەك ـ باغرىم كاۋاپ ئەتتىڭ.

سېنى دەپ مىسىرغا كەلدىم،
يېرىم غەربىي زېمىن ئەردى.
ئەجەب بىر سورىمىدىڭ ھالىم،
يۈرەكنى قان ـ شاراب ئەتتىڭ.

سېنىڭ ئىشقىڭ ھامان ئۆرتەر،
ھەمىشە، ھەر زامان ئۆرتەر،
ئۆلۈرمەن بىگۇمان ئۆرتەر،
بۇ جاننى ئىزتىراپ ئەتتىڭ.

مۇرادىم، گۈل يۈزۈڭ كۆرسەم،
ھالىمنى سوراپ كۆرسەڭ،
مېنى سەنمۇ ھەم سۆيسەڭ،
تۆگمەس بىر شاراب ئەتتىڭ.

چۈشەنگىن سەن بۇ ھالىمغا،
يۇسۇپ قالما ۋابالىمغا،
رەھىم ئەتمىسەڭ بۇ ھالىمغا،
زىلەيخاغا ئازاب ئەتتىڭ.

يۇسۇپ زىلەيخادىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زىلەيخانىڭ مەقسە-تىنى چۈشەندى.

— مەن بۇ شەھەرگە يېڭىدىن كەلدىم. ئۆزۈممۇ دەرمان-سىز دەردكە مۇپتىلا. بۇ ھالدا مەن سىزگە بىرەرنەرسە دې-يىشتىن ئاجىزمەن. قانداق قىلاي «ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ، سىزنىڭ دەردىڭىزگە يىغلايمۇ؟» — دېدى. كېيىن زى-لەيخاغا تەسەللى بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

مۇساپىرمەن، شەھرىڭىزگە يېڭى كەلدىم،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟
كەنئاندا گۇل ئىدىم، بۇ يەردە سولدۇم،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟

مېنى قويغىن بىرنەچچە كۈن كۆرەيىن،
كىم ياخشىدۇر، كىملەر يامان بىلەيىن،
ئاچام، ئىنىم ئۈچۈن ماتەم تۇتايىن،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟

مەندە ئايرىلىشنىڭ ئوتى زىيادە،
ئەلدىن - ئەلگە سېتىلىپ كەلدىم پىيادە،
قۇل ئىش قىلسا ئۆز ھەددىدىن زىيادە،
چاھ ئىچىدە كۆرگۈسى يىلان - چايان.

كىمەرسە مۇھەببەت مەيدىن ئىچەر،
سەۋر قىلسۇن ياخشىلىق ئىشىكىن ئاچار،
نېسىپ بولسا ھەركىشى مەھبۇبىن قۇچار،
كەلگۈسى ئۇنىڭغا ھەم ياخشى زامان.

يۇسۇپ ئېيتۇر بولغىن ئامان زىلەيخا،
يولۇقمىسۇن ساڭا يامان، زىلەيخا،
سەۋر قىلغىن، قېشى كامان، زىلەيخا،
نېسىپ بولار ساڭا ئاخىر بۇ دەۋران.

يۇسۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان زىلەيخا ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇ بۇگۈن بولمىسا ئەتە مېنىڭ بولىدۇ. مېنىڭ قېشىمدا بولغانىدىكىن، بەربىر ئۇ مېنىڭ» دەپ تەسەللى بەردى، لېكىن يۇسۇپنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايتتى. شۇڭا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايتتى. زىلەيخانىڭ يۇسۇپكە بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى ئاشتى. ئۇ يۇسۇپكە ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، يۇسۇپ هامان ئۆزىنى قاچۇراتتى. زىلەيخانى سەۋر - تاقەت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ئاخىر زىلەيخا مىسىرنىڭ تامامىي ياغاچچى، تامچى، نەققاش - ئويمىكەش ئۇستىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا:

— مەن ئۇچۇن بىر ئىمارەت بىنا قىلىڭلار! ئۇنىڭ تامامىي تاملىرىغا ئۆز خەزىنەمدە بار بولغان لەئەل - ياقۇت، زۇمرەت - زەبەرجەد، هېقىق - پىروزىدىن ئاچقىپ كۆز قويۇڭلار! كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە مەن بىلەن يۇسۇپنىڭ سۈرىتىنى سىزىڭلار! بۇ سۈرەت شۇنداق بولسۇنكى، ئۇ يەردە يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ، سۆزلىشىپ، بويۇنلىرىغا قوللىرىنى سېلىشىپ، سۆيۈشۈپ، گىرەلىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغان بولسۇن. نەقىشلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىڭلاركى، ئۇنى ئۆز ئۆمرىدە هېچ كىشى كۆرمىگەن بولسۇن! — دەپ تاپىلىدى.

ئۇنىڭ مەقسىتى: «بۇ ئىمارەت پۈتسە، يۇسۇپ ئۆزىنى مەن بىلەن شۇ هالەتتە كۆرسە، ماڭا مايىل بولۇشى مۇمكىن» دې-

گەندىن ئىبارەت ئىدى.

يۇسۇپ: «زىلەيخانىڭ بۇ ئىمارىتى پۇتسە، مالىك رىھان ئوردىسىدا مېنى بالاغا دۇچار قىلىپ، قايغۇ - ئەلەم گىردا-بىغا تاشلايدىغان بولدى !...» دېگەن ئەندىشىدە يۈردى.

شۇ كۈنلەردە مىسىرغا كەنئاندىن بىر سودىگەر كەلگەن-دى. ئۇ سودىسىنى تۈگىتىپ كەنئانغا يانىدىغان بولدى، تۆ-گىسىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ تۆگىسى مىسىر دەرۋازىسى-دىن چىققىلى ئۇنىمىدى. سودىگەر ئۇنى ئۇردى. تۆگە چۇلۋۇ-رىنى ئۈزۈپ قېچىپ مالىك رىھاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، قاراپ تۇرغان يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۆكتى. تۆگىچى كېلىپ ئۇنىڭغا يەنە تاياق سالدى. يۇسۇپ:

— ئەي يىگىت ! بۇ تۆگىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇرد-سەن؟ ! — دەپ سورىدى.

تۆگىچى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. يۇسۇپ ئۇنىڭدىن:



— سەن قەيەرلىك ھەم نەگە بارىسەن؟ ! — دەپ سورىدى. ئۇ سودىگەر:

— مەن كەنئاندىن بۇ يەرگە سودىلىق ئۈچۈن كەلگەن. سودىلىقىم تۈگىدى. يەنە كەنئانغا قايتقانىدىم، بۇ ھادىسىگە يولۇقتۇم ! — دەپ جاۋاب بەردى.

كەنئانلىقنىڭ سۆزىنى ھەم ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. يۇسۇپ ئۇ يىگىتتىن:

— كەنئاندىكى ياقۇپ پەيغەمبەرنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ يىگىت:

— ئەلۋەتتە بىلىمەن ! — دەپ جاۋاب بەردى. يۇسۇپ ئۇ يىگىتتىن:

— ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ماڭا ئازراق سۆزلەپ بەرگىن ! — دەپ سورىدى. سودىگەر يۇسۇپكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياقۇپ پەيغەمبەردۇر كەنئان ئېلىگە،
ئاغزىدىن دائىما يالقۇن چىقىدۇ.
خۇدانىڭ زىكرى بار ئۇنىڭ تىلىدا،
پەرزەنت دېغىدا ئۇ كور بولغاندۇر.

ئىسمائىل پەيغەمبەر نەسلى دەپ داڭلار،
ھەقنىڭ يولىدا بېلىنى باغلار،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ باغرىنى داغلار،
تەقدىرى خۇداغا رىزاسى باردۇر.

بىر ئوغلىنى ئۇنىڭ «بۆرە يېگەنمىش»،
«بۆرە يېدى» دەپ خەۋەر يەتكەنمىش،

ئايرىلىش دەردىنى تولا كۆرگەنمىش،
ھەر كۈنى مىڭ تۈرلۈك پىغانى باردۇر.

ئىسمى يۈسۈپ، ئۆزى پادىشاھى جاھان،
ھەركىم يۈزىنى كۆرسە بولۇر ھەيران،
ئۈنىڭ دەردىدە بولمىش ناتىۋان،
زار يىغلار چەشمەئى گىريانى باردۇر.

پىرى ماكان مىسكىن تۇتۇپ ئۆزىنى،
جۇدالىق چېكىگە سۈرتۈپ يۈزىنى،
يىغا بىلەن نۇرسىز ئېتىپ كۆزىنى،
كۆڭلىدە مىڭ تۈمەن ئارمانى باردۇر.

تەڭرىدىن ئۈنىڭغا كېلىپتۇر پەرمان،
يۈسۈپنىڭ ئىسمىنى ئەيلىگىن پىنھان،
ئىچى - تېشى دەردۇغەم ئۇ، بىر خەستەجان،
يۈرەكتە ئۈنىڭمۇ ھىجرانى باردۇر.

ھەر كۈنى ئون قاتار يوللارغا قارار،
يۈسۈپتىن نىشانە تاپالماي يانار،
بۇ يەردىن مەن بارسام مەندىنمۇ سورار،
بۇلبۇل ئەھلىنىڭ نامە - داستانى باردۇر.

— ياقۇپ كەنئان ئەھلىگە پەيغەمبەردۇر. ئۆزى ئىبرا-ھىمنىڭ ئەۋلادىدىن. ئۈنىڭ يۈسۈپ ئىسىملىك ئوغلىنى «بۆرە يېگەن» دېگەن خەۋەر بار. ئۇ ھازىر شۇ بالىسىنىڭ دەردى - پىراقىدا ھېچ كىشى بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ. بىر چۆلگە ئۆي سالدۇرغان. «ئاھ، يۈسۈپۈم» دەپ يىغلىسا ئاغزىدىن ئوت چى-

قىدۇ، دېيىشىدۇ. يېقىندا ئۇنىڭغا تەگىرىدىن: «يۇسۇپ، دەپ يىغلاۋەرسە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ھەم پەيغەمبەرلىكىگە زەرەر يېتىدۇ !» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنمىش. ئۇ ھازىر «يۇ-سۇپ» دېمەي نالە ـ پىغان قىلىدىكەن. ئىبادەتنىمۇ قىلىدى-كەن، — دەپ ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

يۇسۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «ئاھ !...» تارتىپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كېلىپ، سودىگەرگە:

— ئەي يىگىت، مەن ساڭا بىر خەت يېزىپ بېرەي، ئۇنى سەن ياقۇپنىڭ ئۆز قولىغا بەرگىن ! — دېدى.

سودىگەر:

— خوپ ! — دېدى.

يۇسۇپ سودىگەرگە خەتنى بېرىۋېتىپ:

— سەن ئاۋۋال مەن غېرىبنىڭ دۇئاسىنى ئال ! كېيىن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئال ! — دەپ سودىگەرگە قاراپ بۇ مۇ-خەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي يىگىت، يەتكۈز سالام، ئۇ مېنىڭ جانىم ئىدى،
ھەر جاپا كەلسە بېشىمغا، دەردكە دەرمانىم ئىدى،
بىلمىدىم قەدرىن ئۇنىڭ، بەلكى مېھمانىم ئىدى،
تۇتمىدىم پېشىنى كۆپ، ئۇ مېنىڭ سۇلتانىم ئىدى،
پىراق ئوتىدا كۆيدى، ئۇ مېنىڭ خىرمەنىم ئىدى.

بېرىبان قىچقار ئىشىكتىن: « غەمدە كۆيگەن بارمۇ» دەپ،
« قوچقارىدىن ئايرىلىپ، قوزا يىتتۇرگەن بارمۇ» دەپ،
« سۇبھى ـ شام ئوغلى پىراقىدا ئېيتىلغان بارمۇ » دەپ،
«ئەي يارانلار، شەھرى كەنئاندا سېتىلغان بارمۇ» دەپ،
ۋادىرىخا، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

ئەي يىگىت، ياقۇپقا ئېيت، يىتكەن ئوغۇل مىسىردا بار،
قولى باغلىق، يۈرىكى داغلىق، كۆزلىرىدىن ياش ئاقار،
بەندەدۇر كۆردۈم ئىشىكتە، ئايدەك يۈزىدە نۇرى بار،
خەۋىرىنى مەن بېرەي، دائىم كۆزىدىن قان ئاقار،
ۋادەرىخا، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

سۆزلە، يىگىت بېرىپ: «كۆردۈم مىسىردا، بەندە» دە،
«يۈرىيدۇ ئاي ۋە قۇياش، ئۆزى كىشىگە بەندە» دە،
«تۇتىدەك مىسلى قەپەس ئىچرە گىرىپتار ئاندا» دە،
«ئاھ ئۇرۇپ يىغلايدۇ زار، ئۇنىڭ جېنى تەندە» دە،
ئاھىكىم، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

ئېتى يۈسۈپتۇر «ئاتام» دەپ زار يىغلار بىقارار،
ئەلدىن ـ ئەلگە سېتىلىپتۇ، ئاندا يوقتۇر ئىختىيار،
ياقۇپ، ئوغلۇڭ سېنىڭ ھىجرىڭدا يىغلار زار ـ زار،
كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ يادىڭدا ئەرمىش، ئۆزى ئىنتىزار،
ۋاھىكىم، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

يۈسۈپ خەتنى سودىگەرگە بەردى.

— ياقۇپنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرسەڭ: «سىزلەردىن بىر كىشى يىتكەنمىدى؟... ئۇنى مەن مىسىردا كۆردۈم. قولى باغلاقلىق، يۈرىكى داغلاقلىق، كۆزى نەملىك، ئۆزى دەرد ـ ئەلەملىك، كۆڭلى قايغۇلۇق، ئېتى يۈسۈپ، ئۆزى كىشىگە بەندە» دەپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ دۇئاسىنى ئالغىن! — دېدى.

سودىگەر ماقۇل بولدى، لېكىن تۆگىسى ئورنىدىن قوزغالمىدى.

ئۇ سودىگەر تۆگىنى يەنە ئۇرماقچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ

تۆگىنىڭ كۆزىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلدى.

يۈسۈپ:

— ئەي يىگىت، تۆگەڭنى ئۇرما! ئۇنىڭ كۆزلىگىنى بار ئوخشايدۇ! — دېدى ۋە يۈسۈپ ئۆزى تۆگىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۆگە سۆزگە كېلىپ، سودىگەرگە قارىدى:

— ئەي كەنئانلىق سودىگەر، ساڭا بېشارەت بولسۇن! مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن سەن يۈسۈپنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆردۈڭ. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدىڭ! مېنىڭمۇ سورايدىغىنىم بار! — دېدى.

يۈسۈپ:

— ئەي تۆگە، سەن مەندىن نېمىنى سورايسەن؟! — دېدى. تۆگە پاساھەتلىك زەبان بىلەن:

— ئەي يۈسۈپ، سەنمۇ تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى، قىيامەت كۈنى مېنى مىنسەڭ! — دېدى.

يۈسۈپ تۆگىگە:

— دېگىنىڭ بولسۇن، قىيامەت كۈنى مەن سېنى تېپىپ مىنەي! — دەپ ۋەدە بەردى.



تۆگە خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. سودىگەر تۆگىسىنى مىنىپ يولغا چىقتى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، «يالىماي» ناملىق ئەرەبلەرنىڭ ئۇچقۇر تۆگىسى شۇ تۆگىنىڭ نەسلىدىن تارقالغانىكەن.

سودىگەر مىسىردىن چىقىپ ناھايىتى تېزلىكتە كەنئانغا يېتىپ باردى. ياقۇپنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ تۇرۇپ بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ياقۇپ نەبى مەندىن سىزگە بىر ئاجايىپ خەۋەر بار،
جانانىڭ ئەمەسمۇ؟ !
ئىسمىدۇر يۇسۇپ، جۇملە جاھان ئاڭا خېرىدار،
قۇربانىڭ ئەمەسمۇ؟
بىر نامە يېزىپ سىزگە ئەۋەتتى،
كۆرگەن سىتەمدىن،
ئەرز ئەيلىدى ياد ئەيلىسۇن،
دەرمانىڭ ئەمەسمۇ؟
كۆردۇم يۇزىنىڭ شۇئلەسىن شەرقنىڭ قۇياشى،
رەشكىدە كۆردۇم،
قانداق قىلاي ئۆزى بەندە ئاندا گىرىپتار،
ھەيرانىڭ ئەمەسمۇ؟
بىر لەھزە سالامۇ سېغىنىش ئەۋەتتى ئۇ،
يا رەب، نەبىگە،
ياندۇرغان ئۇنىڭ دەردى ـ پىراقى شاھى دىلدار،
سۇلتانىڭ ئەمەسمۇ؟
خەۋەرچى يەتكۇزدى يۇسۇپ ئۇچۇن ياقۇپقا نامە،
شەھرى مىسىردىن،
پەرياد قىلىدۇ تاشقىرىدا كۆرسىلەر ئەغيار،
ۋەيرانىڭ ئەمەسمۇ؟ !

ياقۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ سودىگەرنى ئالدىغا تەك-لىپ قىلدى.

— ئەي بالام، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ ! مېنىڭ ئوغلۇم يۇسۇپنى قەيەردە كۆردۈڭ؟ بېرى كەلگىن، يۇسۇپنى كۆرگەن كۆزۈڭنى سۆيەي ! — دېدى.

سودىگەر:

— مەن سودا ئۈچۈن مىسىرغا بارغانىدىم. سودام تۈگەپ ياندىغاندا شۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. يۇسۇپنى مەن شۇ يەر-نىڭ پادىشاھى مالىك رىيهاننىڭ ئىشىكىدە كۆردۈم. ئۇ مەندىن سىزگە خەت ئەۋەتتى، — دەپ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

ياقۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى، خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قاتتىق بىر «ئاھ !» تارتتى. ئۇنىڭ ئاھىدىن يەر تىترىگەندەك بولدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېلىپ: «بۇ نېمە ۋەقە؟ !» دېيىشتى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ جەم بولغىنىنى بىلىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، سىلەر «يۇسۇپنى بۆرە يېدى !» دەي-سىلەر، مانا بۇ يىگىت مىسىردا كۆردۈم دەيدۇغۇ؟ بۇ قانداق گەپ؟ ! — دەپ سورىدى.

سودىگەر:

— راست، مەن يۇسۇپنى مىسىردا كۆردۈم، — دەپ ئىسپاتلىدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— ئەي ھارامزادە يالغانچى، سەن ئاتىمىزدىن بىرەرنەرسە ئۇندۇرۇۋالماق ئۈچۈن ئاتىمىزنى ئالداپ، بۇ سۆزنى ئويدۇرۇپ تېپىپ كەپسەن. ئىككىنچى يەنە مۇشۇنداق سۆزنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ، تىرەڭدىن تاسما تىلىمىز ! — دەپ قورشاپ ھۇجۇم

قىلىپ، ئازار بېرىشكە باشلىدى. سودىگەر قورقۇپ قاچتى، ياقۇپ خەتنىمۇ ئالالمىدى، ئۈمىدسىز ھالدا قالدى...

ئەلقىسسە، زىلەيخا يۈسۈپكە جىلۋە قىلىپ ئۇنى ئالدىدى. ھەر كۈنى ھەر تۈرلۈك كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى زىنىنەتلەپ، يۈسۈپكە كۆرۈنۈش قىلدى. گاھى خۇشخۇيلۇق بىلەن، گاھى ھەيۋە بىلەن يۈسۈپكە ئۆزىنى كۆرسەتتى.

يۈسۈپ زىلەيخانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بىر كۈنى زىلەيخا يۈسۈپنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— ئەي يۈسۈپ، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھالىمنى سورىمايسەن؟ ماڭا ئازراقمۇ ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟! مېنى ئىشقىڭ ئوتىدا ئۆرتەپ كۈل قىلماقچىمۇسەن؟!... ماڭا راستىڭنى ئېيتقىن. سېنىڭ زادى نېمە خىيالىڭ بار؟ ياخشىلىق بىلەن مۇرادىمنى ھەل قىلساڭ مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلاي، بولمىسا سەن مېنىڭ ئىلكىمدىكى قۇل. مەن ساڭا تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىمەن. قولۇڭغا كەتمەن تۇتقۇزۇپ دېھقانچىلىققا سالىمەن! — دېدى.

يۈسۈپ:

— زىلەيخا، مەن سېنىڭ تۇزۇڭنى يېدىم. مالىك رىھان مېنى ساڭا مەھرەم قىلىپ خىزمىتىڭگە بەردى. مەن قانداقچە بۇ ئىشنى قىلىمەن؟ مالىك رىھان بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، ماڭا ياخشىلىق يوق. سەنمۇ مەندىن بۇ ئىشنى تەلەپ ۋە تەمەمۇ قىلما! مەن پەيغەمبەرزادە بولساممۇ، سېنىڭ قۇلۇڭ، مېنى نېمە قىلساڭ قىلالايسەن! — دېدى.

زىلەيخانىڭ چاھار بېغى بار ئىدى. زىلەيخا يۈسۈپكە:

— بار!... چاھارباغقا كىر! ئۇ يەردىكى قۇللار قاتارىدا ئىشلە! — دېدى.

يۈسۈپ قولىغا كەتمەننى ئېلىپ چاھار باغقا كىردى. بۇ

ھەقىقەتەن ئاجايىپ كۆركەم بىر باغ ئىدى. تۈرلۈك مېۋىلەر پىشقان، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغانىدى. ئېقىن سۇلار، بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان، بۇلبۇللار سايرىشىۋاتقانىدى.

يۇسۇپ ئۇستىدىكى ئوردا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، باغدىكى قۇللارغا ئوخشاش كىيىم كىيدى. قولىغا كەتمەننى ئېلىپ ئىشقا چۈشتى. باغۋەنلەر بۇنى كۆرۈپ:

— بىز يەر يۈزىدە بۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن كىشىنى كۆرگەن ئەمەس. بىز تۇرۇپ بۇ بۇنداق ئېغىر ئىشنى قىلمىسۇن، نامىزىنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بىزلەرگە مەدەت بەرسۇن! — دېيىشتى.

يۇسۇپ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇلار ئىشقا چۈشتى. زىلەيخا يۇسۇپنى باغقا ئىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ دىدارىدىن مەھ-رۇم قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ چىدىمىدى، سارايدىن باغقا قاراپ ماڭدى. باغنىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ يۇسۇپنىڭ جامالىنى كۆردى. بۇ چاغدا يۇسۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. زىلەيخا ئۆزىنى تۇتالماي باغقا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ يۇسۇپنىڭ قېشىغا بېرىپ نامىزىنى توگەتكۈچە قاراپ تۇردى. كېيىن:

— ئەي ياخشى يىگىت، بۇ قانداق ئەقىلسىزلىق، سەن نېمە ئۈچۈن راھەتتىن قېچىپ، ئۆزۈڭنى مۇشەققەتكە دۇچار قىلىسەن؟ ھېلىمۇ مېنىڭ تىلىكىمنى ھەل قىلىپ، مېنىڭ قېشىمدا پاراغەتتە بىللە تۇرغىن! بىز بىللە بولايلى! — دېدى.

يۇسۇپ:

— ئەي زىلەيخا، مېنى سەن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەق-قەتكە سالساڭ مەيلى، ئەمما مەن سېنىڭ بۇ تەلىپىڭنى ئو-رۇندىيالمايمەن. بۇ خىل تەمەنى تاشلا! — دېدى.

شۇ چاغدا زىلەيخا يۇسۇپ ئۈچۈن مەخسۇس بىنا قىلدۇر-

غان سارايىنى ئويلىدى. ئۇ پۈتكەندى، ئۇنىڭ ئىسمىنى «بەيتۇل ئىكرام» (ئىززەت ئۆيى) دەپ قويغانىدى. زىلەيخا شۇ سارايغا قايتىپ بېرىپ، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ نەپىس كىيىملىرىنى كىيدى، ئۆزىنى زىننەتلىدى. يۈسۈپنى شۇ يەرگە قىچقىرتتى. كېنىزەك يۈسۈپنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— زىلەيخا سىزنى قىچقىرىدۇ ! — دېگەندە، يۈسۈپ نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى، كېيىن ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

ئۇ قايسى ئىشىكتىن كىرسە، كېنىزەكلەر شۇ ئىشىكنى تاقىدى. يۈسۈپ زىلەيخانىڭ ئالدىغا كىردى. زىلەيخانىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئويالدى، تامغا قارىدى، ئۇ يەردىمۇ زىلەيخانىڭ ئۆزى بىلەن ئوينىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى، پالاس، گىلەم، تام - تورۇسقا قارىدى، ئۇ يەردىمۇ شۇ خىل سۈرەتلەرنى كۆردى. يۈسۈپ ھەيران بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۈسۈپ، سەن كۆرگەن بۇ بىنا ۋە ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى ئۆزۈمگە قارىتىش ئۈچۈن قىلىنغان. كەل، ئوينايلى ! — دېدى.

يۈسۈپ:

— مەن بۇنداق ئىشنى بىلمەيمەن ھەم قىلمايمەن. ئاتاممۇ ماڭا: «ھەر جايدا خۇدا ھازىر، گۇناھ قىلما !» دەپ نەسىھەت قىلغان، — دېدى.

زىلەيخا:

— مەن سىزنىڭ خۇدايىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن مال ۋە دۇنيا سەدىقە قىلاي. ئۇ سىزنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتسۇن. سەن مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىل ! — دېدى.



يۇسۇپ:

— مېنىڭ خۇدايىمنىڭ پۇل ۋە مالغا ئېھتىياجى يوق ! — دېدى.

زىلەيخا:

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنىڭ دىنىڭغا كىرەي. سەن مېنىڭ قوينۇمغا كىر ! ... مۇرادىمنى ھاسىل قىل ! — دېدى.

يۇسۇپ رەت قىلدى. زىلەيخا قولىغا پىچاقنى ئالدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، سەن مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرمىساڭ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، مېنىڭ ۋابالىم ساڭا بولىدۇ، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قالمىدى سەۋرى - قارارىم،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !
سەنسىز مېنىڭ يوق تۇرارىم،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

مەن تىلەيمەن ئابىھايات،
ھاسىل بولغايمۇ مۇراد؟
تۇتى يېسۇن شېكەر ـ ناۋات،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

ئاڭلىغان ئەسلىي زاتىڭ،
كۆيدۈردى قارا خالىڭ،
ساقلىدىم ئامانىتىڭ،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

مەن بولاي ساڭا قۇربان،
پىدادۇر بۇ خەستە جان،
دەردىمگە قىلغىن دەرمان،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

سىنەمگە قويدۇم خەنجەر،
ئۆلەرمەن ئەمدى، دىلبەر،
يۇسۇپ، ئال تېزدىن خەۋەر،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

كېلىپ باغرىمنى تىلدىڭ،
زىلەيخا ھالىنى بىلدىڭ،
ئەر تۇرۇپ مەندىن ئۇيالدىڭ،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت !

زىلەيخا خەنجەرنى ئۆزىگە سالماقچى بولدى. يۇسۇپ قول ئۇزىتىپ زىلەيخانىڭ قولىدىن خەنجەرنى تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. يۇسۇپنىڭ قولى زىلەيخانىڭ قولىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ

بەدىنىدە بىر خىل ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، سەن ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنىڭ يۇزۇمگە بولسىمۇ قارىغىن ! مېنىڭ كۆڭلۈم ئازراق ئارام تاپسۇن ! — دېدى.

يۇسۇپنىڭ رەھمى كېلىپ زىلەيخاغا قارىدى، ئاھۇ كۆزىگە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتى يۇسۇپنىڭ قەلبىدە جۇش ئۇردى. زىلەيخانىڭ چاچلىرى ئەۋرىشىم يىپەكتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يۇسۇپ زىلەيخانىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى. زىلەيخا دەرھال كىيىملىرىنى يېشىپ، يالىڭاچ دېگۇدەك بولدى.

يۇسۇپتىمۇ زوق پەيدا بولدى. ئۇمۇ كىيىمىنىڭ توپچىسىدىن بىرنى يەشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن:

«ئەي يۇسۇپ، خۇدايىڭ ھازىردۇر» دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ بۇ ئاۋازغا قۇلاقمۇ سالمىدى. ئۇنىڭ قولى ئىككىنچى



توپچىغا باردى. يەنە غايىبتىن:
«ئەي يۇسۇپ، زىنا ۋە گۇناھتىن ئۆزۈڭنى تارت!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتالماي، ئۈچىنچى توپچىنى يەشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن يەنە:
«ئەگەر گۇناھتىن يانمىساڭ، بولغۇسى پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىڭدىن مەھرۇم بولىسەن!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ ئىككىلەندى. بۇنى سېزىپ زىلەيخا جىلۋىسىنى ئويناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ بۇ ئاۋازنىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، تۆتىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:
«خۇدادىن قورق. ئۆزۈڭنى ئازابقا تاشلىما!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ پەرۋا قىلماي، بەشىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:
«ئەي يۇسۇپ، ئۆزۈڭنى بۇلغىما!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ ئالتىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:
«ئەي يۇسۇپ، زىنا قىلساڭ، قىيامەتتە زىناخورلار قاتارىدا قويىسەن. شۇلار قاتارىدا جازالىنىسەن!» دېگەن ئاۋاز كەلدى.
يۇسۇپنىڭ كىيىمى يەتتە توپچا (ئىزمىلىك) ئىدى. ئۇ بۇ ئاۋازغىمۇ قۇلاق سالماي يەتتىنچى توپچىنى يەشتى. شۇ چاغدا خۇدادىن جەبرائىلغا:
— تېز بار، يۇسۇپنى گۇناھتىن ياندۇرغىن! — دەپ پەرمان چۈشتى. جەبرائىل يەرگە چۈشتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ كۆزىگە دادىسى ياقۇپنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كۆرۈندى.
— ئەي يۇسۇپ، سەن پەيغەمبەر ئۇرۇقى تۇرۇپ بۇنداق يامان ئىشنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟! — دېدى.
يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى ۋە يۈزىنى كۆردى. قولىنى چىشلەپ ئورنىدىن قوپتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ۋادەرىخا ! — دەپ ئەپسۇسلىنىپ قاچتى.

زىلەيخا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. يۇسۇپ قىپچىپ قايىسى ئىشىككە كەلسە، شۇ ئىشىك ئۇنىڭغا ئېچىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشىكتە زىلەيخا يۇسۇپكە يېتىشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقا ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. كۆڭلەكنىڭ زىلەيخا تۇتقان يېرىمى يىرتىلدى. يۇسۇپ قولىدىن چىقىپ كەتتى. زىلەيخا يۈزىچە يەرگە يىقىلدى، ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىپ ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا مالىك رىھان مىسىرنىڭ چوڭلىرى ۋە ئەزىزلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى بۇلارغا چۈشتى. بۇلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلەتتى. زىلەيخانىڭ كۆزىمۇ پادىشاھقا — ئېرىگە چۈشتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن نالە - پەرياد بىلەن تۇردى ۋە:

— ئەي ئەزىزى مىسىر، ئەي پادىشاھ، سەن ماڭا بۇ كەنئانلىق قۇلنى مېنىڭ تەلىپىم بىلەن سېتىۋېلىپ ماڭا مەھرەم قىلىپ بەرگەنىدىڭ، بۇ ماڭا بەڭۋاشلىق قىلدى. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كۆزدىن يوقاتمىساڭ، مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن ! — دەپ ياش تۆكۈپ يىغلىدى.

مالىك رىھان جاللاتلارنى بۇيرۇپ يۇسۇپنى تۇتتۇرۇپ كەلدى. جاللاتلار پەرمان كۈتۈپ شاھقا قاراپ تۇراتتى، شۇ چاغدا يۇسۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كەرىما، زاتى پاكىڭدىن،
قۇلۇڭنى زادى كەم قىلما !
بۇ زالىم دەردى - كۈلپەتتىن،
يۈرەكىمگە ئەلەم قىلما !

ماڭا ئۆزگە پاناھ يوقتۇر،
مېنىڭدەك بىناۋا يوقتۇر.
بۇ دەردىمگە داۋا يوقتۇر،
زىيادە دەردى ـ غەم قىلما !

بوۋام ئىبراھىم، ئىسمائىل،
ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىن قىلغىن.
بۇ زالىم دىلىغا سالغىن،
ئەزىزىڭغا سىتەم قىلما.

بوۋام ئىسھاق نەبى ھەققى،
ئاتام ياقۇپ رەسۇل ھەققى.
ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئەلھەق،
كۆزۈمنى مۇنچە غەم قىلما !

خۇدايا، بىناۋادۇرمەن،
بالاغا مۇپتىلادۇرمەن.
نېتەي، نەيلەي، رىزادۇرمەن،
يۇسۇپنى زەردە ـ غەم قىلما !

يۇسۇپ بۇ مۇناجاتنى توگىتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قېشىغا جەبرائىل يېتىپ كەلدى. ئۇ زات:

— ئەي يۇسۇپ، شاھ سەندىن بۇ ئىش ھەققىدە گەپ سورىسا، سەن كىرگەن ئۆيدىكى زىلەيخانىڭ كۇندىشىنىڭ بۆشۈكتە ياتقان قىرىق كۈنلۈك بوۋىقىنى گۇۋاھلىققا تارت ۋە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى كۆر ! — دېدى.

شۇ چاغدا مالىك رېھان:

— ئەي يۇسۇپ، مەن سېنى پۈتۈن خەزىنىلىرىمنى بېرىپ سېتىۋالغانىدىم، مەن سېنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ پەرزەن-تىم دەپ ئاتىدىم. بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ ! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ۋە زىلەيخانىڭ ئالدىدا ھېچ-قانداق گۇناھ قىلمىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشتا گۇۋاھچىم بار ! — دېدى.

مالىك رىھان غەزەپلىنىپ:

— قېنى سېنىڭ گۇۋاھچىڭ؟ ! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ئۆيدىكى قىرىق كۈنلۈك بوۋاقنى گۇۋاھلىققا تارتتى. كېنىزەكلەر سارايدىن بۆشۈكتە ياتقان قىرىق كۈنلۈك بوۋاقنى ئاچىقىپ، ئاتىسى مالىك رىھانىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ مالىك رىھانىنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى. مالىك رىھان ئۇنى كۆرۈپ تونۇدى. شۇ چاغدا تەڭرى بالىغا زەبان ئا-تا قىلدى. بالا دادىسىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



تۆھمەت بىلەن ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتماق،
تەگرى غەزەپ ئەيلەر، مىسىرى ئەزىزى.
«يۇسۇپتە گۇناھ !...» دەپ رىۋايەت ئېيتماق،
ئادالەتلىك ئىش قىلىڭ، مىسىرى ئەزىزى.

يۇسۇپ ئاللاغا دۇئا ئەيلىدى،
زىلەيخا يۇسۇپكە جاپا ئەيلىدى،
يۇسۇپ خۇداغا سانا ئەيلىدى،
يۇسۇپ ئەرزىن ئاڭلاڭ، مىسىرى ئەزىزى.

پادىشاھ قارىغىن دەردى ناكىغا،
نەزەر قىل يۇسۇپنىڭ كۆڭلەك چاكىغا،
ئالدىدىمۇ ياكى چېكى كەينىدە،
ئوبدان كۆرۈپ ئىش قىلىڭ، مىسىرى ئەزىزى.

چاك ئالدىدا بولسا، يۇسۇپ ياماندۇر،
زىلەيخا تۆھمەتتىن بىلىڭ ئاماندۇر،
چاك ئارقىدا بولسا، بالايى جاندۇر،
گۇناھ زىلەيخادادۇر، مىسىرى ئەزىزى.

ئاتا، سىز تۆھمەتتىن ھەزەر ئەيلىڭىز،
گۇۋاھلىقىم راستتۇر، نەزەر ئەيلىڭىز،
يۇسۇپ قۇياشتەك پاكدۇر، بىلىڭىز،
ئۇ ھەقنىڭ ئەزىزى، مىسىرى ئەزىزى.

پادىشاھ قىرىق كۇنلۇك بالىسىنىڭ سۆزلىگىنىگە ھەيران قالدى. دەرھال يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكىگە قارىدى. كۆڭلەكنىڭ

يىرتىلغان چېكى ئارقىسىدا ئىدى. پادىشاھ بىلدىكى، گۇناھ زىلەيخادادۇر. شۇنداق بولسىمۇ يۇسۇپكە بىر قاتار نەسىھەت قىلدى. زىلەيخاغا ئازار بەرمىدى. بۇ سىرنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇپ، يۇسۇپنى يەنە ئاۋۋالقى خىزمىتىگە قويدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، مالىك رىھان ماڭا ھېچ نەرسە دېگىنى يوق. گۇناھنى يەنە ساڭا قويۇپ، بىرمۇنچە قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى قىلدى. سېنى يەنە مېنىڭ ئىختىيارىمغا بەردى. ئەمدى سېنى قانداق قىلسام ئىختىيار ئۆزۈمدە. ھېلىمۇ ھەم كەل، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىل! — دېدى.

يۇسۇپ زىلەيخاغا:

— ئەي زىلەيخا، ھېلىمۇ سەن بۇ ئىشنى مەندىن تەمە قىلما! جېنىم تەندە بولسىلا مەن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئوردىدىكى ۋەزىر ۋە ياساۋۇللارنىڭ ئاياللىرى زىلەيخانى بۇ ئىشتا ئەيىبلەپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. بۇ گەپ زىلەيخانىڭ قۇلىقىغا يەتتى. زىلەيخا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. زىلەيخا يۇسۇپكە شاھانە كىيىم كىيدۈردى. يۈزىگە نىقاب تارتىشنى بۇيرۇدى، كېيىن:

— ئەي يۇسۇپ، ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئەكىرىپ بۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەر، — دېدى.

يۇسۇپ ئىشىكتىن كىردى، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇسۇپنىڭ قەددى - قامىتىگە قاراپ قالدى. زىلەيخا ئۇلارغا ئاش تارتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالدىغا بىردىن پىچاق قويۇپ گۆشنى پارچىلاشقا تەكلىپ قىلدى. كېيىن ئۇ يۇسۇپكە قاراپ:

— ئەي يۇسۇپ، يۈزۈڭدىن نىقابنى ئال! — دەپ بۇيرۇ-



دى. يۈسۈپ نىقابنى ئالدى. پىچاق ئىلىپ گۆش توغراۋاتقان خوتۇنلارنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ جامالىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قىلىپ پىچاق بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى كىسىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن زىلەيخا ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ:

— ئەي يۈسۈپ، بولدى ئەمدى، سىرتقا چىقىپ ئىشىڭنى قىل ! — دىدى.

بۈگۈن شەرھى دىلىم ئىيتاي،
دائىما قان يىغلايمەن.
ھەمىشە ئىشقى ئوتى ئىچرە،
كۆيۈك مىسلى سەمەندەرمەن.

نەچچە يىلدىن بۇرۇن ھالىم،
تۈگىمەس باشتا سەۋدايىم،

ئېچىلماس پارە ئىشكالىم،
يولىدا بىر قەلەندەرمەن.

يۈرەك ـ باغرىمنى داغلىدىم،
يۈسۈپكە مەدھىيە ئەيلىدىم،
يېرىمدە تازا گۈل ئىدىم،
ئوتتۇنچى سۆزىمەندۇرمەن.

مېنى ئەيىب ئەتمىگىز خانلار،
ئەزىز جان ئىچرە مېھمانلار،
يۈزى گۈل، كۆزى مەستانلار،
تېخى جانىم پىدادۇرمەن.

زىلەيخا دەردىگە يىغلار،
يۈسۈپ دەپ باغرىنى داغلار،
قاچان بىر ۋاقىتنى چاغلار،
يۈسۈپكە مۇسەخخەردۇرمەن.

زىلەيخانىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنى ئالدىغا قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

— ئەي يۈسۈپ، زىلەيخانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىل! ئۇنى زارلاتما! — دېيىشتى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئۇلار زىلەيخا بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن، ھەربىرى يۈسۈپنى ئۇچراتقاندا:

— ئەي يۈسۈپ، سەن زىلەيخادىن ئۆزۈڭنى تارتىپ ناھايىتى ئوبدان ئىش قىلدىڭ. كەل، بىز بىلەن بول. بىز زىلەيـ-

خاغا قارىغاندا ياخشىراقدۇرمىز. بىز سىنى زىلەيخادىن ياخ-شىراق رازى قىلىمىز، — دېيىشتى.
يۇسۇپ ئۇلارغا:
— ئەي نازىنىنلار، سىلەرمۇ مەندىن بۇ ئىشنى تەمە قىلماڭلار! پاھىشە قىلىش ئەخلاقسىز كىشىنىڭ ئىشى. ئا-تامىنىڭ دىنىدا بۇ ئىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلسام، زىلەيخا بىلەنلا قىلاتتىم. چۈنكى زىلەيخا پۈتۈن مال - مۈلكىنى، خەزىنىسىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيمەكتە. لېكىن، مەن ئۆلۈمگە رازى، بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلىشقا رازى ئەمەس. مەن ئۇنداق ئىشقىمۇ تۇغۇلمىغان، — دەپ جاۋاب بەردى.
خوتۇنلار يۇسۇپتىن قاتتىق رەنجىدى. ئۇلار يۇسۇپتىن يۈزىنى ئۆرۈپ كېلىپ ئۇنى زىلەيخاغا چاقتى:
— بۇنداق ئەدەپسىز قۇلنىڭ جايى زىندان. شۇ يەردە يې-تىپ توۋا قىلسۇن. ئاچچىق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىسۇن! — دېيىشىپ كېتىشتى.



زىلەيخا مالىك رىھاننىڭ قېشىغا كىردى.

— سەن ماڭا بىر كەنئانلىق قۇلنى سېتىۋېلىپ مەھرەم قىلىپ بەرگەنىدىڭ. ئۇ قۇل مېنىڭ خىزمىتىمنى ۋە بۇيرۇ-قۇمنى ئادا قىلمىدى! — دەپ چاقتى.

مالىك رىھان:

— ئۆزۈڭ تەلەپ قىلدىڭ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ساڭا ھەدىيە قىلدىم. ئەمدى مېنى يەنە نېمە قىل دەيسەن؟! — دەپ سورىدى.

— ئۇنى زىندانغا سالماق لازىم! — دېدى زىلەيخا. شاھ يۈسۈپنى زىندانغا بۇيرۇدى. يۈسۈپ زىندانغا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ قەدەم قويدى. زىنداندا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۈسۈپ ئىلىك ئالدى.

زىلەيخا يۈسۈپتىن ئايرىلىپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ مالىك رىھاننىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن زىنداد-غا يېتىپ كەلدى. گۇندىپايلارغا ھەيۋە قىلىپ:

— سىلەر يۈسۈپنىڭ قول - ئايغىنى بوش قويۇپسىلەر، — دەپ ئۆزى زىندانغا چۈشتى. يۈسۈپنىڭ قول - ئايغىغا زەذ-جىر سېلىپ سىرتقا ئاچىقتى.

زىلەيخا يۈسۈپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپتى، كېيىن يۈسۈپنى زىندانغا سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈن شۇ خۇشاللىقتا ياشىدى. كېيىن زىندان بېگىگە كىشى ئەۋەتىپ:

— ئۇنى ھەر كۈنى ئۇرۇڭلار، كۈندە بىر - ئىككى قې-تىم ئۇنىڭ «ئاھ» ئۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىسام، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىكەن! — دېدى.

زىندانبېگى يۈسۈپنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي ئازا زات! زىلەيخا بىزگە پەرمان بىلەن كىشى ئەۋەتىپتۇ. يۈسۈپنى كۈندە ئىككى قېتىم قاتتىق تاياقلا بې-

سىڭلار، ئۇ تاياقنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي «ئاھ !...» ئۇرسا، مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ، دەيدۇ. سىزنى گۇناھسىز ھالدا ئۇرۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. سىز كۇندە ئىككى قېتىم قاتتىق تاياق يېگەن كىشىلەردەك ئاھ ئۇرۇپ قويسىڭىز، بىزمۇ تاپا - تەنىلەردىن قۇتۇلساق ! — دېدى.

يۇسۇپ كۇندە ئىككى قېتىم قاتتىق «ئاھ !...» تارتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنى ئاڭلاپ زىلەيخا خاتىرجەم بولدى.

زىلەيخا بىر كۇنى: «يۇسۇپ بىرمۇنچە دەرد - بالالارغا سەۋر قىلدى. مەنمۇ سەۋر قىلسام بولمامدۇ؟ ئەي يۇسۇپنىڭ خۇداسى، ماڭا سەۋر ئاتا قىلغىن ياكى مەندىن ئالىدىغان ئامانەتنى ئالغىن !...» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي يۇسۇپنىڭ خۇداسى، ئەرزىم ساڭا، يارىم بەر !
ئاغزى ئېچىلغان غۇنچىدەك، باغ ئىچرە باھارىم بەر !
ئۆمرۈمگە شامال تەگمەس، سەن مېنىڭ مۇرادىم بەر !
سەرۋى قەددى جېنىم ھەم گۈل يۈزلۈك نىگارىم بەر !
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

يەتمىدى ئاڭا ئاھىم، ھەرچەندە پىغان ئەيلەپ،
ئىشقىدا كۆيدى جانىم، رەسۋايى جاھان ئەيلەپ،
ئۆمرۈمنى قىلىپ بەربات، كۆز يېشىمنى قان ئەيلەپ،
كويۇڭدا مېنى چاك قىلما، گىرىبان، نىھان ئەيلەپ،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

مەن كۆيۈپ ئادا بولدۇم، مېنى كۆپ خاراب ئەتمە،
بىر زەررە ۋۇجۇدۇمغا، قەھر ئەيلەپ ئازاب ئەتمە،
كۆڭلۈمگە سېلىپ مېھرىن، كۆز يېشىمنى ئاب ئەتمە،

يۈسۈپتىن ماڭا ھەرگىز، يا رەب، يا خىتاب ئەتمە،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

يا رەب، ماڭا يۈسۈپنىڭ ھىجرانىدا تاقەت يوق،
ئۆلۈمدىن ماڭا باشقا، بىر زەررە ھىمايەت يوق،
كۆڭلۈمدە مېنىڭ ھەرگىز، بىر زەررە خىيانەت يوق،
يىغلايمەن كېچە ـ كۈندۈز، ئېيتقۇدەك ھېكايەت يوق،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

ئەي ۋاھىدى، كۈللى ھال[1]، رىزقى ئەيلە قانائەتنى،
بېشىمغا مېنىڭ قويما، يۈز دەردى قىيامەتنى،
زىلەيخا ھەردەم ئىزلەر، سەۋر ھەم قانائەتنى،
ھەر خىل كۆپ جاپالاردىن كۆردۈم بۇ ئالامەتنى،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

زىلەيخا مۇخەممەسنى تۈگىتىپ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە تووۋا قىلدى. ھەقتائالا ئۇنىڭ توۋىسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلدى. زىلەيخا ئۆز دىنىي ئادىتى بويىچە تائەت ـ ئىبادەتكە كىرىشتى.

يۈسۈپ بىر رىۋايەتتە يەتتە يىل، يەنە بىر رىۋايەتتە ئون يىل زىنداندا ياتتى دېيىلدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭمۇ دەردى كۆپىيىپ، پىغانى ئۆرلەپ، ھەقتائالاغا مۇناجات قىلدى:

نەچچە يىل چاھۇزىنداندا،
ئاجايىپ مەنزىل ئەيلەپمەن.

---

[1] ئەي ۋاھىدى، كۈللى ھال ــ ھەممىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى.

گۇناھىم ۋەھىمىدىن سائەتمۇ
سائەت زار ئەيلەپمەن.

ياتارمەن چاھۇزىنداندا،
ئاتامنىڭ دەردىدە يىغلاپ.
ئاچام بىرلە ئىبنى يەمىندىن،
ئۆزۈمنى يەكدىل ئەيلەپمەن.

خۇداۋەندە.. ئاتامنىڭ،
ھالىدىن بىر خەۋەر بەرگىن.
ئەگەر يوقتۇر تاقىتىم، ھىجرى
ئىلە ئەمدى مۇشكۇل ئەيلەپمەن.

كۆيۈپ پەرۋانىدەك شام ئۇزرە،
تاقەت قالمىدى ھەرگىز.
پىراق ئوتىغا كۆڭلۈمنى،
ئەمدى قەندىل ئەيلەپمەن.

ئاتام بىرلە ئىبنى يەمىنىنىڭ،
پىراقىدا كۆيەر جانىم.
يۇرۇپ نالە قىلىپ ھەردەم،
ئۆزۈمنى بۇلبۇل ئەيلەپمەن.

يۇسۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ يىغلىدى. ھەقتائالادىن جەبرائىلغا:

— بارغىن، يۇسۇپكە دېگىن! كۆپ تاقەتسىزلىك قىلمىسۇن. ئۇ مىسىرغا سۇلتان بولىدۇ. پۈتۈن مىسىر خەلقى ئۇ-

نىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنى «قۇل» دەپ ساتقان ئاكىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا شەرمەندە ۋە رەسۋا قىلىمەن، — دەپ پەرمان بولدى.

جەبرائىل بۇنى يۇسۇپكە يەتكۈزدى. چۈش تەبىرلىرىدىن تەلىم بەردى. جەبرائىل ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاق بىرنەرسە سالغاندى، دىلى ئايدىڭلاشتى.

يۇسۇپ بىر كۈنى زىنداندا ئولتۇرۇپ ئاتىسى، ئۇكىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنى ئەسلىدى. «ھازىر ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ بىرەر كىشى يولۇقسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام !...» دەپ زىندان تېمىنىڭ پەنجىرىسىگە كەلدى. قاراپ تۇرغانىدى، تۆگە مىنگەن بىر كەنئانلىق سودىگەرنى كۆردى.

يۇسۇپ قاتتىق ئاۋازدا:

— ھاي، كىم سەن؟ زىندان پەنجىرىسىگە — مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن، سورايدىغان سوئالىم بار ! — دېدى.

ئۇ كەنئاندىن كەلگەن سودىگەر ئىدى. سودىسىنى تۈگىتىپ يانغاندا، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ زىندان پەنجىرىسىگە كېلىپ يۇسۇپنى كۆردى. ئۇنىڭ سۆزى، تۇرقى كەنئانلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. يۇسۇپ سودىگەرگە:

— ئەيمەنمە، يېقىنراق كەل ! — دېدى.

سودىگەر زىندان پەنجىرىسىنىڭ تۈۋىگە يېقىن كېلىپ:

— ئەي زىنداندا ياتقان بىناۋا يىگىت، نېمە سۆزۈڭ بار؟ ! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ سودىگەردىن بۇ سوئالنى سورىدى:

سودىگەر، سەندىن بىر ئىشنى سوراي،
بىزنىڭ ئەلدە ياخشى پىرلەر ئامانمۇ؟ !...

راست سۆزلىگىن، ماكانىڭنى مەن بىلەي،
قەيەردىن كەلدىڭ، ئەللەر ئامانمۇ؟ !...

سودىگەر:
ئەي يىگىت، مەندىن سەن سوئال سورىدىڭ،
تاۋۇشۇڭدىن بۇلبۇل ساداسىن كۆردۇم.
يۈزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىڭدىن،
دەرد ـ ئەلەم، ئازابىنىڭ جاپاسىن كۆردۇم.

يۈسۈپ:
يەتتە يىلدۇر زىندان ئىچرە ياتارمەن،
ئەزىز مىسرى جاپاسىن تارتارمەن،
كەنئان ئىچرە بىر كىشىنىڭ ئوغلىمەن،
بەنى ئىسرائىلدىكى پىرلەر ئامانمۇ؟ !...



سودىگەر:
مەندىن خەۋەر سورىساڭ، سورىغىن هامان،
مېنىڭ ماكانىمدۇر مىسىر هەم كەنئان،
دىلىڭدا قالمىسۇن زەررىچە ئارمان،
سېنىڭ هالىڭنىڭ بالاسىن كۆردۇم.

يۇسۇپ:
نەچچە يىلدۇر يىراق چۈشتۇم ئاتادىن،
تاقىتىم يوق زىندان ئىچرە ياتاردىن،
بىلمەيمەن، نەچچە يىل ئۆتتى ئارادىن،
ئۇ ياقۇپ پەيغەمبەر، پىرلەر ئامانمۇ؟!

سودىگەر:
سورىساڭ نەبى كۆپ ئىنتىزار ئۆزى،
يۇسۇپ ئارزۇسىغا گىرىپتار ئۆزى،
هەمىشە يىغلاشتىن گىريان‌دۇر كۆزى،
سەندە كۆپرەك ئۇنىڭ «ئاھ... زارىن» كۆردۇم.

يۇسۇپ:
ياقۇپقا بارساڭ دېگىن: بىر كىشى بارمىش،
سېنىڭ ئۈچۈن قىزىل يۈزى سارغارمىش،
زىندان ئىچرە كۆزى ياشتىن قىزارمىش،
يەھۇدادەك كىشىلەر يۇرتىدا ئامانمۇ؟

سودىگەر:
سۆزلىرىڭدە هەمىشە ياقۇپلا دەيسەن!
ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم ـ غۇسسە تىنماي يۇتارسەن!

يا ياقۇپ يىتتۇرگەن قوزا سەنمۇسەن؟ !
شىكەردەك سۆزۈڭنىڭ مەززىسىن كۆردۈم.

يۇسۇپ:
ئەسلىمنى ئىپتىشقا پەرمانمۇ يوقتۇر،
بۇ يەرگە باشقىچە دەرمانمۇ يوقتۇر،
ياقۇپنىڭ دىلىدا گۇمانمۇ يوقتۇر،
ئىنى يەمىن غۇنچە گۈللەر ئامانمۇ؟ !

سودىگەر:

خۇش قال، يىگىت، يولۇم يىراق، كېتەيمەن،
ھەق بۇيرۇسا نامىڭ ئېلىپ يېتەيمەن،
ئەزىزىمگە: «سۆيۈنچە بەر !» دېگەيمەن،
پاتىھە بەر، يۈزۈڭنىڭ شولىسىن كۆردۈم.

دەپ سودىگەر يولغا چۈشتى. مەنزىللەرنى بېسىپ كەنئانغا يەتتى. يۇسۇپنىڭ سالىمىنى ئېلىپ ياقۇپنىڭ قېشىغا كىردى.
ياقۇپ ئۇ سودىگەردىن:
— سەندىن ماڭا سالام ئېيتقان ئۇ يىگىتنى قانداق كۆر-دۈڭ؟ ! — دەپ سورىدى.
سودىگەر كۆرگەنلىرىنى ياقۇپقا بايان قىلدى.
— «ئىسمىمنى ئېيتىشقا رۇخسەت يوق» دېدى. «قولى باغلاقلىق، يۈرىكى داغلاقلىق، ئۆزى زىنداندا قالدى» دەپ سۆ-زىنى تۈگەتتى. مەن خوشلىشىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئارقام-دىن: «ئەي ياخشى كىشى، ياقۇپقا مېنىڭ نامىمدىن سالام دې-گىن. قوزىسىنى ئەسكە ئېلىپ دۇئا قىلسۇن. ئۇنىڭ دۇئاسى-

ننىڭ بەرىكاتىدىن بىزلەر زىنداندىن ۋە غەمدىن خالاس بولـدـ
ىمىز» دەپ يىغلىدى، — دېدى.
ياقۇپ سودىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىغلاپ هوشىدىن
كەتتى. هوشىغا كەلگەندىن كېيىن، قاتتىق «ئاھ !...» تارتىپ
بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نە ئىش قىلساڭ رىزامەن،
ئامان خۇدا قىل ئامان.
يۇسۇپۇمدىن جۇدامەن،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

يا بەرگىن يۇسۇپۇمنى،
يا ئالغىن ئامانەتنى.
دەرگاھىڭغا يۈز تۇتتۇم،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

بەرمىسەڭ ساقلا ئۇنى،
چۆلدە ياكى زىندانىدا،
يۈرىكىم مىڭ ئارماندا،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

يۇسۇپۇم، ئاھ يۇسۇپۇم،
بەختى ئىقبال، يۇسۇپۇم،
تەلىپىم شۇ خۇدادىن،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

دەردكە دەرمان يۇسۇپۇم،

كۆزى مەستان يۇسۇپۇم،
كۆيدى بۇ جان يۇسۇپۇم،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

چېچى سۇمبۇل يۇسۇپۇم،
يۈزى بىر گۈل يۇسۇپۇم،
جەننەتتە هۆر يۇسۇپۇم،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

ياقۇپ ئېيتۇر يۇسۇپۇم،
كۆزۈم نۇرى يۇسۇپۇم،
ئامان بولغىن يۇسۇپۇم،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

ياقۇپنىڭ يىغان بىلەن ئوقۇغان شېئىرىنى ئاڭلاپ ئوغۇللىرى يېتىپ كېلىشتى. ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي ئاتا! يەنە نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ نېمىگە شۇنچە پەرياد قىلىسىز؟! — دەپ سوراشتى.

ياقۇپ:

— بۈگۈن يەنە يۇسۇپۇمدىن خەۋەر ئالدىم، — دېدى. ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— بۇ سالامنى سىزگە كىم ئەكەلدى؟ — دەپ سوراشتى.

ياقۇپ ئىشارەت بىلەن:

— ئەنە ئۇ كىشى! — دەپ سودىگەرنى كۆرسەتتى.

ئۇ سودىگەر بۇلارغىمۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. سودىگەرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، يەھۇدا ۋە شەمئۇنلار ئالەمنى بېشىغا كىيىپ:

— ئەي هارامزادە، بۆرە يېگىننىگە نەچچە يىل بولغان يۇ-سۇپنى «كۆردۇم» دەپ، دادىمىزنىڭ ئوتى - پىراقىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرماقچىمۇسەن؟ !... — دەپ، ھەر تەرەپتىن كېلىپ كارۋاننى تۇتۇپ سۆرەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئاخىر قېچىپ قۇتۇلدى. بولغان ئىشنى كۆرگەن ئىب-نى يەمىن ئاتىسىغا سودىگەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ياقۇپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئۇنىڭ نالىسىدىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. شۇ چاغدا جەبرائىلغا جانابىي ھەقتىن:

«ياقۇپقا ئېيتقىن! سەۋر قىلسۇن. ئۇ پات يېقىندا غەمدىن خالاس بولىدۇ،» دېگەن پەرمان چۈشتى.

جەبرائىل ياقۇپقا بۇ ۋەھيىنى يەتكۈزدى. ياقۇپ جەبرائىلدىن:

— مېنىڭ يۇسۇپۇمدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ! — دەپ سورىدى. جەبرائىل جاۋاب بەرگۈچە، ياقۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھەقتىن ماڭا پەرمان ئېلىپ كېلۇرسەن،
يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.
نەدە بولسا بار - يوقنى بىلۇرسەن،
يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ئەجەل يېتىپ پەيمانىسى تولدىمۇ؟
ئېچىلمىغان تازا گۇلۇم سولدىمۇ؟
ئاقىۋەت قىسمەتى شۇنداق بولدىمۇ؟
يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ھەمىشە ئۇ ماڭا ھەمراھ ئىدىلەر،
ئاكىلىرى شىكارغا ئېلىپ كەتتىلەر،

بىلمىدىم ئارادا نە ئىش ئۆتتىلەر؟
يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ياقۇپ ئېيتۇر: چارە يوقتۇر پەرمانغا،
پىراق دەردىدىن مەن قالدىم ئارمانغا،
يۇسۇپىنىڭ بار - يوقى سالدى گۇمانغا،
يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

جەبرائىل ياقۇپقا:

— ئەي ياقۇپ! مەن بۇرادىرىم ئەزرائىلدىن: «يۇسۇپىنىڭ جېنىنى ئالدىڭمۇ؟!» دەپ سورىغانىدىم، ئەزرائىل: «ياق، ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى، — دېدى. بۇ سۆزدىن كېيىن جەبرائىل غايىب بولدى. ياقۇپ غەمخانىسىگە كىرىپ كەتتى.

غەرب مەملىكەتلىرىدىن بىرىنىڭ شاھى، مىسىر پادىشاھى مالىك رېھانغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مالىك رېھانىنىڭ مەھرەملىرى ئىچىدىن ئاشپەز بىلەن ساقىينى قولغا كەلتۈرۈشتى، كېيىن شۇلار ئارقىلىق مالىك رېھانغا زەھەر بەرمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار مالىك رېھانغا زەھەر بەرگۈچىنى شۇنىڭ ئورنىغا مىسىرغا شاھلىققا كۆتۈرمەككە ۋەدىلەشتى. ساقىي زەھەرنى ئەكېلىپ ئاشپەزگە بەردى. ئاشپەز دەسلەپتە بۇ ئىشقا قىزىقمىدى ۋە:

— مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ كېلىۋاتىمەن، قانداقمۇ تۇزكورلۇق قىلىمەن؟! — دەپ رەت قىلغانىدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا مەنسەپكە قىزىقىپ، بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى. ئۇ ئاخىر ساقىي ئەكەلگەن زەھەرنى مالىك رېھانغا ئەتكەن تائامغا سالدى، ئۇنى ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا



كىردى ۋە تائامنى قويۇپ تەزىم قىلدى:

— ئەي شاھى جاھان! مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

شاھ:

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم. سۆزلە! — دېدى.

ئاشپەز:

— ساقىي سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭا زەھەر بەرگەنىدى. مەن ئۇنى ئالدىڭىزدىكى تائامغا سېلىپ ئەكىردىم. مېنىڭ سىزگە بولغان ساداقىتىمنى بىلىپ قالسىڭىز! — دېدى.

شاھ دەرھال ساقىينى قىچقىردى. بۇ ئىشنى سورىغاندا، ئۇ تېنىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھقا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ قەسەم ئىچتى. شاھ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن تەڭ گۇمان قىلىپ، ئۇلارنى زىندانغا سالدى. ئۇلار زىنداندا يۇسۇپنى كۆردى، تونۇشتى.

بىر كېچىسى ساقىي يېتىپ بىر چۈش كۆردى. ئەتىسى ئۇ چۈشنى يۇسۇپكە ئېيتىپ بەردى ۋە تەبىر سورىدى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشى مۇنداق ئىدى:

— مەن، — دېدى ئۇ، — بىر تال ئۈزۈمنى يېدىم، ئۇ-نىڭدىن ئۈچ تال ئۈزۈق چىقتى. .ئۇنى يەرگە تىكتىم. تەك ئۇ-نۇپ چىقتى، ئۈزۈم بولدى. سىققانىدىم، شاراب بولدى. ئۇنى پادىشاھقا تۇتتۇم. شاھمۇ ئىچتى، مەنمۇ ئىچتىم. بۇنىڭ تەبىـ-رى قانداق بولىدۇ؟ !

يۇسۇپ ساقىيغا:

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى مانا مۇنداق: ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھ سېنى زىنداندىن ئاچىقىدۇ. دەرىجەڭنى ئۆستۈرۈپ، ئىنـ-ئام بېرىدۇ ! — دېدى.

بۇ يەردە ئاشپەزمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ دەرھال يۇسۇپكە:

— مەنمۇ بىر چۈش كۆردۈم. ماڭا ئۈچ تونۇر يولۇقتى. ئۇنىڭ بىرى ئاق، بىرى قىزىل، يەنە بىرى قارا ئىدى. قىزىل تونۇردىن بىر تەۋەك نان ئالدىم. ئۇنى تەۋەككە تىزىۋاتقانىدىم، بىر قۇش ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشۈپ تەۋەكنى ئۆرۈپ، ناننى يەرگە چېچىۋەتتى. بۇنىڭ تەبىرى قانداق بولىدۇ؟ ! — دېدى.

يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھ سېنىمۇ زىنداندىن چىقىـ-رىدۇ، ئەمما شاھ سېنى ئېگىز دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ-لۇكۇڭنى قاغا - قۇزغۇن تالىشىپ يەيدۇ ! — دېدى.

ئاشپەز يۇسۇپكە:

— مەن بۇنداق چۈشنى كۆرمىگەن. ساقىينىڭ چۈشىنىڭ تەبىرىدىن قىزغىنىپ ئويلاپ تېپىپ ئېيتىشىپ شۇنداق دېگە-نىدىم ! — دېدى.

يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئويناشساڭمۇ ئويلاپ گەپ قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى مەيلىڭ ئۇ چۈشنى كۆر، مەيلىڭ كۆرمە، ئۇ چۈشۈڭ-نىڭ تەبىرى ئەينەن شۇنداق بولىدۇ، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مالىك رىھان ساقىي بىلەن ئاشپەزنى زىنداندىن چىقاردى. پادىشاھ ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن شاراب ۋە تائام ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ساقىي شاراب ئەكېلىپ شاھقا تۇتتى. شاھ:

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئىچ ! — دېدى.

ساقىي ئۇنى ئىچىپ، ئاياققا قايتا شاراب قۇيۇپ شاھقا تۇتتى. شاھ ئىچىدە: «بۇنىڭ ماڭا يامان نىيىتى يوق ئىكەن» دەپ ئويلاپ شارابنى ئېلىپ ئىچتى، ساقىينى ئۆز ۋەزىپىدەسىگە قويۇپ، ئىنئام بەردى.

ئاشپەز تائام ئەكېلىپ داستىخان سالدى. شاھنىڭ ئالدىغا ئاش قويدى. شاھ ئۇنىڭغىمۇ:

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ يەپ باق، مەن كۆرەي، كېيىن مەن يەي ! — دېدى.

ئاشپەز ئۇنى يېيىشتىن باش تارتتى. بۇنى كۆرۈپ شاھنىڭ گۇمانى كۈچەيدى، غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇنى دەرھال دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى، دارغا ئاستى. ئۆلۈكىنى قاغا ـ قۇزغۇن يېدى.

ساقىينى زىنداندىن ئاچىقىپ كېتىۋاتقاندا، يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ساقىي، سەن شاھقا يولۇققاندا ئۇنىڭغا «مېنى زىلەيخانىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ زىندانغا سالغانلىقىنى، مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى ئەرز قىلغىن !» — دېدى.

شۇ چاغدا جەبرائىل يېتىپ كەلدى.

— ئەي يۇسۇپ، سەن خاتا قىلدىڭ ! سەنمۇ بەندە، شاھمۇ بەندە، سېنىڭ ئۆزۈڭدەك يەنە بىر بەندىدىن پاناھ تىلىشىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا ياقمىدى ! — دېدى.

يۇسۇپنى خىجىللىق باستى. ساقىيمۇ «ماقۇل !» دەپ چىقىپ كەتكەندى، ۋەدىسىنى ئېسىدىن چىقاردى. يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي خالايىق ! ئامىن دەڭلار، مەن دۇئا قىلاي ! ئىد-
شىمىز ئوڭىغا تارتىپ، مۇشكۇلىمىز ئاسان بولسا ئەجەب ئە-
مەس، — دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يىللار ئۆتتى كۆزدىن ياشلار قۇرۇماي،
«ئامىن !...» دەڭلار، دۇئا ئىجابەت بولغاي.
ئۆتتۇق زىنداندا ئاي - يىلنى بىلمەي،
«ئامىن !...» دەڭلار، دۇئا ئىجابەت بولغاي.

سەۋر قىلىڭلار، يېقىن زەۋقى - ساپامىز،
ئۇنتۇلمىغان كۆرگەن جەبىر - جاپامىز،
ئەستە قالغان، قىلغان ۋەدە - ۋاپامىز،
ئىنشائاللا، بىر كۈن پاراغەت بولغاي.

غەم يېمەڭلار، ۋەدە ۋاقتى بولغاندۇر،
ئىبراھىم، ئىسمائىل روھى دەرماندۇر،
ئۇلار بىزنى ھەقتىن تىلەپ ئالغاندۇر،
ئۇلاردىن بىزلەرگە شاپائەت بولغاي.

يۇسۇپ ئېيتۇر: شۇكۇر ئەيلەي خۇداغا،
سەۋر قىلاي ماڭا بەرگەن بالاغا،
نە سۆز چۈشتى بىلمەي قالدىم ئاراغا،
بەندىنىڭ خاتاسى شىكايەت بولغاي.

مىسىر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى يېتىپ كەلدى. ما-
لىك رىھان باشلىق ھەممە چوڭ - كىچىك، ياش - قېرى،
ئەر - ئايال يىغىلىپ، نەغمە - ناۋا بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە

كىرىشىپ كەتتى. مالىك رىھان شۇ پاراغەتلىك كۆزلەرنىڭ بىرىدە يېتىپ بىر چۈش كۆردى. دەريادىن يەتتە سېمىز ئۇي چىقتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يەتتە ئورۇق ئۇي چىقتى. ئۇ ئورۇق ئۇيلار سېمىزدىنى يېدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قۇرۇق بۇغداي باشىقى يەتتە ھۆل



باشاقنى يېدى. شۇ چاغدا بىر قۇش كېلىپ، مالىك رىھاننىڭ بېشىدىن تاجىنى ئەكەتتى. مالىك رىھان بۇ چۈشىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ ئويغاندى.

تاڭ يورۇغاندىن كېيىن مالىك رىھان مۇنەججىم، قۇرئەندازلىرىنى ئوردىغا يىغدى، كۆرگەن چۈشىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ، تەبىرىنى سورىدى.

ئۇلار بۇ چۈشكە ھەيران بولۇپ، ھېچنېمە دېيەلمىدى. پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇلارغا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىپ:

— ئەگەر سىلەر شۇ مۇددەت ئىچىدە بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئىزدەپ تاپالمىساڭلار، مەن چوقۇم سىلەرنى دارغا ئېسىپ، چالما - كېسەك قىلىمەن! — دېدى.

كاھىنلار، مۇنەججىملەر، تەبىرچىلەر ئۆلۈمگە رازى بولۇپ ئوردىدىن يېنىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ساقىينىڭ كۆڭلىدىن يۇسۇپ كەچتى. ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، يۇسۇپنىڭ ئۆزى زىنداندا كۆرگەن چۈشكە بەرگەن تەبىرنى ئېيتتى. پادىشاھ

ساقىينى يۇسۇپنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ پادىشاھ كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراش ئۈچۈن يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ زىندانغا كىردى، يۇسۇپنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— ئەي پاكىز زات، ئەپۇ قىلغىن ! مەن سىنىڭ سۆزۈڭ-نى يادىمدىن چىقىرىپتىمەن. مەن سىنىڭ ئالدىڭغا بۇ نۆۋەت كۆرگەن يەنە بىر چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى سوراشقا كەلدىم، — دەپ پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى.

يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— بۇ سېنىڭ چۈشۈڭ ئەمەس، پادىشاھ مالىك رىھان كۆرگەن چۈش، — دېدى.

ساقىي يۇسۇپتىكى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ:

— ئەي پاكىز يىگىت، راست دېدىڭىز. بۇ پادىشاھنىڭ چۈشى. تەبىرى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ساقىيغا:

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى پادىشاھقا ئۆزۈم دەپ بې-رىمەن، — دېدى. ساقىي يۇسۇپنىڭ قېشىدىن چىقىپ شاھ-نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شاھقا يۇسۇپنى زىنداندىن ئازاد قى-لىشنى تەكلىپ قىلدى. شاھ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولۇپ، سا-قىينى زىندانغا ئەۋەتتى.

يۇسۇپ ساقىيغا:

— سەن قايتىپ بېرىپ مالىك رىھانغا دېگىن. مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم ئىسپاتلانمىغۇچە مەن بۇ زىنداندىن چىقمايـ-مەن، — دېدى.

ساقىي مالىك رىھاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ سۆزنى بايان قىلدى. بۇ سۆز شاھقا ماقۇل كەلدى. زىلەيخانى ئوردىدىكى ئالتە خوتۇنى بىلەن ئالدىغا قىچقىردى. زىلەيخانىڭ ئالدىدا،

ئۇلاردىن:

— گۇناھ يۇسۇپتىمۇ ياكى زىلەيخادىمۇ؟! — دەپ سورىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— بۇ ئىشتا گۇناھ زىلەيخادا، يۇسۇپتە گۇناھ يوق! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

پادىشاھنىڭ زىلەيخادىن رايى ياندى، ئۇنى «تالاق» قىلىپ، سارىيىغا ياندۇردى.

ساقىيغا:

— سەن بېرىپ يۇسۇپكە دېگىن، ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ئېنىقلاندى. «مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دەيدۇ» دەپ ئەكەل! — دېدى.

ساقىي كېلىپ بۇ خەۋەرنى يۇسۇپكە يەتكۈزدى.

يۇسۇپ:

— ئەي ساقىي! سەن پادىشاھقا دېگىن. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى بىللە ياتقان كىشىلەرنى تاشلاپ ئۆزۈم يالغۇز زىنداندىن چىقىپ كەتسەم، بۇ نامەردلىك بولىدۇ. مەن بۇنداق نامەردلىكنى ھەرگىزمۇ قىلمايمەن. چىقسام ئۇلار بىلەن بىللە چىقىمەن، چىقمىسام بىللە ياتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساقىي شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۇسۇپنىڭ جاۋابىنى بايان قىلدى، يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزى شاھقا ياقتى.

— ئاجايىپ زېرەك ئوغۇل ئىكەنسەن! ئەقلىڭغا بارىكاللا! — دېدى شاھ، ئاندىن زىنداندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىيىم - كېچەك، يۇسۇپكە بىر ئات قوشۇپ ئەۋەتتى.

يۇسۇپ كىيىم - كېچەكنى قوبۇل قىلدى، ئاتنى ئالمىدى.

— باشقىلار پىيادە، يالغۇز مەنلا ئاتلىق شاھنىڭ ئالدىغا بارمايمەن، يا مەنمۇ پىيادە بارىمەن، يا بولمىسا شاھ بۇلارنىڭ

ھەممىسىگە بىردىن ئات ئەۋەتسۇن ! — دېدى.
شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— بۇ يىگىت توغرا ئېيتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-دىن ئات، يەنە بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك ئەۋەتىڭلار ! ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بىللە كەلسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدى.
بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىنداندىن چىقىپ، ئاتلىق ئوردىغا راۋان بولدى. زىنداندا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار كىشىلەر، تاماشا كۆرگىلى چىققانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى.
مالىك رىھان باشلىق ساراي ئەھلىلىرى، ئەمەلدارلار، كاھىنلار، مۇنەججىملەر، تەبىرچىلەرمۇ ئوردا ئالدىغا چىقىپ، يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر-نى قارشى ئالدى. ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئوردىغا ئەكىرىشتى. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى چىققان قۇياشتەك ئىدى. يۈسۈپ ئوردىغا كىرىپ، باشقىلار بىلەن تەڭ ئاتتىن چۈشتى. پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ يۈسۈپنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا داستىخان سالدى. يەتمىش خىل تائام تارتتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن پادىشاھى مىسىر يۈسۈپكە چۈشىنى بايان قىلدى. يۈسۈپ بۇ چۈشكە تۆۋەندىكى تەبىرنى بەردى:
— يەتتە سېمىز ئۇينى يەتتە ئورۇق ئۇينىڭ يېگەنلىكىنىڭ تەبىرى مانا مۇنداق: مىسىردا بۇ يىلدىن باشلاپ يەتتە يىلغىچە ئالامەت توقچىلىق - مەمۇرچىلىق بولىدۇ. ئاش - نان، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلەر مول بولىدۇ. يەتتە يىلدىن كېيىن يامغۇر ياغمايدۇ، گىياھ ئۈنمەيدۇ، دەر-يالار قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ يەتتە يىل ئىچىدە شۇنداق قاتتىق

قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بولىدۇكى، خەلقلەر: «نان... نان...» دەپ قول ئۇزىتىپ جان بېرىدۇ. بىر قوينىڭ كاللىسى بىر مىسقال ئالتۇنغىمۇ تېپىلمايدۇ. پادىشاھ باشلىق ھەممە كىشى ئوخشاش تەڭلىكتە قالىدۇ. قۇشنىڭ بېشىڭىزدىن تاجىنى كۆتۈرۈپ ئەكەتكىنىنىڭ تەبىرى: سىزنىڭ ئورنىڭىزغا مىسىرغا باشقا بىر كىشى پادىشاھ بولىدۇ، — دېدى.

مالىك رېھان يۈسۈپتىن:

— بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىلاج قىلغىلى بولامدۇ؟ !... — دەپ سورىدى.

يۈسۈپ:

— ئىلاج قىلغىلى بولىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بىر كىشىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ قويۇش كېرەك. ئۇ مىسىر زېمىنىدىكى ئامبارغا لايىق يەرگە ئاشلىق ئامبىرى سالسۇن. تېرىشقا تېگىشلىك بولغان يەر ۋە ھەممە بوز - بىنەملەرنى كۈچ چىقىرىپ تېرىسۇن، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈك ئەنە شۇ ئامبارلارغا قاچىلانسۇن ! — دېدى.

پادىشاھ مالىك رېھان باشلىق مىسىرنىڭ شۇ يەردىكى ھەممە چوڭلىرى يۈسۈپنىڭ شاھنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىگە، ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆرسەتكەن چارە - تەدبىرىگە قايىل بولدى، ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدى.

پادىشاھ مالىك رېھان:

— بارىكاللا، يۈسۈپ، ئەقلىڭگە بارىكاللا ! بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقى باشقا كىشىگە قالغۇچە ساڭىلا قالسۇن. مانا مەن مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىنى ساڭا ئۆزۈم تاپشۇردۇم، — دەپ تەختىدىن چۈشۈپ يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كەلدى، بېشىدىن تاجىنى

ئېلىپ يۈسۈپنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. ئۇنى يېتىلەپ ئاپىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى يۈسۈپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە،
بولسۇن سىنىڭ شەۋكىتىڭ.
قۇياش كەبى پارلىسۇن،
ئايغا ئوخشاش تەلئىتىڭ.

مۇشۇ چۈشنىڭ ۋەھمىدىن،
زەپىران بولغان يۈزۈم.
ساڭا بولغاي مۇيەسسەر،
تەلەي ھەم خالۇ خېتىڭ.

سەندىن ئۆزگە كىمگە بېرەي،
تاجۇتەختىمنى بۈگۈن ؟
ھەق يارىتىپتۇ سىنى،
بولسۇن زىيادە دۆلىتىڭ.

يەتمەيىن چۈشنىڭ تېگىگە،
باشقىلارنى خارلىدىم.
نىيەت قىلدىم ئالەم ئىچرە،
بارچە قىلسۇن ھۆرمىتىڭ.

مەملىكەتنىڭ بارچىسىنى،
تاپشۇرۇپ بەردىم ساڭا.
يۈسۈپۈم، قىلسۇن خالايىق،
ھەممە جايدا ئىززىتىڭ.

مالىك رىھان تاجۇتەختىنى يۇسۇپكە تەقدىم قىلدى، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئۇنى شاھلىق بىلەن تەبرىكلىدى. دۆلەت ئىـ- شىدىن قولىنى يىغدى.

يۇسۇپ مەملىكەت ئىشىنى قولىغا ئالدى. شۇ يىلدىن باشلاپ يەتتە يىلغىچە مىسىر مەملىكىتى دائىرىسىدە ھەددىـ- دىن زىيادە توقچىلىق ۋە مەمۇرچىلىق بولدى. ھەممە خەلقتە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك غېمى تۈگىدى. ئاھالە پاراغەت ئىچىدە باياشات ياشىدى. يۇسۇپ ھەممە يەرگە جاكارچىلارنى چىقىرىپ، مىسىر دائىرىسىدە تېرىشقا بولىدىغان يەر ۋە بوز - بىنەملەرنىڭ ھەممىسىگە قولىدا بار ئۇرۇقلارنى تېرىشنى، ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماسلىقنى ئۇقتۇر- دى، ئادەم بەلگىلەپ، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ تۇردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۇسۇپ ئورنى كۆز يەتكۈسىز كەڭ يەرگە ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئامبىرى سالدۇردى. بۇ ئامبارنى ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنى ساقلاشقا كىشى قويدى.



يەتتە يىل ئۆتتى. يۈسۈپ خالايىقنى يىغىشقا ئەمر قىلـ.
دى. تامامىي خەلق توپلانغاندا، يۈسۈپ خەلق ئالدىغا چىقىپ:
— ئەي خالايىق، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلار، بۈگۈن كېچە
تۈن يېرىمىدىن باشلاپ مىسىر مەملىكىتى ئېچىدە ئاچارچىـ.
لىق، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بالاسى پەيدا بولىدۇ! —
دەپ ئۇقتۇردى.
مالىك رىھان:
— ئەي پادىشاھى مىسىرى، ئۇ بالا قانداق پەيدا بولىدۇ؟!
بىز ئۇنى قانداق بىلىمىز؟! — دەپ سورىدى.
يۈسۈپ:
— بۈگۈن تۈن يېرىملاشقاندا ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى
ئاچىدۇ. تائام يېيىشكە تۇرىسىلەر، ئەمما يەپ تويمايسىلەر.
ھەتتا بالىلارمۇ: «ئاش، نان!...» دەپ يىغلاپ قوپىدۇ! — دەپ
چۈشەندۈردى.
— ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئالامەتلىرى بار؟! — دەپ
سورىدى مالىك رىھان يۈسۈپتىن.
يۈسۈپ:
— دەريالاردا سۇ قالمايدۇ. يامغۇر ياغمايدۇ. يەردىن
گىياھ ئۈنمەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - شەپقەت
يوقىلىدۇ. باشقا بىر قاتار دىشۋارچىلىق، قىيىنچىلىق مانا
شۇ تۈن يېرىمىدىن باشلىنىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.
توپلانغان خەلق ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. شۇ كۈنى تۈن
يېرىمىدا:
— قورساقتا يېگۈلۈك بارمۇ؟ — دەپ ئويغانغان بىرىنچى
كىشى مالىك رىھان بولدى. ئارقىدىنلا پۈتۈن مىسىر ئويغاندى.
دى. ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىدە قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىقتى.
تاڭ يورۇدى. پۈتۈن مىسىر ئاھالىسى نالە - پەرياد بىلەن

يۇسۇپنىڭ بارگاھىغا توپلاندى، كەلگۈسىدىن قايغۇرۇپ يىغلاشتى.

يۇسۇپ مىسىر ئاھالىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. خۇدادىن ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەت، قانائەت ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

ئاچارچىلىقنىڭ بىرىنچى يىلى ئاھالە ئۆزلىرى توپلىغان ئاشلىقنى يېدى. ئىككىنچى يىلى قوللىرىدىكى ماللىرىنى يېدى. ئۈچىنچى يىلى شەخسلەرنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ يېدى، تۆتىنچى يىلى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى سېتىپ ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ يېدى. بەشىنچى يىلى مۈلۈك ۋە بارلىق ئەسۋابلىرىنى سېتىپ يېدى. ئالتىنچى يىلى بالىلىرىنى سېتىپ يېدى. يەتتىنچى يىلى دەسلەپكى ئالتە ئاي ئىچىدە يۇسۇپنىڭ ئامبىرىدىن ئاشلىق تىلەپ يېدى.

مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە زىلەيخا يۇسۇپنىڭ ئىشتىياقى، قورساقنىڭ ئاچلىقى بىلەن ھالسىرىدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلىدى.

يۇسۇپ خىزمەتچىلىرىگە:

— زىلەيخاغا يېتەرلىك سۇ ۋە تائام بېرىڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، بۇ ئىلتىپاتىڭىزغا كۆپ رەھمەت ! مېنىڭ يەنە بىر ئەرزىم بار. مەن غېرىب بىچارىمۇ پۈتۈن مىسىر خەلقىگە ئوخشاش سىزگە قۇل بولۇپ قالدىم. ياراتقان خۇدايىڭىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلىسىڭىز ! — دېدى.

يۈسۈپ:
— خۇدا رىزاسى ئۈچۈن سېنى ئازاد قىلدىم ! — دېدى.
قالغان ئالتە ئاينى يۈسۈپ پۈتۈن ئاھالە بىلەن كۈندە بىر قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى سەۋر ـ تاقەتكە دالالەت قىلىپ قىينىچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.
قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق تۈگىدى. دەريالارغا سۇ كەلدى. باغلار كۆكەردى. مېۋىلەر چېچەكلىدى. گۈللەر ئېچىلدى. خەلق يېڭى ئاشلىق، مېۋىگە يېتىشتى. مىسىردا يەنە توقچىلىق، مەمۇرچىلىق باشلاندى. ھۆكۈمەت ئامبارلىرى غەللە بىلەن تولدى.
بىر كۈنى مىسىر خەلقىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مالىك رېھان باشچىلىقىدا يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كەلدى. تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:
— ئى شاھى جاھان يۈسۈپ، ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يىللىرى بىز ئۆزىمىزنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن سىزگە قۇللۇققا سېتىپ ئاشلىق يېگەنىدۇق. ياراتقان خۇدايىڭىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمدى بىزنىمۇ ئازاد قىلسىڭىز ! — دېدى.
يۈسۈپ:
— خوپ، ھەممىڭلار، مېنى ۋە سىلەرنىمۇ ياراتقان ئاللاغا ئىمان كەلتۈرسەڭلار، مېنى پەيغەمبەر دەپ ئىقرار قىلساڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ئاللا يولىدا ئازاد قىلاي ! — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار يۈسۈپنىڭ دېگىنىگە بويسۇنۇپ مۇسۇلمان بولدى، يۈسۈپمۇ ئۇلارنى ئازاد قىلدى.
زىلەيخانىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى، دەردى ـ پىراقى ئاشتى. ئۇ يىغلاپ يۈرۈپ كۆزىدىن ئايرىلدى، ئەھۋالى يامانلاشتى. ھەركىم ئۇنى كۆرسە مەسخىرە قىلاتتى.
يۈسۈپنىڭ «تۇياخ» ئىسىملىك بىر ئېتى بار ئىدى. يۈ-

سوپ ئۇنى مىنگەندە بۇ ئات شوخلۇق قىلىپ قاتتىق كىشنەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىقىن ئەتراپقا ئاڭلىناتتى. زىلەيخا ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپنىڭ ماڭىدىغان يولىغا چىقىپ تۇردى. يۇسۇپ يۇقىرىلاردىن ئەھۋال سوراپ، غېرىبمىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. زىلەيخا يۇسۇپنىڭ ئېتىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

دادى ــ پەرياد ئىشقى ــ دەردىم،
زادى ئۆچمەس نەيلەيىن.
ئاھۇنالەمگە مېنىڭ،
يارىمۇ يەتمەس نەيلەيىن.

يىغلىسام قانلىق يېشىم،
كۆزدىن ئاقادۇر نەيلەيىن.
قانچە يىلدۇر يار پىراقىدا،
ئۆرتەندى جان نەيلەيىن.

ئاتا ــ ئانا، ئەل ــ يۇرتۇمدىن،
قالدىم تېخى مەن ئايرىلىپ.
بىر مۇساپىرمەن، ئاياغ
ئاستىدا قالدىم نەيلەيىن.

ئاھۇزارىم ھەددىدىن ئاشتى،
يارغا يەتمەس نالىشىم.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
يوقتۇر كىشىم، مەن نەيلەيىن.

مەن ئېتىگىنىڭ ئايىغىدا،
يول ئۈستىدە تۇرايىن.
ھەربىر باسقان ئىزىنى،
كۆزۈمگە سۈرمە قىلايىن.

ئەجىلىم يەتسە ئەگەردە،
غېرىبلىقتا ئۆلەيىن.
زىلەيخا دەر: ھەققە يەتسۇن
نالىشىم دەپ تىلەيىن.

يۈسۈپنىڭ كۆزى زىلەيخاغا چۈشتى. يۈسۈپنىڭ يۈرىكىمۇ زىلەيخانىڭ دىمىغىغا يېتىپ باردى. زىلەيخانىڭ داد - پەريادى كۈچەيدى.

يۈسۈپ:

— ئەي زىلەيخا، نېمە مۇنچە نالە - پىغان قىلىسەن؟ ! ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەتتى؟ ! — دەپ سورىدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۈسۈپ، ماڭا ھېچكىمدىن دەرد - ئەلەم يەتكىنى يوق. سېنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىڭنىڭ دەردى مېنى مۇشۇ ئەھۋالغا سالدى. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئاۋارە، ھالىمغا ھېچكىم يەتمەيدۇ. كۆرگەنلەر مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. سەنمۇ ماڭا ئازراقمۇ رەھىم قىلمايسەن ! — دېدى.

يۈسۈپ غەزىپى ئۆرلەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا قايرىدى - دە:

— ئەي زىلەيخا ! سەن ھازىرمۇ ئىشقتىن سۆز ئاچىسەن ! بۇ سۆزلەر ئەمدى سېنىڭ شەنىڭگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، —

دەپ كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى، كۆڭلى غەش هالدا شە-
هەر ئەتراپى، چۆل ـ باياۋاننى كېزىپ ئاندىن ئوردىسىغا ياندى.
زىلەيخانىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەر:
ــــ ئەي زىلەيخا ! يۇسۇپ ساڭا ئازراقمۇ نەزەرىنى سالمى-
دى، بەلكى غەزەپلىنىپ كەتتى، ــــ دەپ ئېيتىشتى. زىلەيخا
كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا كېلىپ، يۇسۇپنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىنى
كۆزىگە سۈرتتى، قايتىپ كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

ئىشقى دەردىگە ئۇلاشقان يارۇهەمدەم مەندە يوق،
ئەرزى هالىمنى ئېيتسام، سىرى مەهرەم مەندە يوق.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام ئالەمگە ئايان بولغۇدەك،
دەرد ـ ئەلەم بىرلە يىقىلسام، دەردىمگە دەرمان مەندە يوق.

ئىشقى دەردى بىر بالا ئىكەن، مېنى قىلدى خاراب،
مەن ئۆلەر هالەتكە يەتتىم، ئەسلىي ئىمكان مەندە يوق.

هېچ ئىجابەت بولمىدى قىلغان مۇناجاتىم مېنىڭ،
خۇن جىگەر بىرلە تۇرۇپ ئالغان تاهارەت مەندە يوق.

بېرىپ سورىدىم تېۋىپلەردىن بۇ دەردىمگە داۋا بارمۇ؟ !...
تېۋىپ ئېيتۇركى: «ئەي نادان، ئۇنىڭ داۋاسى مەندە يوق !»

ئەي زىلەيخا، ئەسلىي دەردىڭنىڭ داۋاسى يوق ئىكەن،
دەردىگە دەرمان تىلەيدۇ، بەندىنىڭ ئىمكانى يوق.

زىلەيخا ئۇ يەردىن قايتىپ بېرىپ بۇتخانىسىغا كىردى، بۇت-



لىرىغا باش قويۇپ تۇ-
رۇپ:
« ئەي ئاتا - بوۋى-
لىرىمدىن قالغان بۇت-
لىرىم، مېنىڭ بېشىمغا
مۇشكۇل بىر ئىش
چۈشتى. سەن ماڭا مەدەت
قىلىپ مېنىڭ ھالىمغا
يەت. زادى يۇسۇپ ماڭا
مېھرىبانلىق ئىزھار
قىلامدۇ، يوق؟ بىر خە-
ۋەر بەرگىن ! » دەپ
يىغلىدى.

ئۇنىڭ بۇتلىرىدىن
ھېچقانداق سادا چىقمى-
دى. زىلەيخانىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

« بۇ دۇنيادا ھالىمغا يېتىپ مەقسەت - مۇرادىمغا يەتكۈز-
مەيسەنۇ، ئۇ دۇنيادا ماڭا قانداق يار - يۆلەكتە بولالايسەن؟ !» دەپ
بۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردى.

بۇتقا سېغىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ توۋا قىلى-
دى، كېيىن ئۇ يۇسۇپكە ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت
ناماز ئوقۇدى. دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

« ئەي ياراتقۇچى تەڭرى، مەنمۇ سېنى بىر ۋە بار بىلدىم!
ياقۇپنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپنى سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ دەپ
بىلدىم. سەنمۇ مېنىڭ دەردىمگە يېتىپ، ماڭا رەھىم قىلغاي-
سەن !... گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن ! » دەپ يىغلاپ تۇرۇپ
بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندا، نۇرۇڭ بىلەن كۆڭلۈمنى رەۋشىنا ئەيلە،
جامالىڭغا يېتىشكۈنچە يۇسۇپنى ئاشىنا ئەيلە.
نەچچە يىلدىن خاتا قىلدىم، بۇ جانىمغا جاپا قىلدىم،
ئۆزۈمنى مۇپتىلا قىلدىم، ماڭا نۇردىن جىلا ئەيلە.

مۇرادىم يۇسۇپۇم سىدىق، پىراقى ئوتىغا لايىق،
ئىشەنسۇن، بىلسۇن ئۇ تەھقىق، غايىبتىن نىدا ئەيلە.
زىلەيخاغا ئىنايەت قىل، توغرا دىن ھىدايەت قىل !
دۇئاسىنى ئىجابەت قىل، بۇ دەردىمگە داۋا ئەيلە.

زىلەيخا زار - زار يىغلاپ ئۆيدە ئولتۇردى. يۇسۇپ سەھرادىن سەيلە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، تەڭرىدىن جەبرائىلغا:

«بارغىن، يۇسۇپكە ئېيتقىن، زىلەيخانىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن ! ھەرقانداق سۆزى بولسا قوبۇل قىلسۇن. ئۇنى ئۆزىنىڭ جامالى بىلەن مەمنۇن قىلسۇن. باشقا تەلەپلىرى بولسىمۇ ھەل قىلسۇن !» دېگەن پەرمان يېتىپ كەلدى.

جەبرائىل بۇ پەرماننى يۇسۇپكە يەتكۈزدى. يۇسۇپ تەڭرىنىڭ پەرماننى ئاڭلاپ دەرھال زىلەيخانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا پىيادە كىردى.

زىلەيخانىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— زىلەيخا، يۇسۇپ سىنىڭ قېشىڭغا پىيادە كىرىۋاتىدۇ ! — دەپ خەۋەر قىلىشتى. زىلەيخا ئۇلارغا:

— سىلەر مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىلەر! — دەپ يىغلىدى. ئۇلار:

— يالغان ئەمەس، تەييارلان ! — دېدى.

شۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ خۇش ھىدى زىلەيخانىڭ دىمىغىغا

كىردى. زىلەيخا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆزىنى تۈزىدى. يۈسۈپ زىلەيخانىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي زىلەيخا، ئەھۋالىڭ قانداق؟ سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار، مەن ھەل قىلاي؟ ! — دەپ سورىدى.

زىلەيخا يىغلاپ تۇرۇپ:

— سەن تېخى ئەمدى مېنىڭ ھالىمنى سوراۋاتىسەن ! ئەي يۈسۈپ، مەن سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيۈۋاتقان ئادەممەن. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، قولۇڭدا ھەرقانداق نەرسە بولسا ئۇنى ماڭا بەر ! شۇ ئارقىلىق مەندىكى بىر كۆيۈك ئوتىنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرگىن ! — دېدى.

يۈسۈپنىڭ قولىدا ئالتۇن دەستىلىك قامچا بار ئىدى. ئۇ شۇنى ئۇزاتتى. زىلەيخا قامچىنى چىشلەپ تۇرۇپ قاتتىق بىر «ئۇھ !» دېدى.

ئىشق ئوتى قامچا ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ بەدىنىگە تۇتاشتى. يۈسۈپ قامچىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ مەھرەملىرىگە:

— زىلەيخانى كاجىۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ دەرھال سارايغا ئاپىرىڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى.

يۈسۈپ ئوردىسىغا قايتتى. لېكىن ئۇ، ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىدى، دەرھال زىلەيخانىڭ قېشىغا كىرىپ:

— زىلەيخا، ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا ماڭا ئېيت ! قانداق مەقسىتىڭ بولسا تارتىنماي سۆزلە ! مەن ھەل قىلاي ! — دېدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۈسۈپ، مۇبادا مەن ھاجىتىمنى ئېيتسام، سەن ئۇنى قوبۇل كۆرۈپ راۋا قىلمىساڭ، ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ ! — دەپ يىغلىدى. يۈسۈپ:

— زىلەيخا، تارتىنما، نېمە ھاجىتىڭ بولسا شۇنى دە ! — دېدى.

زىلەيخا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:
قانچە يىلدۇر ئىشقى ئوتىدا كۆيمىشىم،
مۇرادىمنى خۇدا راۋا ئەيلىسۇن.
دەردى ـ پىراق مېھنەتلىرىن چەكمىشىم،
ھاجىتىمنى خۇدا راۋا ئەيلىسۇن.

ئەرزىم ساڭا، تېنىم بولسا گۈلچىمەن،
خىزمىتىمدە ياخشى ـ يامان ئەنجۇمەن،
كۆزلىرىمنى ھەق ئەيلىسە ھەم روشەن،
ئاۋۋالقىدىن شانىم ئەتىۋار بولسۇن.

يېشىم ئون تۆت ياكى ئون ئۈچكە كەلسۇن،
تىلىمدا ھەق زىكرى — كالامى بولسۇن،
مەقسىتىم — يۇسۇپۇم ماڭا ئەر بولسۇن،
بۇ دۇنيا شارابىن ھەم تېتىپ كۆرسۇن.

ئۆمرىم ئۆتتى خىزمىتىڭدە، يۇسۇپجان،
ئەزىز جاننى يولۇڭغا ئەيلىسەم قۇربان،
نەچچە يىل ئىشقىڭدا بولدۇم سەرگەردان،
قوشۇلماقنى خۇدا نېسىپ ئەيلىسۇن.

زىلەيخا سىرىنى ئىزھار ئەيلىدى،
نەچچە يىللار ئارزۇ دىدار ئەيلىدى،
ئەزىز جاننى ساڭا نىسار ئەيلىدى،
ئارمان يوقتۇر، ھەق مۇيەسسەر ئەيلىسۇن.

زىلەيخا نەزمىنى تۈگەتتى. يۇسۇپ:

— ئەي زىلەيخا، تاھارەت ئالغىن! ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىن! نامازدىن كېيىن سەن تەڭرىدىن مۇراد - مەقسىتىڭنى تىلە. مەن دۇئا قىلاي، شۇ يول بىلەن مۇراد - مەقسىتىڭ ھەل بولسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

زىلەيخا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى. ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. يۈسۈپمۇ «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، تەڭرىگە سېغىنىپ زىلەيخانىڭ تىلىكىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى ياراتقۇچىدىن سورىدى.

ئىككىسىنىڭ دۇئا - تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، زىلەيخا ئون تۆت ياشلىق ۋاقتىدىكىدەك ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ روشەن بولدى. يۈسۈپ زىلەيخانى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ بىتاقەت ۋە بىئارام بولدى. زىلەيخانىڭ ئىشق - مۇھەببىتى غالىب كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. كېلىپ زىلەيخانىڭ بويىنىغا قولىنى سالدى.



زىلەيخا:

— ئەي يۈسۈپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ! مەندىن يىراقلاپ تۇر ! ئۆزۈڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ جېنىمغا جاپا سالما ! — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەقىقەت ئەزەلى، بىزنىڭ ئىشقىمىز مەجازىدۇر،
داۋانى تاپتى دەردىمىز، مۇيەسسەر بولدى گۈلئۇزارىمىز.

يېتىشتى ھەققە دادىمىز، بەردى بىزنىڭ مۇرادىمىز،
بۇ ئىدى كۆڭۈل شادىمىز، نۇر سالدى با ئىختىيار.

خۇدايىم يەتتى زارىمە، جەننەتنى ئەلا جايىمە،
يوق ئىدى ھېچ قارارىمە، يۇسۇپنى كۆردۇم بىقارار.

ئاشىق ئىدىم جامالىغا، لېۋى شېكەر زۇلالىغا،
غۇنچە يۈزلۈك كامالىغا، ھەمىشە ئىدىم ئىنتىزار.

زىلەيخا بىلدى ھالىنى، كۆردى نۇرى جامالىنى،
يەنە يارنىڭ جاپاسىنى، يۇسۇپنى قىلماس ئىختىيار.

زىلەيخا بۇ شېئىرنى تۈگىتىپ بولۇپ، نازۇكەرەشمە بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

يۇسۇپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ زىلەيخاغا ئەرزى ھالىنى بايان قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۇتاشتى ئوتلار جانىمە،
زىلەيخاجان، جىگى - جىگى.

كۆيدى تەندە جانىمە،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

ھىجرى ئەمەس بالا ئىكەن،
مۇھەببەت دەردى ئاھ ئىكەن،
قاراشلىرىڭ پاناھ ئىكەن،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

ئال بۇ دۇنيا خىراجىنى !
بەر ماڭا ھۆسنۈڭ باجىنى،
تەقدىم قىلاي تەخت ـ تاجىنى،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

كۆيدۇرمە ئەزىز جانىمنى،
ئاشۇرمىغىن پىغانىمنى،
سەنمۇ ئاڭلا بۇ ئاھىمنى،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

قالدى يۇسۇپ سازايىغا،
ئىشق ئوتىنىڭ بالايىغا،
رەھىم ئەيلىگىن گادايىغا،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

يۇسۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆز ئىشقىنى زىلەيخاغا ئىزھار قىلدى. زىلەيخا قۇلاق سالمىدى. يۇسۇپ ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ، خالىي بىر ئۆيگە كىردى، باغرىنى يەرگە يې-قىپ ياتتى، ھېچكىمگە سۆز قىلمىدى، ھېچكىمنىڭ ئەرزىنى-

مۇ ئاڭلىمىدى. دۆلەت ئىشىنىمۇ تاشلىدى. قاتتىق «ئاھ !...» تارتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

داۋا يوقتۇر ئىشق ئوتىغا، بەلكى جانىم كۆيىدۇ،
تازا بېغىم، گۈلئۇزارىم، نەۋباھارىم كۆيىدۇ.

سەن قوبۇل ئەتمەسمۇسەن ئاھۇپىغانىمنى كۆرۈپ،
ئەمدى تۇرماي نە قىلاي، سەۋرى قارارىم كۆيىدۇ.

بۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرگەن ھېچ كىشى رەھىم ئەيلىمەس،
ياتقىنىم بىر خالىي ئۆيدۇر، تەندە جانىم كۆيىدۇ.

بۇ زىلەيخا قىرىق يىل چەكتى جاپايۇجەبىرىنى،
مەندە يوق سەۋرى قارار، نومۇسۇئارىم كۆيىدۇ.

ئەي خۇدايا، سالما يۇسۇپ كۆڭلىگە ھىجران دېغى،
زەررە تاقەت مەندە يوقتۇر، ئىچى ـ تاشىم كۆيىدۇ.

يۇسۇپ زىلەيخانىڭ ئىشقىدا: «ئاھ ـ ۋاھ...» بىلەن تولغىنىپ قىرىق كۈننى ئۆتكۈزدى. زىلەيخانىڭ قىرىق يىل تارتقان ئىشقى ـ دەردى، جاپاسىنى يۇسۇپ قىرىق كۈن تارتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. جەبرائىل كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، زىلەيخا سېنىڭ، ھەقتائالا ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئەزەلدە بىر قىلغان. سەن ئەل ئارىسىغا چىق. خەلققە توي ـ تاماشا قىلىپ بەر. مىسىرنىڭ ھازىرقى قائىدىسى بويىچە نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇت ! — دېدى.

يۇسۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى. دەرھال ئوردىغا چىقتى. مالىك رېھان بىلەن سۆزلەشتى. يۇسۇپ ئۇنىڭ

پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى زىلەيخاغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مالىك رىھان زىلەيخاغا يۇسۇپنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. زىلەيخا يۇسۇپنى جان ـ دىلى بىلەن ئەرلىككە قوبۇل قىلدى.

يۇسۇپ توي تەييارلىقىنى قىلدى. زىلەيخا ئۈچۈن بىر ساراي قىلدۇردى. بۇ ئىمارەتكە: «بەيتۇل ئىبادەت» (ئىبادەت ئۆيى) دەپ ئىسىم قويدى. مىسىر شەھىرىنى زىننەتلەپ، ئەلگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بەردى، نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇلۇپ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق قوشۇلدى.

تويدىن كېيىن يۇسۇپ خۇشال ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەخۇش كۈندۈر، مۇساھىبلەر، كىشى جانانىغا يەتسە،
چېكىپ جەبرۇجاپالارنى، كۆزى مەستانىگە يەتسە.

چېكىپ رەنجۇمۇشەققەتلەر، ئىشق يولىدا ئەپغانلار،
كۆرۈپ يۈزمىڭ مالامەتلەر، كۆڭۈل ئارامىغا يەتسە.

پەلەك ئۇرسا ئاڭا شەبخۇن[1] يىقىلسا بېشىغا گەردۇن[2]،
كۆرۈپ يۈز دەردۇغەم ئەفزۇن[3]، يەنە دەرمانىغا يەتسە.

دىلۇجانى خاراب بولسا، كۆيۈپ باغرى كاۋاپ بولسا،
يەنە ھەر كۈن ئازاب بولسا، نە ئارمان يارىغا يەتسە.

يۇسۇپ رەنا، قەددى زىبا، ئاھۇكۆزدۇر زىلەيخا،
بولۇپ بۇلبۇل گۈلى شەيدا،غۇنچە خەندانىغا يەتسە.

① شەبخۇن — تۇيۇقسىز كېچىلىك قانلىق ھۇجۇم.
② گەردۇن — ئاسمان گۈمبىزى.
③ ئەفزۇن — كۆپ، چەكسىز.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى يۇسۇپنىڭ ئاتىسى ياقۇپتىن ئاڭلايلى:

يۇسۇپنىڭ شان - شۆھرىتى ئالەمگە تارقالدى. رۇم، شام، كەنئاندىن كىشىلەر كېلىپ مىسىرنى ۋە ئۇنىڭ شاھى — يۇسۇپنى كۆرۈپ كېتىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. شۇ كۈنلەردە شام بىلەن كەنئاندا قەھەتچىلىك پەيدا بولغاندى. بۇ يەردىن كەلگەنلەرمۇ كەنئانغا قايتىپ بارغاندا مىسىر شاھى يۇسۇپنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەشتى. بۇ سۆز ياقۇپقا ئاڭلاندى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، ئاڭلىشىمچە، ھازىر مىسىر مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ ئالدىغا بارغان ھەرقانداق كىشىگە مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. سىلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزسەڭلار! — دېدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— بىزدە ئۇ پادىشاھقا لايىق تارتۇق قىلغۇدەك بىرەر نەرسە يوق. قۇرۇق قول بىلەن قانداق بارىمىز؟! — دېدى.

ياقۇپ:

— نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ بېرىڭلار! قوبۇل قىلسا ياخشى، قوبۇل قىلمىسا تېخى ياخشى. ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ نامىنى، ئەسلىي زاتىڭلارنى ئۇنىڭغا بايان قىلىڭلار! شۇلارنىڭ يۈزىدىن سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا ئەجەب ئەمەس! — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. ئۇلار ئازغىنا يۇڭ ۋە بىر دانە يۇڭ پالاسنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ راۋان بولدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى ئۇزىتىۋېتىپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغۇللىرىم، سىلەر يولغا چىق-

تىڭلار، پادىشاھى مىسىرنىڭ ئالدىغا كىرگەندە قىلىشقا تېـ-
گىشلىك ئەدەپ ـ قائىدە، رەسىم ـ يوسۇننى ئوبدان ئادا قىـ-
لىڭلار. «ئولتۇر!» دەپ جاي كۆرسەتمىگۈچە ئولتۇرماڭلار!
گەپ سورىمىسا گەپ قىلماڭلار! ئامال قىلالىساڭلار يۇسۇپۇم-
نىڭ خەۋىرى، بار ـ يوقلۇقىنى سوراڭلار! چۈنكى ئۇ ھەممە
ئىشتىن خەۋەردار پادىشاھ ئىمىش. مېنىڭ ياخشى تىلەك ۋە
دۇئالىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈڭلار! مەن يەنە سىلەرگە بىر نا-
مە يېزىپ بېرەي، ئۇنىمۇ شۇ پادىشاھقا بېرىڭلار! — دەپ
تۆۋەندىكى نەزم مەزمۇندا خەت يازدى:

مىسىر شاھى، ئۇ مېنىڭ يىتكەن قوزامدىن بەر خەۋەر،
ئېتى يۇسۇپ، سەرۋى قەد، كۆزۈر كۆزۈمدىن بەر خەۋەر.

قىرىق يىلدۇر، ئەي شاھىم، ئوغلۇم پىراقىن چېكمەن،
يۈزلىرى ئاپتاپ يەڭلىغ ئاي يۈزۈمدىن بەر خەۋەر.



كور بولۇپتۇر يىغلىبان دەردى ـ پىراقىدا كۆزۈم،
سۇبھى ـ شام بولدى قاراڭغۇ كۈندۈزۈمدىن بەر خەۋەر.

تاقىتىم يوق، ھەسرىتىم چەكسىز، بولۇپتۇر ۋاي ـ ۋاي،
خۇددى نۇرلۇق زۆھرە يەڭلىغ يۇلتۇزۇمدىن بەر خەۋەر.

ياقۇپنىڭ زىكرى ـ ساناسى، سۇبھى ـ شام ئاھى، يۇسۇپ،
راھىتى جانىم مېنىڭ، شېرىن سۆزۈمدىن بەر خەۋەر.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا بۇ خەتنىمۇ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى. ئۇلار يولغا چىقتى. مەنزىللەرنى بېسىپ، بىرنەچچە كۈندە مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

يۇسۇپ مىسىرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى يول ئېغىزلىرىغا قاراۋۇللارنى قويغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ يۇرتى ۋە ئىسمى، كەسپىنى دەپتەرگە يېزىپ ئاندىن ئۇلارغا مىسىرغا كىرىشكە يول بېرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ قاراۋۇللارنىڭ بىرىگە ئۇچرىدى. ئۇ بۇلارنىڭ كەلگەن يېرىنى، مەقسىتى مىسىرغا كىرىش ئىكەنلىكىنى، شاھنىڭ ئۇلارغا رۇخسەت بېرىش ـ بەرمەسلىكىنى سوراپ خەت ئەۋەتتى. خەتتە: «كەنئان تەرەپتىن كەلدۇق، دەيدۇ. بىر توپ كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى رۇستىمى داستاندەك ھەيۋەتلىك» دېيىلگەنىدى.

يۇسۇپ خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى. يۇسۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە: « بۇلار شۇنچە ھەيۋەتلىك بولغان كىمكىنا؟ !» دېدى. شۇ چاغدا جەبرائىل كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، بۇلارئۆز ۋاقتىدا سېنى «قۇل» دەپ ساتقان ئاكىلىرىڭ. ئەمدى سەن بۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ! —

دەپ غايىب بولدى.

يۇسۇپ يىنىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئۇلار ماڭا ئۆز ۋاقتىدا بىلمەستىن جاپا قىلغان. ئەمدى مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن ! — دېدى.

شۇ يەردە ئولتۇرغان ۋەزىرلەر ۋە باشقىلار يۇسۇپتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەم خۇش، ھەم ھەيران بولۇشتى. يۇسۇپ شۇ يەردە بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ۋەزىرلىرىم، بىلىڭلار، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى،
چۆل كېزىپ، شەھرى كەنئاندىن مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.

شىكار دەپ ئالداپ ئېلىپ بارغان، جاپا تىغىن جانغا ئۇرغان،
يالۋۇرسام يۈزۈمگە ئۇرغان زالىم ئاكىلىرىم كەلدى.

ياتقۇزۇپ قولۇم باغلىدى، كۆڭلەكنى قانغا بۇلغىدى،
زۇلۇم قىلىپ چاھقا سالغان ئاشۇ ئاكىلىرىم كەلدى.

مالىك دىغۇرغا مېنى سېتىپ، «بۆرە يېدى» دەپ گەپ ئېيتىپ،
ئاكىلىق ھەققىن ئۇنتۇغان، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.

يۇسۇپ تۆكەر كۆزدىن ياشىن، ۋەزىرلەر كۆرۈڭ تەقدىر ئىشىن،
پەلەكنىڭ ئايلاندۇردى باشىن، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.

يۇسۇپ ۋەزىرلىرىنى بۇيرۇدى:

— ئاكىلىرىمنى بۇ يەرگە ئەكىرىڭلار ! — دېدى. ۋەزىر-لەر قاراۋۇلخانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئور-دىغا كەلدى. يۇسۇپ يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىق ئاكى-لىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنى تونۇدى. ئۇلارنى شاھ سارايلىرىدىن

بىرىگە چۈشۈردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئوبدان مېھمان بولۇشتى. بىر كۈنى يۈسۈپ ئاكىلىرىنى ئۆز ئالدىغا چاقىردى. ئون ئاكىسى يېتىپ كېلىپ پەگاھدا تۇرۇپ يۈسۈپكە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى، كېيىن ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھقا قارىدى.

جاھان تەختىگە لايىق بىر پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ يۈزىگە نىقاب تارتىلغان، پەردە ئىچىدىن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ئەتراپقا جىلۋە قىلىپ تارقىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرنەچچە خان، سۇلتان، چەپ يېنىدا ئۆلىمالار، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، يەتتە يۈز بەگزادە، تۆت ئەتراپىدا باشقا ئەمىرلەر، سەركەردىلەر ئولتۇرغان. بۇلارنى كۆرۈپ يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ قىلغان جەبىر - جاپاسىنى يادىغا ئېلىپ يىلاندەك تولغاندى، قېرىنداشلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغلىدى. يۈسۈپ تەسلىكتە ئۆزىنى توختىتىپ، كەنئان شىۋىسىدە ئۇلاردىن:

— ئەي سودىگەرلەر، سىلەر قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى، قايسى ئاشىياندىن ئۇچتۇڭلار؟ قايسى گۈلزارلىققا چۈشىسىلەر؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار تەشۋىشتە:

— ئەي شاھى جاھان پەرۋەر، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ھەم دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن ! بىز بىر خۇداغا بەندە، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق پەيغەمبەرگە نەۋرە، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى ھەم ئوغلى بىز، ئەسلىي يۇرتىمىز شام. ھازىر كەنئان ۋىلايىتىدە تۇرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يۇسۇپ:

— ياقۇپنىڭ نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىزى بار؟ ئۇ ئۆزى قانداق كىشى؟ ! — دەپ سورىدى. شۇ چاغدا يۇسۇپنى يىغا تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاران توختاتتى.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى:

— ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى، ھازىر ئون بىر ئوغلى قالدى. يۇسۇپ ئاتلىق بىر ئوغلىنى بۆرە يېدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمىن ئاتىمىزغا قاراپ قالدى. بىز بۇ يەرگە ئون ئوغۇل كەلدۇق. ھازىر كەنئاندا قەھەتچىلىك بار، بىز ئاشلىققا كەلدۇق ! — دېدى.

بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن تۆگە ئەكەلگەنىدى. يۇسۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇغداي يۈكلىتىپ بەردى. ئاتىسى ياقۇپ-قا ئاتاپ ئىككى تۆگىگە، ئىنىسى ئىبنى يەمىنگىمۇ ئىككى تۆگىگە بۇغداي ئارتىپ تۆگىلىرى بىلەن بەردى. يۇسۇپ بۇلار-نى يولغا سېلىۋېتىپ:

— بۇ نۆۋەت كەلسەڭلار، ئاتاڭلارنىڭ قېشىدىكى ئى-



نىڭلارنىمۇ بىللە ئەكېلىڭلار ! توّگە، ئات ـ ئۇلاغنى جىقراق ئەكېلىڭلار، مەن ئاتاڭلارغا كۆپرەك بۇغداي بېرەي ! — دېدى.

ئۇلار يولغا چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ، يەھۇدا:

— ئۇكىلىرىم، مەن مۇشۇ پادىشاھنى «يۇسۇپمىكىن » دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى.

باشقىلىرى:

— نەدىكى قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن، يەھۇدا. ئۇ تىرىك بولسا ئاللىقاچان ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىلەتتۇق. ماقۇل، تىرىكمۇ دەيلى، ئۇنىڭغا بۇنداق شانۇشەۋكەت، تاجۇدۆلەت نەدە تۇرۇپتۇ؟ ! — دېيىشتى.

يەنە بەزىلىرى:

— ئەگەر ئۇ تىرىك بولۇپ مۇشۇنداق پادىشاھ بولسا، بىزدىن ئىنتىقامىنى ئېلىپ ئەدىپىمىزنى بېرەتتى. بىز ئۇنىڭغا ئاز ئازار ۋە ئازاب بەردۇقمۇ؟ ئۇنى ئاخىردا «قۇل» قىلىپ پۇچەك يارماققا ساتتۇقمۇ؟ ! ۋەھالەنكى، ئۇ بىزگە پۇلسىز كۆپ بۇغداي بەردى، دادىمىز، ئۇكىمىز ئۇچۇن ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە بۇغداي ئارتىپ بەردى، — دېدى.

يەنە بەزىلىرى:

— يەھۇدا توغرا ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ يۇسۇپ بولمىسا، ئىبنى يەمىننى نەدىن بىلىدۇ؟ ! — دېيىشتى.

باشقىلار:

— ئۇنىڭغا بىز ئىبنى يەمىننى ئۆزىمىز تونۇشتۇردۇقمۇ؟ ! — دېيىشتى.

ئۇلار شۇنداق تالاش ـ تارتىش بىلەن ئاخىر كەنئانغا يېتىپ باردى. ياقۇپقا ئىككى تۆگىدىكى بۇغدايىنى:

— بۇنى سىزگە مىسىر شاھى ئىنئام قىلىپ بەردى، — دەپ چۈشەندۈردى ۋە چۈشۈرۈپ بەردى. ئىبنى يەمىننىڭ بۇغ-

ـدىيـنى ئۇلار ئۆزلـىرى چۈشـۈرۈپ بولۇشـۇۋالـدى. ئـۇلار يـەنـە يۈسۈپنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئاتىسىغا بەردى. خەتتە تۆۋەندىكى نەزمە بار ئىدى:

ياقۇپ نەبى، تەۋەككۇل قىل خۇداغا،
سەۋر قىلغىن، كۆرەر كۆزۈڭ ئاماندۇر.
ئاشىقلارنىڭ ئىشىدۇر سەۋر قىلماق بالاغا،
سەۋر قىلغىن، يۈسۈپ قوزاڭ ئاماندۇر.

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەرلەر،
ھەسرەت ـ پىراق يۇرىكىدىن ئۆتەرلەر،
جاپا ـ مېھنەت ئاشىقلارغا يېتەرلەر،
سەۋر قىلغىن، كۆڭۈل چۈشۈڭ ئاماندۇر.

يۈسۈپ دەرلەر: كۆرەر كۆزۈڭ روشىنى،
تازا بولۇر گۇل ئېچىلسا گۈلشىنى،
جىلۋىلىنەر جامالىڭنىڭ روشىنى،
كۆڭلۈڭ خۇشى، دىلىڭ خۇشى ئاماندۇر.

غەم قىلمىغىن، يۈسۈپ ئامان بار ئىمىش،
ئاتىسىنىڭ جامالىغا زار ئىمىش،
قايغۇڭ بىلەن غېمىڭ ھەردەم يار ئىمىش،
قوش يۇلتۇزۇڭ يۈسۈپ ـ رەنا ئاماندۇر.

ئاڭلا مىسىر شاھىنىڭ شۇكۇر ـ ساناسىن،
ھېچكىمدىن دەرىخ تۇتماس ئۇ، ۋاپاسىن،
ئەپۇ ئەيلە، ئوغلۇڭ يۈسۈپ گۇناھىن،
غەم يېمىگىن، يۈسۈپ قوزاڭ ئاماندۇر.

ياقۇپ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ مۇتالىئە قىلدى. ئۇ خەت-تىن ياقۇپنىڭ دىمىغىغا بىر خىل خۇش پۇراق يېتىپ كەل-دى. ئۇ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مىسىر پادىشاھى: «بۇ نۆۋەت كەلسەڭلار، كىچىك ئۇكاڭلار ئىبنى يەمىنىنىمۇ ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە ئە-كېلىڭلار!» دېدى. ئۇ ئاجايىپ بىر پادىشاھ ئىكەن، توققۇز قەۋەت پەردە ئىچىدە ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى قۇ-ياش نۇرىدەك بەرق ئۇرۇپ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇ پادىشاھ بىزنىڭ ئېلىپ بارغان سوۋغىلىرىمىزنىمۇ ئۆزىمىزگە ياندۇرۇپ بەردى، — دەپ تەرىپ قىلىشتى.

ياقۇپ:

— بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرغىنى، بىزنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلغىنى، — دەپ چۈشەندۇردى.

ھەممىلىرى كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشتى.

ياقۇپ بۇ نۆۋەت يەنە مىسىرغا ماڭغان ئوغۇللىرىغا ئىبنى يەمىنىنى قوشۇپ بەردى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، ياقۇپ ئوغۇللىرىغا:

— باللىرىم، ئوغلانلىرىم، كۆزۈمنىڭ روشىنى ئىبنى يەمىنىنى سىلەرگە قوشۇپ بەردىم. ئۇنىمۇ يۇسۇپتەك يوق قى-لىپ كەلمەڭلار! بۇ نۆۋەت مەن سىلەرگە ئىشەندىم. بىراق ئىشەنچىمنى ئاقلىمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم قارغايمەن. بې-رىڭلار، ھەممىڭلارنى خۇداغا تاپشۇردۇم. مىسىر پادىشاھىغا مەندىن ئالاھىدە سالام دەڭلار! ئۇ بۇ نۆۋەت ئوغلۇم يۇسۇپ ھەققىدە ئېنىق بىرەر خەۋەر بەرسۇن. مەن ئۇنىڭ نامەسىدىن ياخشىلىقنىڭ ھىدىنى سەزدىم، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بوۋام ئىبراھىمدۇر، ئاتىمىز ئىسھاق،
قىرىق يىلدۇر ئۇغا ماڭا نۇش[1] بولدى.
تا ئۆلگۈچە بۇندا تارتارمەن پىراق،
يۈرىكىمدە جەبىر - جاپا دۇش[2] بولدى.

پىراقلىقنىڭ دەردى بىسيار ياماندۇر،
كىمەرسە پىراق ئوتىدا كۆيسە مەرد بولۇر،
دائىما چەككىنىم ئاھۇدەرد بولۇر،
ھەمىشە ماڭا پىراق ئوتى ئىش بولدى.

مەن بىلۇرمەن، پەرزەنت دېغى ياماندۇر،
جۇدالىقتىن بېشىم ئۇزرە تۇماندۇر،
كۆرمىدىم يۇسۇپنى، ئاخىر زاماندۇر،
خۇدانىڭ تەقدىرىدىن شۇنداق ئىش بولدى.

ھېچ بىلمىدىم، بەختىم قارا بولدىمۇ؟
دوستلار يىغلاپ، دۇشمەنلىرىم كۈلدىمۇ؟
يۇسۇپۇمنى كۆرەر ۋاقتىم بولدىمۇ؟
يىغلىغىنىم خالايىققا پاش بولدى.

مىسىر شاھى، سۆزۈڭ شېكەر - بالمىدۇر؟
يۇسۇپنى بار دېگىنىڭ ھەق - راستىمدۇر؟
يۇسۇپتىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمىدۇر؟
ياقۇپ كۆرۈپ ئول نامەنى خۇش بولدى.

① نۇش — ئىچىملىك، ئۇسسۇلۇق.
② دۇش — يۇك؛ يۇك كۆتۈرمەك، كۆتۈرۈپ يۈرمەك؛ قىيىن، ئېغىر، مۇشكۇل.

ياقۇپ بالىلىرىنىڭ قولىغا: «ئەي پادىشاھى جاھان پەر-ۋەر، ئەزىزى مىسىرى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ نامەنى يېزىپ بەردىم. ئوغلۇم يۇسۇپتىن خەۋەر بېرەرسىز. مېنىڭ ئوغۇللىرىمغا يەنىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىڭ. ئوغلۇم ئىبنى يەمىننى تەلىپىڭىز-گە بىنائەن ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتتىم. يۇسۇپتىن ئايرىلغاندىن بېرى ئىبنى يەمىن ماڭا ئۈلپەت ئىدى. ئۇنى سىز مېنىڭدىن ئايرىماڭ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىڭ !» دەپ خەت يېزىپ بەردى.

ئۇلار يولغا چىقتى. ئۇلار ماڭىدىغان ۋاقىتتا، ياقۇپ:

— سىلەر مىسىرغا بارغاندا، بىر ئاندىن بولغان ئىككى ئوغۇل بىر دەرۋازىدىن كىرىڭلار ! — دەپ تاپىلىدى.

ئۇلار مەنزىللەرنى بېسىپ مىسىرغا كەلدى. قاراۋۇللارغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئىككىسى بىر بولۇپ، بىردىن دەرۋازىدىن مىسىرغا قەدەم قويدى. ئىبنى يەمىن كۆرۈپ باق-مىغان بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاكىسى يۇسۇپنى ئەسلەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ماڭا قىلار ئىدى جېنىنى قۇربان،
خىرامان يۇسۇپۇم بىللە بولسا.
قىلاتتى خىزمەتتە ئۇ ماڭا جەۋلان،
نە ئارمان يۇسۇپۇم بىللە بولسا.

بىلەلمەيمەن قايان بارغۇم،
غېرىبۇناتىۋان بولدۇم.

بۇ يەرلەرنى كىمدىن سورىدىم،
قېنى يۇسۇپۇم بىللە بولسا.

يولنى كىمدىن سوراپ بىلەي،
قەيەرلەرنى ماكان ئەيلەي.
دىل جانىمنى داغ ئەيلەي،
گۈلىستان يۇسۇپۇم بىللە بولسا.

قېلىپ تەنها خاراب بولدۇم،
جۇدالىقتىن كاۋاپ بولدۇم.
«ئاكام !» دەپ ئىزتىراپ بولدۇم،
بۇ يەردە يۇسۇپۇم بىللە بولسا.

ئىبنى يەمىن قېلىپ تەنها،
چۈشۈپتۇر بېشىمە سەۋدا.
خۇدايا، قويمىغىن غەمدە،
نە ئارمان يۇسۇپۇم بىللە بولسا.

ئىبنى يەمىن يىغلىدى. جەبرائىل يۇسۇپنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، ئىبنى يەمىننىڭ ئالدىغا چىق. ئۇ مىسىرنىڭ كەنئان تەرەپتىكى دەرۋازىسىدا كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى دەرۋازىدىن بىللە ئەكىر ! — دېدى.

يۇسۇپ دەرهال يولۇچى قىياپىتىگە كىرىپ ئىبنى يەمىننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىبنى يەمىن قايانغا بېرىشنى، دەرۋازىدىن قانداق كىرىشنى بىلمەي تۇراتتى. ئىبنى يەمىننى كۆرۈپ يۇسۇپنىڭ كۆزىدىن ياش كەتتى، لېكىن بىلدۈرمەي، تۆگىنى مىنىپ كېلىپ سالام قىلدى. ئىبنى يەمىن ئىلىك ئالدى،

قاراپ ھەيران قالدى. يۈزىدە نىقاب بار بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا يېقىملىق ئاڭلاندى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىندىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ ! نەگە بارىسەن، كىمنىڭ ئەۋلادىسەن؟ ! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— بىر خۇداغا بەندە، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ كىچىك ئوغلىمەن، ئىسمىم ئىبنى يەمىن، يۇرتۇم كەنئان. كەنئاندىن كېلىۋاتىمەن ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ:

— ياقۇپنىڭ نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىزى بار؟ ! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى.



هازىر ئون بىر ئوغلى بار. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كەلدى. ھەربىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككىسى بىر دەرۋازىدىن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. مەن يالغۇز قالدىم. ئۇلار بۇرۇن بۇ شەھەرگە كەلگەن، مەن كەلمىگەن، ھېچكىمنى تونۇمايمەن، نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. مەرھەمەت قىلىپ سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مېنى مىسىر شاھىنىڭ ئىشىكىگە يەتكۈزۈپ قويسىڭىز! — دېدى.

ئىبنى يەمىن يۈسۈپنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە بىر ياخشىلىق-نىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ يەنە:

— ئەي يىگىت، سىزنىڭ مۇبارەك جامالىڭىزنى مەن بىر كۆرسەم، جېنىمغا ئارام بولاتتى. مەن بىلەن بىر ئانىدىن تۇ-غۇلغان يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئاكام بار ئىدى. ئۇنى ئاكىلى-رىم كىچىكلىكىدە سەھراغا ئېلىپ بېرىپ يوقىتىپ «بۆرە يېدى!» دەپ كەلدى. دادام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە تا ھازىرغىچە ئىشەنگىنى يوق. دادام شۇ ئاكامنىڭ دەردىدە زار - زار يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى، — دېدى.

يۈسۈپ:

— يۇرگىن، مەن ساڭا يول باشلاي، غەم يېمە. ئاكاڭنىڭ ئورنىدا ئاكا بولۇپ، سېنى شۇ ئاكىلىرىڭ بارغان يەرگە باشلاپ باراي، — دەپ باشلاپ ماڭدى.

يۈسۈپ يولدا كېتىۋېتىپ، ئىبنى يەمىندىن:

— سەن شۇ ئاكاڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ئۇ ئاكام مېنىڭ كۆرەر كۆزۈم، سۆزلەر سۆزۈم ئىدى! — دەپ يىغلىدى. يۈسۈپنىمۇ قاتتىق يىغا تۇتتى، لې-كىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يۈسۈپ دەرھال قولىدىكى ئالتۇن

ئۈزۈكىنى ئېلىپ ئىبنى يەمىننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.
ئىبنى يەمىن:
— ئەي ئاكا! بۇ نېمە ئىش؟! — دەپ سورىدى.
يۇسۇپ:
— ھەمراھدارچىلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى. بۇنى سەن ياخشى ساقلا! يوقاتما! بۇنىڭ باھاسى مىسىرنىڭ يىللىق باج - خىراجىغا باراۋەر، — دېدى. ئۇلار يولنىڭ قوشۇلۇشىدا بىر - بىرىگە قوشۇلدى. يۇسۇپ ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ، باشقا يول بىلەن ئۆز بارگاھىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.
ئىبنى يەمىن ئاكىلىرى بىلەن جەم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار:
— سەن بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ؟! — دەپ قىستىدى. ئىبنى يەمىن ئۇلارغا ئۆزى بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھەمراھىنى، ئۇ ھەمراھىنىڭ خەيرلىشىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلىتىپ بىرمۇبىر بايان قىلدى. قولىدىكى خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن ئۈزۈكنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
يەھۇدا:
— بۇنى ساقلىيالمايسەن، مەن ساقلاپ بېرەي! — دەپ ئېلىپ قولىغا سېلىۋالدى. بىر سائەتكە يەتمەي ئۇ ئۈزۈك ئۇنىڭ قولىدىن غايىب بولدى. ئاكىلىرى ھەيران بولۇشتى. ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئىبنى يەمىننىڭ قولىدا كۆردى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئۈزۈكنى باشقا ئاكىلىرى بىر - بىرلەپ ئېلىپ قولىغا سالدى. بۇ ئۈزۈك ئۇلارنىڭمۇ قولىدا تۇرمىدى. ئۇلار ئىلاجسىز قېلىپ، بۇ ئۈزۈكنى ئىبنى يەمىنگە ھەدىيە قىلىشقان بولدى. يۇسۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كارۋان سارىيىغا

چۈشۈردى. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ كىشى ئەۋەتىپ ئۆلارنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆلارغا زىياپەت بەردى. ئۆلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىر تاۋاقتىن ئاش قويدى. ئىبنى يەمىنگە يالغۇز بىر تاۋاق ئاش قويدى. ئۆلارنى تائامغا تەكلىپ قىلدى.

ھەممىسى — ئىككىدىن بولۇپ تائام يېيىشكە كىرىشتى. ئىبنى يەمىن ئۆلارغا قاراپ: «مېنىڭمۇ ئاكام يۈسۈپ بولغان بولسا، بىز ئىككىمىزمۇ بىللە تائام يەر ئىدۇق» دېگەننى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ تائامنى يېمىدى. بۇ ئەھۋالنى بايـ. قىغان يۈسۈپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سەن نېمە ئۈچۈن تائام يېمەيـ. سەن؟ ! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ئانىدىن بولۇپ، ھەمراـ. ھى تەل. مېنىڭ ئاكام يۈسۈپ يوق، شۇڭا گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدى، دەپ جاۋاب بەردى.

يۈسۈپ ئۆلارغا قاراپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئىنىڭلار ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاش يەيمەن، — دېدى.

ئۆلار:

— ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭىز، پادىشاھىئالەم ! — دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاش يېدى.

ئەتىسى بۇلارنى ئوردىغا يەنە تەكلىپ قىلدى. ئۆلار كىرـ. لىپ يۈسۈپكە تەزىم بەجا قىلىشىپ پەگاھدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى. يۈسۈپ پەردە ئىچىدە ۋاپاسىز ئاكىلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلىدى، كۆڭلى بۇزۇلدى، لېكىن

ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتاڭلارنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خېتىنى ئەكېلىڭلار! — دېدى. ئۇلار خەتنى ئېلىپ بېرىشتى. يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ قەلىمىنى كۆرۈپ كۆزىگە سۈرتتى. كېيىن ئۇنى ئوقۇدى. ئۇلارغا قاراپ:

— بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، سىلەرنىڭ ئۇكاڭلار يۇسۇپنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكى مەلۇم. سىلەر ئۇنى «بۆرە يېگەن» دەيسىلەر. سىلەر ماڭا راستىنى ئېيتىڭلار، ئەگەر يۇسۇپ تىرىك بولسا، مەن ئۇنى تېپىپ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئالاي! — دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— يۇسۇپنى تەھقىق بۆرە يېگەن. ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسىلە، مانا ئالدىلىرىدا ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمىن تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۆزىدىن سورىسىلا! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۇسۇپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سېنىڭ ئاكاڭ يۇسۇپنى بۆرە يېگىنى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھىئالەم، مەن نەدىن بىلەي؟! بۇ يەردە تۇرغان ئاكىلىرىم ئاكام يۇسۇپنى «سەھرانى كۆرسىتىپ كېلىمىز» دەپ، دادامدىن سوراپ ئەكەتكەنىدى. كېيىن بۇلار: «يۇسۇپنى بۆرە يېدى» دەپ بىر قانلىق كۆڭلەكنى ئەكېلىشتى. ئۇنى دادامغا كۆرسىتىپ دادامنى قاقشاتتى. مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىندىن:

— سېنىڭ ئاكاڭ يۇسۇپ ئوغرى ۋە يالغانچىمىدى؟ — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— مېنىڭ ئاكام يۇسۇپ ئۆمرىدە ئوغرىلىق قىلغان ئە-

مەس، زادى يالغان سۆزلىمەيتتى، ھەرقاچان ناشتا قىلسا ئۇ-زىنىڭ ئىشىدىن ئىلىپ غىرىب - غۇرۋالارغا بىرىپ، ئاشقىد-نىنى ئۆزى يەيتتى. مەن ئۆمرۈمدە ئاكامدەك خۇش مۇئامىلە-لىك كىشىنى تېخى كۆرمىدىم! — دەپ يىغلىدى.

ئىبنى يەمىننىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئاكىلىرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇلار ئىبنى يەمىننى بۇنداق جاۋاب بىرىدۇ دەپ ئويى-لىمىغانىدى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ:

— بولدى قىلىڭلار! ئەي ئىبنى يەمىن، ئەھۋالدىن قا-رىغاندا، سىنىڭ بۇ يەردە تۇرغان ئاكىلىرىڭنىڭ ئۆزى يالغا-چى ئوخشايدۇ. خەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتاڭمۇ يۈسۈپنىڭ ھاياتلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىكەن، — دىدى.

ئىبنى يەمىننىڭ ئاكىلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۆز ئىچىدە: «خەپ توختاپتۇر! سىنىمۇ ئاكاڭ يۈسۈپتىن بەتتەر-رەك كويغا سالمىساق» دىيىشتى. يۈسۈپ بۇلارنىڭ پەيلىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلارغا يەنە ئاش تارتتى، كىيىن ئۇلارنى ئالاھىدە تەييار قىلدۇرغان سارايغا ئەۋەتتى. بۇ سارايدا يەھۇدا باشلىق يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ يۈسۈپنى ئالداپ ئاچىقىپ ما-لىك دىغۇرغا ساتقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى قىلغان ۋەھشىلىك-لىرى سۈرەت بىلەن تاملارغا نەقىش قىلىنغانىدى. يۈسۈپ ئۇلار-نى بۇ سارايغا كىرگۈزۈپ، ئۆزى يوشۇرۇن ھالدا پەنجىرىدىن كۆ-زىتىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سارايغا كىرىپلا ئۆزلىرىنىڭ يۈسۈپكە سالغان كۈلپەتلىرىنى كۆردى، شەرمەندىلەرچە بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاخىر بىشىنى ئىگىپ يەرگە قاراشتى.

يۈسۈپ بۇلارنى چىرايلىرى سارغايغان، ئوسال ھالدا كۆ-رۈپ سارايدىن قايتىپ چىقتى. كىيىن ئۇلارنىمۇ ئوردىغا ئال-



دۇرۇپ كىلىپ زىياپەت قىلدى. يەنە ھەممىسى ئىككىدىن بو-لۇپ تائامغا كىرىشىپ كەتتى. ئىبنى يەمىن تەنھا قىلىپ غىزا يېمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. يۇسۇپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سەن يەنە نېمىشقا غىزا يېمەي-سەن؟! — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— ئاكام يۇسۇپ بولغان بولسا، بىللە ئاش يەر ئىد-دۇق، دەپ كۆڭلۇم بۇزۇلدى، ئاشنى يېيەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىق يىگىتلەر، ھەرقانداق ئەرزىڭلار بولسا ماڭا ئېيتىڭلار! — دېدى. ئىبنى يەمىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەن غېرىبنى ئەيىبلىمەڭ، ئەزىزىم،
ئاتام ئۆمرىدىن پەلەك تامام ئېتىپتۇ.

بىر تۇغقان ئاكام كىچە ـ كۈندۈزى،
كۆرەر كۆزۈم يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
ياقۇپ ئوغلى، يىغلىمىغىن بۇ يەردە،
مەقسىتىڭنى دېگىن ئاكاڭ بولايمەن.
راۋا قىلاي، ھاجىتىڭنى تىلىگىن،
يىغلىمىغىن بۈگۈن ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:
بۇلار ھەممە ئاكا ـ ئۇكا ئامان بار،
قىلمىشىغا كۆڭلۈمدىمۇ گۇمان بار.
ئەيىب قىلماڭ، ماڭا ئاخىر زامان بار،
ماڭا ئۇلپەت يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
كىمكى كۆرسە بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىن،
ئاخىرەتتە كۆرگەي ئۇنىڭ ۋاپاسىن.
ئىگەم بېرەر دەردمەنلەرنىڭ داۋاسىن،
غەم قىلمىغىن، بۈگۈن ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:
مەن بىلۈرمەن، بۈگۈن ئاكام بولۇرسىز،
كىملەر غېرىب بولسا ھالىن سورارسىز.
بىر سۇت ئەمگەن يۇسۇپ قاچان بولۇرسىز؟
مەن يىغلايمەن يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۈسۈپ:

ئاكاڭ نېچچۈك؟ خۇلق ـ پەيلىنى بايان قىل !
يەنە ھۆسن ـ جامالىنى ئايان قىل !
ئۈمىد بىلەن ئاكاڭنى بار گۇمان قىل !
غەم يېمىگىن، يۈسۈپ ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:

ئاكام خۇلقى پەرىشتىدىن زىيادە،
شاھلار كۆرسە ئۆزىنى قىلار پىيادە.
مىسىر شاھى، يالغان سۆز يوق ئارادە،
باغرى كاۋاپ يۈسۈپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۈسۈپ:

كۆڭلۈڭ بۇزۇپ، ئاكام دىبان يىغلىما !
ھىجران ئوتى بىلەن باغرىڭ داغلىما !
ئۈمىدلىك بول، يىراقلىقنى چاغلىما !
كەلگىن بېرى، يۈسۈپ ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:

مەن يىغلايمەن ھەم يىغلايدۇ ئاتىسى،
كۆزىدە ياش، باغرىدا قان ئاتىسى.
ھەددىدىن تولا كۆردى ئۇنىڭ جاپاسىن،
مەن يىغلايمەن، يۈسۈپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۈسۈپ:

مىسىر شاھى ساڭا بولسا مېھرىبان،
كەنئانلىق ياش ئوغلان، ساڭا نە ئارمان؟

ئىنئام قىلاي مالۇدۇنيا پاراۋان،
كەلگىن بېرى، يۇسۇپ ئاكاڭ بولايمەن.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىننى يېنىغا تارتىپ بىللە تائام يېدى. ئاكىلىرى مىسىر شاھىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، ئىچى تارلىقى كېلىپ، بوغۇزىدىن تائام ئۆتمىدى، «راھىلەدىن بولغان ئوغۇللار نەگە بارسا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ» دەپ غۇدۇراشتى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقاندا، ئىبنى يەمىننىڭ كۆزى يۇسۇپنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىبنى يەمىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى، تائامدىن قولىنى تارتتى.

يۇسۇپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، نېمىشقا تائام يېمەيسەن؟ ! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھىئالەم، ئەپۇ قىلسىلا، مەن سىلى بىلەن تائام يەۋېتىپ قوللىرىغا كۆزۈم چۈشتى. سىلىنىڭ قوللىرى ئاكام يۇسۇپنىڭ قولىغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تائام يېيەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە:

— تائام يېگىن، ئاكاڭنىڭ جامالىنى كۆرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جامالىنى چوقۇم كۆرىسەن ! — دېدى.

شۇ چاغدا بىر شامال كېلىپ يۇسۇپنىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى قايرىۋەتتى، يۇسۇپنىڭ يۈزى كۆندەك نامايان بولدى. ئىبنى يەمىن بۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى.

يۇسۇپ ئاۋۋال ئىبنى يەمىننىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، كېيىن ئۇ يەردىن كۆتۈرتۈپ خاس ھۇجرىلاردىن بىرىگە ئە-

كىردى. ئىبنى يەمىن ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆيىنى كىشىلەردىن خالىي قىلىپ تونۇشتى، باشلىرىغا كەلگەن ھادىسىلەرنى سۆزلەشتى، يىغلاشتى ۋە بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتى. يۇسۇپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

چاھقا چۈشتۇم شەھرى كەنئاندىن كېلىپ،
داغى ھىجران ئەزدى، ئىبنى يەمىنجان.
مەن كۆرمىگەن جەبرۇجاپا قالمىدى،
كۆرۈشكە زار بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

كۆڭلىكىمنى مەندىن تارتىپ ئالدىلەر،
تۆت تەرەپتىن ماڭا خەنجەر سالدىلەر.
ئاخىر ئىتتىرىپ بىر قۇدۇققا سالدىلەر،
بەندى زىندان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

قىزىلگۈلدەك تېنىم قانغا بويالدى،
ئەل كۆزىدىن يىراق تاشلاپ ئۆچ ئالدى.
ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى ھەم ئۇيالدى،
كۆزۈمدىن قان ئاقتى، ئىبنى يەمىنجان.

ئۇرۇپ ـ سوقتى، بىر كەلمىدى قېشىمغا،
قىيامەتنىڭ كۈنى چۈشتى بېشىمغا.
قابا پەلەك ئوغا سالدى ئېشىمغا،
ئەجەب سەرسان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

ئاكىلىرىم دۈشمەنلىكىن بىلدۇرۇپ،

كۆزلىرىمنى تۇپراق بىلەن تىندۇرۇپ.
جاپا بىلەن گۈللىرىمنى سولدۇرۇپ،
رەڭگىم خازان قىلدى، ئىبنى يەمىنجان.

قول - پۇتۇمنى مەھكەم باغلاپ كەتتىلەر،
ئۇزاق يەردىن مېنى نىشان ئەتتىلەر.
دۇشمەن بولۇپ: «قۇلۇم» دەبان ساتتىلەر،
باغرىم كاۋاپ بولدى، ئىبنى يەمىنجان.

يۇسۇپ ئېيتۇر: كۆيۈپ - يېنىپ كۈل بولدۇم،
جۇدالىقتا نەچچە يىللار «پۇل» بولدۇم.
مىسىر ئېلىگە قانچە يىلدىن «قۇل» بولدۇم،
ئاخىر سۇلتان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە ئاكىلىرىنىڭ قىلغان شۇملۇقلىرىنى بىر - بىر بايان قىلدى. ئىبنى يەمىنمۇ ئاكىسىدىن ئايرىلىپ كۆرگەنلىرىنى، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىر بايان قىلدى. ئىككىسى تەپسىلىي سۆزلەشتى. شۇنداق قىلىپ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، كېيىن يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە:

— ئەي ئۇكام، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. مەن سىزنى ئاكىلىرىمدىن بىر ھىيلە بىلەن ئايرىپ ئېلىپ قالىمەن ! — دېدى.

ئىبنى يەمىن يۇسۇپكە:

— خوپ، ئاكا، مېنىڭمۇ تىلىكىم شۇ ئىدى ! — دېدى.

ئىككىسى بۇ ھەقتە يەنە خېلى ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. كېيىن ئىبنى يەمىننى ئاكىلىرىنىڭ قېشىغا ئۇزىتىپ قويدى. ئىبنى يەمىن ئاكىسى يۇسۇپ بىلەن خوشلىشىپ يە-

ھۇدالار چۈشكەن كارۋان سارىيىغا قايتىپ كەلدى. ئاردا بو-لۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەر شۇ پېتى سىر بولۇپ قالدى، ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

يۈسۈپ خىزمەتچىلىرىگە:

— كەنئانلىقلارغا ئاشلىق بېرىپ، يولغا سېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار: «خوپ شاھىم!» دەپ ئۇلارنىڭ تاغار ۋە قاپلىرىغا ئاشلىق قاچىلىدى.

يۈسۈپنىڭ كىشىلەرگە غەللە ئاشلىق ئۆلچەپ بېرىدىغان ئالتۇن جاملىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىرىنى بىر خىزمەتچىسى يۈسۈپنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئىبنى يەمىننىڭ تاغىرىغا ئاشلىق بىلەن قوشۇپ سېلىۋەتتى. ئۇلار ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى ۋە كەنئانغا قاراپ راۋان بولدى. بۇلار شەھەردىن چى-قىپ خېلى يەرگە بارغاندا، ئۇلارنى بىر بۆلۈك ياساۋۇللار قوغلاپ يېتىشتى. ياساۋۇللار باشلىقى ئۇلارغا:

— ئەي كەنئانلىقلار، سىلەر ئۇياتماستىن شاھىمىزنىڭ ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئالتۇن جامىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ قې-چىپسىلەر، — دېدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— بىز زادىلا ئۇنداق قىلمىدۇق. بىزلەر ئۇنداق ئادەم-لەردىنمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ياساۋۇللار ئۇلارنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ قاتتىق تۇتتى. يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۇقان سې-لىشىپ:

— ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسەڭ، يۈكلىرىمىزنى ئاختۇر! — دېيىشتى. ئۇلار:

— ناھايىتى ياخشى، بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى ئىدۇق، — دەپ، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ ئاختۇردى.

ئۇلار ئاختۇرۇشنى يەھۇدادىن باشلاپ، ئاخىردا ئىبنى يەمىننىڭ يۈكىنى ئاختۇردى. ئالتۇن جام ئىبنى يەمىننىڭ ئاشلىق قاچىلانغان تاغىرىدىن چىقتى. ياساۋۇللار ئىبنى يەمىننى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ، باغلاپ مىسىر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئاكىلىرىمۇ قىيقاس - سۈرەن سېلىشىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىسىرغا قايتىپ كەلدى.

يۈسۈپ بارگاھىغا چىقىپ قارىسا، ياساۋۇللار ئىبنى يەمىننى باغلاپ ئەكەلگەن. ئىبنى يەمىن يۈسۈپنى كۆرۈپ سالام قىلدى، ئاكىلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ ئىبنى يەمىننىڭ قېشىدا تۇردى. يۈسۈپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىقلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوغرىلىق قىلدىڭلار؟! — دەپ سورىدى.

ئۇلار نالە - زار قىلىشىپ:



— بىز پەيغەمبەر ئەۋلادى، بىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمايمىز. بۇ ياش بالا بىلمەي بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ يۇسۇپ دېگەن بىر ئاكىسى بار ئىدى، ئۇمۇ شۇنداق ئوغرى ئىدى. بۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئوغرىلىق قىلىپ بىزنى شەرمەندە قىلدى. سىز ئۇلۇغ ھەم مەرھەمەتلىك پادىشاھ ئىكەنسىز. ئاتىمىز ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ ياش بالىنىڭ گۇناھىدىن كېچىڭ. بىز ئۇ-نىڭ گۇناھىنى سىزدىن سورايمىز! — دەپ يىغلاشتى.

يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ! سىلەرنىڭ گېپىڭلاردىن يالغانچى-لىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبنى يەمىننى قاتتىق جازالاش كېرەك! — دەپ زىندانغا بۇيرۇدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ زىندانغا ئەكەتتى. زىندانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپ ئالدىغا ھەر تۈرلۈك تائاملارنى قويدى.

ئىبنى يەمىننىڭ ئاكىلىرى ناله - پەرياد بىلەن:

— ئەي شاھى جاھان، ئىبنى يەمىننى قانداق جازالىسا-ڭىز جازالاڭ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭ! بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ شەرد-ئىتىدە بىر كىشى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلسا، شۇ ئوغرىنى مال ئىگىسىگە قۇل قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ. ئىبنى يەمىننى زىنداندا ساقلىسىڭىز ساقلاڭ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭ! بىز بۇ يەردە بولغان ۋەقەنى ئاتىمىزغا بېرىپ ئېيتايلى! ھۆكۈم ئاتى-مىزنىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق بولسۇن! ئۇ نېمە دېسە بىزمۇ، سىزمۇ شۇنى قىلايلى! — دەپ يىغلىشىپ قول باغلىشىپ تۇردى.

پادىشاھى مىسرى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى.

يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىللار ئوردىدىن چىقىپ مەسلىھەت قىلدى.

ئۇلار:

— ئەي بۇرادەرلەر، بىزلەرنىڭ ھەربىرىمىزدە بىر خىسلەت بار. شۇنداق تۇرۇپ ئىبنى يەمىننى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتسەك، ئاتىمىزغا نېمە دەيمىز؟ ئىبنى يەمىننى قۇتقۇزۇۋالايلى. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىشقا سالايلى. شەمئۇن زىندانغا بارسۇن، ئۇ قىلىچقا ماھىر. مەن يەھۇدا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ قاتتىق ۋارقىراي، مەن ۋارقىرىغاندا ئاسمان ـ زېمىن لەرزىگە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىن ئازىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. مەن ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئوردا ۋە باشقا يەرلەردە گاڭگىراش پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىبنى يەمىننى ئېلىپ قاچايلى، — دېيىشتى. ھەرقايسىسى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىشقا سېلىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا شەمئۇن بىلەن يەھۇدا:

— ئەگەر ئىبنى يەمىننى زىنداندىن ئاچىقالمىساق، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ پارە ـ پارە قىلىش كېرەك. چۈنكى بىزلەرنى مۇشۇ خاپىلىققا قويغانمۇ شۇ. ئۆچ ئېلىشنىڭمۇ پەيتى مۇشۇ، — دېيىشىپ تارقاشتى.

بۇ خەۋەر ۋە مەسلىھەت يۇسۇپكە مەلۇم بولدى. ئۇ ئاكىسى يەھۇدانىڭ ۋارقىرايدىغىنىنى، شەمئۇننىڭ قىلىچۋازلىقىنى بىلەتتى. يۇسۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىر قاتار جەڭلىرىنى كۆرگەنىدى. يۇسۇپ ياقۇپ ئورۇقىدىن ھەرقانداق ئادەم يەھۇدا ۋارقىراشقا تەييارلانغاندا ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىسا، ئۇنىڭ كۈچىنىڭ تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئوغلى ئىبراھىمنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— سەن چىقىپ يەھۇدانىڭ دۈمبىسىنى سىلىغىن ! — دېدى. ئىبراھىم چىقىپ يەھۇدانىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى. يەھۇدانىڭ قەھرى كېتىپ، مېھرى قوزغالدى. ئۇنىڭدا ئاغزىنى يوغانراق ئاچقۇدەك مادار قالمىدى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ:

— بۇ يەردە ئەۋلادى ياقۇپ بار ئىكەن ! — دەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

شەمئۇن، رۇبىل ۋە باشقىلار يەھۇدانىڭ ۋارقىرىشىنى كۆتۈپ خېلى تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدانىڭ قېشىغا كەلدى.

— نېمە ۋەقە بولدى؟ نېمىشقا مۆرىمەيسەن؟ — دېيىشتى ئۇلار غەزەپلىنىپ. يەھۇدا:

— بۇ يەردىمۇ ئەۋلادى ياقۇپ بار ئىكەن. بىر ئوغۇل بالا كېلىپ دۈمبەمنى سىلىغانىدى، كۈچۈم، غەزىپىم تارقىدى. مەن كارغا كەلمەي قالدىم. ئەمدىكى مەسلىھەت شۇكى، بىز شەمئۇننى بۇ يەردە قويۇپ، قالغانلىرىمىز ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى. بۇ يەردە بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەيلى. بولمىسا، ئاتىمىز ئىبنى يەمىنىنىمۇ يۈسۈپتەك يوقىتىۋېتىپ كەپسىلەر دەپ بىزنى قارغايدۇ، — دېدى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كىردى.

— ئەي كەرەملىك سۇلتان ! بىز ئىبنى يەمىننى يالغۇز بۇ يەردە قويۇپ كەتسەك، ئەمدى ئاتىمىز بىزگە ئىشەنمەيدۇ. بىز شەمئۇننىمۇ بۇ يەردە قويۇپ كەتمەكچىمىز. ئۆزلىرى بۇ ھەقتە بىزگە بىر نامە يېزىپ بەرسىلە. بىز ئۇ خەتنىمۇ بىللە ئاپىرىپ، بولغان ۋەقەنى ئاتىمىزغا دېسەك. بولمىسا، ئاتىمىز بىزنى دۇئايىبەت قىلىۋېتىدۇ، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشتى.

يۈسۈپ دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئۇلارغا نامە يېزىپ بەردى.



ئۇلار شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، شەھەردىن چىقىپ كەنئانغا قاراپ ماڭدى. بىرنەچچە كۈن يول بېسىپ كەنئانغا كەلدى. ئاتىسىنى زىيارەت قىلىشتى. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاتىسىغا بايان قىلدى. ئىبنى يەمىننىڭ ئالتۇن جامنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ زىندانغا سېلىنغانلىقىنى، شەمئۇنىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشلىقنى ھەممىگە تەڭ ۋە كەڭ - كۇشادە بەرگەنلىكىنى، ھەتتا ئىبنى يەمىننىڭمۇ ئاشلىقىنى تۇتۇپ قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ خېتىنى ئاتىسىغا بەردى. ياقۇپ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. ئىبنى يەمىننىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، يەشتۈرۈپ كۆردى. ئۇنىڭ يۈكلىرى ئارىسىدىن ئاشلىقتىن باشقا مىسىرنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرى، لەئەل - ياقۇتلار چىقتى. ياقۇپ پىكىر قىلىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ مىسىر پادىشاھى مېنىڭ يۈسۈپۈم

ئوخشايدۇ ! » دەپ، ئىبنى يەمىننىڭ قالغىنىغا تاقەتسىزلەنمە-
ـدى، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

ياقۇپ مىسىر شاھىغا ئاتاپ بىر خەت تەييارلىدى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ: «ئەي مىسىر شاھى، ھەمىشە خۇشۋاق بولۇڭ. مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن ماڭا بىر خۇشبۇي كەلدى. مېنىڭ يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرسىڭىز، مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى. ئىبنى يەمىننى ‹ئوغرى› دەپ ئېلىپ قاپسىز. ئۇ-
نىڭدىن ئارتۇقچە گۇمانلانماڭ، پەيغەمبەر ئۇرۇقىدىن ئۇنداق ئىش چىقمايدۇ. ئىبنى يەمىن يۇسۇپ يوقالغاندىن كېيىنكى مېنىڭ بىردىنبىر ئۇلپىتىم ئىدى. ئۇنى تېزرەك ئەۋەتىپ بېرىڭ. مېنىڭ دۇئايىمنى ئېلىڭ» دەپ خەتنى مۆھۈرلەپ ئو-
غۇللىرىغا بەردى.

ئۇلار ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، كەنئاندىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. مەنزىللەرنى بېسىپ مىسىرغا يېتىپ كەلدى. شەھەرگە كىرىپ بۇرۇنقى سارايغا چۈشتى. يۇسۇپ خەۋەر تېپىپ، بىرنەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ ! ئاتاڭلارنىڭ ھەر قېتىمقى خې-
تىدە يۇسۇپنىڭ تىرىكلىكىدىن نىشان بار. سىلەر ئۇنى «ئۆل-
گەن» دەيسىلەر، راستىڭلارنى ئېيتىڭلار، يۇسۇپنى نېمە قىلـ-
دىڭلار؟ ! ئەگەر سىلەردىن ئۇنىڭغا بىرەر جاپا يەتكەن بولسا ئۇنى ئېيتىڭلار ! — دەپ سورىدى يۇسۇپ.

ئۇلار:

— يۇسۇپنى بۆرە يېگەنلىكى ھەق ۋە راست ! — دەپ قەسەم قىلىشتى. يۇسۇپ:

— بۇ يەردە مەندە بىر خەت بار ! ئۇنى ئوقۇپ كۆ-

رۇڭلار ! — دەپ خەتنى ئاچىقىپ كۆرسەتتى ۋە، — سىلەر بۇ خەتتىكى سۆزلەرگە ئىقرار قىلامسىلەر؟ ! — دەپ قايتىلاپ سورىدى. ئۇلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. يۇسۇپ خەتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«بىزلەركى يەھۇدا، شەمئۇن، لادى، رۇبىل قاتارلىق ياقۇپنىڭ ئون ئوغلى، بىزلەرنىڭ بىر ئەرەب قۇلىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوغرى، يالغانچى ۋە قاچقۇنلۇق ئەيىبى بار ئىدى. بىز ئۇ قۇلىمىزنى شۇ ئۈچ تۈرلۈك ئەيىبى بىلەن مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ساتتۇق. بىزنىڭ ئۇ قۇلدا ھېچقانداق ھەققىمىز قالمىدى. مۇبادا بۇ ھەقتە بىز دەۋا قىلساق، قىلغان دەۋايىمىز باتىل بولغاي، دەپ ئۆز ئىقرارىمىزدىن مۇشۇ مۆھۈرلۈك خەتنى بەردۇق » دەپ، ھەممىلىرى قولىنى قويغان ۋە مۆھۈرلىرىنى باسقانىدى.

ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ ئەقلىنى يوقىتىشتى. نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي، ئاران دېگەندە:

— ئەي شاھىئالەم، بىزنىڭ شۇنداق يۇسۇپ ئاتلىق بىر ئەرەب قۇلىمىز بار ئىدى. بۇ خەت شۇنى ساتقاندا بېرىلگەن، — دېدى. يۇسۇپ ئىبنى يەمىندىن:

— راست، سىلەرنىڭ يۇسۇپ ئاتلىق ئەرەب قۇلۇڭلار بارمىدى؟ ! — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھىئالەم، يۇسۇپ دەپ ئاكام بار ئىدى، ئەرەب قۇلىمىز يوق ئىدى ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىقلار ! بۇ يەردە مېنىڭ قولۇمدا قەدىمدىن قالغان بىر ئالتۇن جام بار. ھەركىمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان يامانلىقى، ياخشىلىقى، راستچىل ياكى يالغانچىلىقىنى شۇ جام-

دىن سورىساق، ئۇ تولۇق خەۋەر بېرىدۇ. سىلەر شۇ جامىنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنەمسىلەر؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

— ئارى، ئىشىنىمىز ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۇسۇپ ئەمر قىلدى. ساراي خىزمەتچىلىرى خاسىيەتلىك ئالتۇن جامنى ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. يۇسۇپ ئۇ جامنى چوكا بىلەن بىرنى ئۇردى. خاسىيەتلىك جام مىسىرلىقلارنىڭ يەرلىك تىلىدا بۇلبۇلدەك سايراپ سۆزلىدى. يۇسۇپ:

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ، جام نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— چۈشىنەلمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ كەنئان تىلىدا:

— جام: «ياقۇپنىڭ يۇسۇپ ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ، كۆرگەن چۈشىنى ئاتىسىغا ئۆرۈدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا سەن شاھ بولىسەن. ئاكىلىرىڭ ساڭا قارايدۇ، دەپ تەبىر بەردى. ئاكىلىرى بۇ تەبىرنى ئاڭلاپ يۇسۇپنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئالدىدى، سەھراغا قىزىقتۇرۇپ ئاچىقتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت ۋە ھەرىكەت قىلدى. يەھۇدا مەسلىھەت بېرىپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلاتقۇزدى» دەيدۇ، — دېدى.

يۇسۇپ جامنى يەنە ئۇردى، جام تىلغا كىردى. يۇسۇپ ئۇلاردىن يەنە سورىدى:

— جام نېمە دەيدۇ؟ !...

ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ:

— بىز چۈشىنەلمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ:

— «ئەي ئەۋلادى ياقۇپ ! سىلەر يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، دەرھال پادىدىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ ئۇنى

سويۈپ قىنىغا يۈسۈپتىن سالدۇرۇۋالغان كۆڭلەكنى چىلاپ، «يۈسۈپنى بۆرە يېدى» دەپ ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى. ئاتىسى بۇ سۆزگە ئىشەنمىسە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەۋلادى تۇرۇپ، ئۆزلىرى يالغاندىن قەسەم ئىچتى. ئاتىسى بۇلاردىن بىزار بولدى. ئۆزى ھەسرەت ۋە ئارماندا ئەلەم تارتتى» دەيدۇ، — دېدى.

يۈسۈپ جامنى يەنە ئۇردى. جام تىلغا كىردى. يۈسۈپ ئۇلاردىن يەنە:

— جام نېمە دەيدۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— بىز ھېچنېمىنى ئۇقمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يۈسۈپ:

— جام: «سودىگەر مالىك دىغۇر قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىش ئۈچۈن، قۇدۇققا سوغا سالدى. مالىك دىغۇرنىڭ ئادەملىرى سوغىنى تارتقاندا، يۈسۈپ سوغىغا ئېسىلىپ قۇدۇقتىن چىقتى. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ماراپ تۇرغان يېرىدىن كېلىپ: ‹بۇ بىزنىڭ قېچىپ كەتكەن قۇلىمىز ئىدى› دەپ ئۈچ تۇرلۇك ئەيىبى بىلەن يۈسۈپنى مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ساتتى» دەيدۇ، — دېدى.

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى مىسىر پادىشاھىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساقاللىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى، ئۆزلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ ! ئىنىمىز يۈسۈپنىڭ ئۆزى سىلىمۇ؟ سىلىنىڭ ئوتتەك قىزغىن ۋە ئوقتەك ئىتتىك سۆزلىرى بىزنىڭ باغرىمىزنى تەشتى. ئەي يۈسۈپ، ھەر ئىش قىلساق بىز قىلدۇق. بىلمەسلىكتىن، ئىچى قارىلىقتىن، كۆرەلمەسلىكتىن قىلدۇق. گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمىز، — دەپ ئۆزلىرىنى يۈسۈپنىڭ ئايىغىغا ئاتتى. يۈسۈپنىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ھەممىسى

بىر ئېغىز دىن:

— بىزلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى، ئۇلۇغ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ گۇنا ـ ھىنى كەچۈرۈم قىلسىلا ! — دەپ يۇسۇپنىڭ ئايىغىدا ياتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەھۇدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتا ـ بو ـ ۋىلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يەھۇدا يىغلايدۇ، ئەي يۇسۇپ ئىنىم،
گۇناھلار كۆپ بىزدە، بۇگۇن بەخش ئېتىڭ.
توۋا قىلدۇق، ئەپۇ قىل، مېھرىبان ئىنىم،
قىلغان خاتالىرىمىزنى بۇگۇن بەخش ئېتىڭ.

سېنى سالدۇق جەبىر بىلەن بالاغا،
سەبرى قىلىڭ، رازى بولۇڭ قازاغا،
قىلمىشلاردىن ئاسىي بولدۇق خۇداغا،
جاپا قىلدۇق، بىز سىزگە، بۇگۇن بەخش ئېتىڭ.

ئول خۇدانىڭ بىرلىكى، ھەققى ـ ھۆرمىتى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل بوۋام ھۆرمىتى،
ياقۇپ نەبى ئاتىمىزنىڭ ئىززىتى،
جاپا قىلدۇق بىز سىزگە، بۇگۇن بەخش ئېتىڭ.

كۆڭلىڭىزگە ئالماڭىز ئۆتكەن جاپانى،
ئاتا قىلىڭ بىزلەرگە مېھىر ـ ۋاپانى،
خاتا ئىش ئورنىغا قىلىڭ ئاتانى،
جاپا قىلدۇق بىز سىزگە، بۇگۇن بەخش ئېتىڭ.

خىجالەتتىن قىزىل يۈزۈم سولغۇسى،
تا قىيامەت كۆڭلۈمدە داغ قالغۇسى،
يەھۇدا ئىشىكىڭىزدە قۇل بولغۇسى،
خاتا قىلدۇق بىزلەر، بۈگۈن بەخش ئېتىڭ.

يۈسۈپنىڭ ئېسىگە ئاكىلىرى سالغان كۈلپەت كەلدى. ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاكىلىرىم، يادىمغا كەلسە جاپالار،
روبى - رۇخسارىڭىزنى زادى كۆرگۈم يوق.
هېچ كىشى كۆرمىسۇن مەندەك بالالار،
سىلەرنى ئەسلا كۆرەر كۆزۈم يوق.

هاقارەت قىلىشىپ، تەنە قىلدىڭىز،
ئىشىكلەردە مېنى گاداي قىلدىڭىز،
قىرىق يىل ئاتامدىن جۇدا قىلدىڭىز،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

ئاكا - ئۇكا هەققىنى بەجا قىلمىدىڭ،
ئاتىمىز هەققىنى ئادا قىلمىدىڭ،
ياراتقان تەڭرىدىن ئىبا قىلمىدىڭ،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

ئازابلاردا مېنى ئۆلەر چاغلىدىڭ،
ئاتا - بوۋامنىڭ باغرىنى داغلىدىڭ.
نېمە ئۈچۈن قول - ئاياغىم باغلىدىڭ؟
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

«يالغانچى، ئوغرى» دەپ بوھتان قىلدىڭىز،
ئاتىمىزنى خانىۋەيران قىلدىڭىز،
«يۈسۈپ ئىرىك قالماس» دەپ گۇمان قىلدىڭىز،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى يۈسۈپنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە قاتتىق پۇشايمان يېدى، نادامەت ۋە خىجالەتتىن يۈزلىرى سارغايدى. ئۇلاردا بېشىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ماغدۇر قالمىدى.

مالىك رېھان باشلىق ئوردىغا يىغىلغان مىسىر ئاھالىسى يۈسۈپتىن ئاكىلىرىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. زىلەيخامۇ پەردە ئىچىدە تۇرۇپ يۈسۈپكە «ئاكىلىرىڭىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈڭ» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

زىلەيخا پەردە ئىچىدە يىغان چەكمەكتە،
ھەرقانداق گۇناھ بولسا، بۈگۈن كەچۈرۈڭ.
قول قاچسا خوجىسى ئازاد ئەيلىگەي،
مىسىر شاھى ئاكىڭىزنى بۈگۈن كەچۈرۈڭ.

ئىدرىس بىلەن نۇھ نەبى ھەققى ـ ھۆرمىتى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل بوۋاڭ ھۆرمىتى،
يەنە ئىسھاق، ئاتاڭ ياقۇپ ھۆرمىتى،
ھەرقانداق گۇناھ بولسا بۈگۈن كەچۈرۈڭ.

مۈلكۈڭ خاراب بولۇر، بۇلار يىغلىسا،
ئۆمرۈڭگە دۇئالار قىلىپ تىلىسە،

ئەپۇ قىلىڭ، بۇلار ھەرنە ئىش قىلسا،
مىسىر شاھى، ئاكىڭىزنى شاد ئېتىڭ.

يامان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بەزى ياخشىدۇر،
پادىشاھقا كەرەم قىلماق بەخشىدۇر،
ئەي يۇسۇپ، زىلەيخانىڭ ئەرزى مۇشۇدۇر،
پادىشاھىم، ئاكىڭىزنى يەنە ياد ئېتىڭ.

زىلەيخا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئاكىلىرىڭىزنىڭ ھەرقانداق گۇناھى بولسىمۇ، بىزلەرنىڭ يۈز - خاتىرىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇنچىلىك شەرمەندە بولغىنىمۇ يېتەر ! — دېدى.

شۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ قېشىغا جەبرائىل يېتىپ كەلدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، تەڭرىنىڭ پەرمانى، ئاكىلىرىڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن. ئۇلارغا ياخشىلىق قىل ! بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار مېنىڭ تەقدىرىمدىن بولغان. ئاتاڭغا كۆڭلىڭنى ئەۋەتكىن. ئۇنى كۆزىڭگە سۈرتسە، كۆزى ئېچىلغاي. يەنە كەنئاندىن ئاتاڭ باشلىق بارلىق ئۇرۇق - قاياشلىرىڭنى مىسىرغا ئەكېلىپ، خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئال ! — دېدى.

يۇسۇپ خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئوردا ئەھلى ۋە ئاكىلىرىغا قاراپ:

— ئەي مىسىرنىڭ ئۇلۇغلىرى، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار ! مەن ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھىدىن ئۆتتۇم. ئەي ئاكىلىرىم، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار ! مەن بۇ يەردە ئۆتكەن ئىشلارنى ئارىغا سېلىپ تەھقىقلەپ كۆردۈم. سىلەر ماڭا جاپا سالدىڭلار. ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەقتائالادىن ماڭا دەرىجە ۋە دۆلەت



ئاتا بولدى. ھەربىر ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى ئەمەس ! — دېدى.

ئاكىلىرى قۇللۇق بىلدۈرۈپ يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشتى. ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرى بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى. يۇسۇپ بۇنىڭ بەدىلىگە مىسىر شەھىرىنى زىننەتلەپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە توي قىلىپ بەردى. بۇ توينى كۆرگەنلەر دەرماندا، كۆرمىگەنلەر ئارماندا قېلىشتى.

يۇسۇپ بۇ تويدا ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغلىدى. ئاكىلىرى ئۇنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەسلىھەتلەشتى، ئاخىر ئاتىسىغا كىشى ئەۋەتمەكچى بولۇشتى. ھەممىسى يۇسۇپنىڭ خەۋىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ بېرىشنى يۇسۇپتىن سورىدى.

يۇسۇپ ئۇلارغا:

— بۇ ئىشقا بۇ يەردە كەنئانلىق بېشىر ئاتلىق بىر كىشى بار، شۇ بارسۇن ! — دېدى.

ئەسلىدە بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

كۈنلەردىن بىر كۈنى ياقۇپ بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، يولدا ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق ئالما ئۇچرىدى. ياقۇپ ئۇ ئالمىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. ئۇنىڭ يولى بىر مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. ياقۇپنىڭ ئارقىسىدا بىر كېنىزىكى بار ئىدى. ياقۇپ ئالمىنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە:

— بۇ ئالمىنى مەدرىسىگە ئەكىر ! كىم مۇشۇ ئالمىدەك چىرايلىق بولسا، بۇ ئالمىنى شۇنىڭغا بەرگىن ! — دېدى.

كېنىزەك:

— خوپ ! — دەپ ئالمىنى قولىغا ئېلىپ مەدرىسىگە كىردى. ئۇ يەردىكى بالىلار ئىچىدە بۇ كېنىزەكنىڭ ئوغلى بېشىرمۇ بار ئىدى. بالىسى ئۇنىڭغا مەدرىسىدىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈندى. كېنىزەك ئالمىنى ئوغلى بېشىرغا بەردى.

ياقۇپ ئۇنىڭدىن:

— ئالمىنى كىمگە بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

كېنىزەك:

— مەدرىسىگە كىرىپ بالىلارغا نەزەر سالدىم. ئۇ يەردىكى بالىلار ئىچىدە ئوغلۇم بېشىردىن چىرايلىقراق بالا كۆرمىدىم. ئالمىنى ئوغلۇم بېشىرغا بەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ياقۇپنىڭ بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كېنىزەكنىڭ ئوغلى بېشىرنى ئانىسىدىن ئايرىپ قۇل قىلىپ ساتتى. كېنىزەك ئوغلى بېشىرنىڭ دەردى - پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى.

ئۇ كېنىزەك ھەمىشە: «ئەي ياراتقۇچى ئاللا، ماڭا بېشىر ئوغلۇمنى بىر كۆرسەتكىن، ئاندىن ئالدىغان ئامانىتىڭنى ئالغىن» دەپ يىغلايتتى...

ئاللادىن يۇسۇپكە:
«بۇ ئىشقا بىشىر بارسۇن!» دەپ پەرمان بولدى.
يۇسۇپ بىشىرنى ئالدىغا قىچقىردى. ئۇنىڭ قولىغا ئاتىسى ياقۇپقا يازغان خەتنى تۇتقۇزدى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىمۇ بەردى. ئۇنى يېتەرلىك سوۋغا ـ سالام، يول خىراجىتى بىلەن جابدۇپ يولغا سالدى.
بىشىر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەنئانغا باردى. ئۇ كىمنى كۆرسە:
— ياقۇپنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دەپ سورايتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قېرى ئەما ئايال چىقىپ كەلدى. بىشىر ئۇ ئايالنى كۆرۈپ سالام قىلدى. ئۇ ئايال بىشىرنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ:
— ئەي ئوغلۇم، قەيەردىن كەلدىڭ؟! — دەپ سورىدى. بىشىر:
— مىسىردىن كەلدىم. يۇسۇپتىن ئاتىسى ياقۇپقا خەت، خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.
— يالغان ئېيتىسەن! بۆرە يەپ كەتكەن يۇسۇپتىن قانداق قىلىپ خەۋەر كېلىدۇ؟! — دېدى ئايال. بىشىر:
— بۇ يالغان ئەمەس، راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. يۇسۇپ ھازىر مىسىرغا پادىشاھدۇر. ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن تونۇشتى. مېنى بۇ خۇش خەۋەرنى ياقۇپقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دېدى. ئۇ ئايال ھەيران بولۇپ:
— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟! — دەپ سورىدى.
بىشىر:
— مانا مېنىڭ قولۇمدا يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكى، ئۇنى مەن ئەكەلدىم. بۇ كۆڭلەكنى ياقۇپقا ئوخشاش پەرزەنت دىغىدا قارىغۇ

بولغان كىشى كۆزىگە سۈرتسە، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ! — دېدى.
ئۇ ئايال ئېخىمۇ ھەيران بولۇپ:
— خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسى بار ئىدى. تەڭرى ماڭا: «سەن ئوغلۇڭ بېشىرنى كۆرمىگۈچە، ياقۇپمۇ ئوغلى يۈسۈپنىڭ دىدارىنى كۆرمەيدۇ» دېگەن بېشارەتنى بەرگەن. بۇ قانداق ۋەقە بولدى؟ — دېدى.
بېشىر ئالدىدا تۇرغان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى. ئانىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىككى دۇنيادا جانىنىڭ مادارى،
مەدەتكارىم، جېنىم ئانام سەنمۇسەن؟
غېرىب بولدۇم، جۇدا بولدۇم سېنىڭدىن،
ھەممە ئىشتا ئىنئام ئېرۇر سۇبھانىدىن.
ئايرىمىسۇن بەندىسىنى ئىماندىن،
مېھرىبانىم، مونىس ئانام سەنمۇسەن؟

بېشىر ئانىسىغا:
— ئەي مېھرىبان ئانا، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ بېشىرمەن! — دېدى. ئانا - بالا ئىككىسى قايتىدىن ھال - ئەھۋال سوراشتى، كېيىن ياقۇپنىڭ قېشىغا كەلدى. رەسىم - يوسۇن، ئەدەپ - قائىدىلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تولۇق بايان قىلدى. بېشىر خەت بىلەن يۈسۈپنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ ياقۇپقا بەردى.
ياقۇپ ۋە بېشىرنىڭ ئانىسى ئۇلۇغلارنى شېپى كەلتۈرۈپ كۆڭلەكنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزى ئې-



چىلىپ روشەنلەشتى. ياقۇپنىڭ ۋە بىشىرنىڭ ئانىسىنىڭ بەدى-
نىدە قۇۋۋەت پەيدا بولدى. ئۇلار يىگىرمە بەش ياشلىق كىشى-
دەك ئورنىدىن تۇرۇپ، تەڭرىگە شۇكۇر - سانا ئېيتتى. ئەمدى
ياقۇپ:

— خۇدا نېسىپ قىلسا مەنمۇ شۇ كۆزۈم بىلەن يۇسۇپنى
بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ دىدارىغا قانسام، — دەپ بۇ مۇخەممەسنى
ئوقۇدى:

شۇكۇر لىللاھە، كەلدى شۇ دەم گۈلئۇزارىمدىن خەۋەر،
ھىجرىدا قان يىغلىغان لەيلى ناھارىمدىن خەۋەر.
تاقىتىم تاق ئەيلىگەن سەۋرى قارارىمدىن خەۋەر،
قىرىق يىل ئايرىلغان شاھسەۋارىمدىن خەۋەر،
يۇسۇپ ئاتلىق قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

بىلمىدىم، بۇ ۋاقىئە راستمىدۇر ياكى خىيال،
تاقىتىم يوق تا يۈزىنى كۆرمىگۈنچە بىمالال،
مەن ساڭا تاپشۇردۇم، ساقلا ئۇنى، يا زۇلجالال،
ئىنشائالللا، مەن كۆرۈرمەن شۇ يۇسۇپتىن بىر جامال،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

بۇ خەۋەر نەدىن كېلۇر، ھەقتىن ئىنايەت بولمىسا،
مەقسەتكە يەتمەس ھېچ كىشى ئاندىن ھىدايەت بولمىسا،
ئىبراھىم، ئىسمائىل، بوۋام شاپائەت قىلمىسا،
دۇشمەنمۇ ئەغيارلاردىن بىر ئالامەت بولمىسا،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

داخىل ئولماس ھېچ كىشى يۈز داغۇھىجران بولمىسا،
چەكمىگەي ھېچكىم پىغان دەردىگە دەرمان بولمىسا،
دوستلىرىم كۆڭلۈمدە يوقكى زەررە پۇشايمان بولمىسا،
يوقكى دەريادا بېلىق، تا خانىۋەيران بولمىسا،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

ياقۇبا، شۈكۈر ئەت خۇداغا، كەتتى قايغۇ، كەلدى شاد،
ھەقتائالا يۇسۇپۇمنىڭ ئۆمرىنى قىلغاي زىياد،
ئاقىل ئولدۇر، قىلمىغاي ھەقتىن بۆلەككە ئىتىماد،
شۈكۈر قىپ، سەۋر ئەيلىسە، ئوغا بولۇر شېكەر ـ ناۋات،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

ياقۇپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇپ بولۇپ، يۇسۇپنىڭ جامالىغا مۇشتاق بولغان ھالدا: «ئوغۇللىرىم قاچان كېلەر؟» دەپ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى.

يۈسۈپمۇ بىشىردىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى كەنئانغا يولغا سالدى. يۈسۈپ ياقۇپ باشلىق ئۆزىنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى مىسىرغا كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاكىلىرىدىن ئات، تۆگە، قېچىر قاتارلىق ئۇلاغلارنى ئەۋەتتى. يۈسۈپ ئۇلارغا يەنە بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ بەردى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرد ـ ئەلەم، خۇداغا ئوقۇلغان شۈ-كۈر ـ سانا بىلەن بۇ نەزمىمۇ بار ئىدى:

خۇدانىڭ ئەمرىدۇر بىزلەرگە، ئاتا !
ئۆزۈم بېرىپ نۇر يۈزىڭىزنى كۆرەلمىدىم.
كەچۈرۈڭ، گۇناھىم بولسا ھەم خاتا،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئۆزۈم سىزگە بارالمىدىم.

بىرنەچچە كۈن يامان بولدى مەنزىلىم،
ھېچكىمگە رسە ئاڭلىمايتتى زار دىلىم،
ھەقتائالا ئاسان قىلدى مۈشكۈلۈم،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئەزىز ئاتا، بارالمىدىم.

ئاكىلىرىم سۆكۈپ مېنى تۇتتىلەر،
ئون سەككىز يارماققا مېنى ساتتىلەر،
مىسىر دىيارىغا ئېلىپ كەلدىلەر،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، پېقىر بارالمىدىم.

مالىك دىغۇر مېنى بازارغا سالدى،
ئەزىزى مىسىرى پۇل تۆلەپ سېتىۋالدى،
قايغۇ بىلەن قىزىل يۈزۈم سارغايدى،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

تۆھمەت بىلەن مېنى قويدى گۇمانغا،
مەن غېرىبىنى يەنە سالدى زىندانغا،
ئىلىكىمنى باغلىدى، باقماي يىغانغا،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق بوۋىمىز،
شاپائەت ئەيلىدى بىلىپ ھالىمىز،
ئاتىمىز يىغلىماڭ، ئوقۇپ نامىمىز،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

زىندان ئىچرە ئۆتتى يىللار، پاراغەت،
ياراتقان ئىگىمىز قىلدى ئىنايەت،
بولدى مېنىڭ مۇشكۇلۇم كىپايەت،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

دۇئا قىلىڭ، يەتسۇن يۇسۇپ مۇرادە،
كۈندىن - كۈنگە ئۆمرى بولسۇن زىيادە،
بىز بىلمەيمىز نە سىر باردۇر ئازادە،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى يۇسۇپنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەنئانغا يېتىپ كەلدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىدىن يۇسۇپنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئوقۇدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ كۆردى. يۇسۇپنىڭ خېتىنى مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلىشتى، كېيىن تەييارلىق قىلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىشتى. بۇ

خەۋەر يۈسۈپكە يېتىپ باردى. يۈسۈپ جاكارچىنى يولغا چىقىرىپ:

— ئەي مىسىرنىڭ چوڭ - كىچىك، باي - گاداي، ئالىم - ئۆلىما، ئەكابىر - ئەشرەپلىرى باشلىق ھەممە ئاھالىسى! ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ زىيارەت قىلسۇن. كۆرۈشسۇن، دۇئاسىنى ئالسۇن! — دەپ جاكار قىلدۇردى.

ياقۇپ مىسىرغا يېتىپ كەلگەن كۈنى مىسىر ئاھالىسى گۇرۇھ - گۇرۇھ، فەۋج - فەۋج، فىرقە - فىرقە، توپ - توپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ياقۇپ مىسىرغا بەنى ئىسرائىل ئاھالىسى بىلەن كاناي - سۇناي، ناغرا - دۇمباق چېلىپ تەنتەنە بىلەن يېتىپ كەلدى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەر ياقۇپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنى زىيارەت قىلدى.

— مەرھابا، خۇش كېلىپسىز ئەي ئەزىز مېھمان! — دەپ كېلىپ كۆرۈشتى. مىسىرنىڭ ئېسىلزادىلىرى، ۋەزىرلەر، ئالىم - ئۆلىمالار، مۇنەججىملەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشتى. ئاخىردا كاناي - سۇناي چېلىنىپ، داغدۇغا، سەلتەنەت بىلەن يۈسۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ «تەياخ» دېگەن ئېتىنى مىنگەنىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىنى ئوينىتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پەرىشتىلەر ئۇنى تاماشا قىلغاندەك بولدى. ھەسەتخورلار ھەسرەت بارمىقىنى نادامەت چىشلىرى بىلەن چىشلەشتى.

يۈسۈپ ئاتىسىنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى ئاتتىن يەرگە تاشلىدى. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى، بىر - بىرىگە كەلگەن ھادىسىلەرنى بايان قىلىش-

تى. يۈسۈپ ئاتىسىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قىرىق يىلدىن قاچقان قوزا تېپىشتى،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۇستىگە، ئەزىزىم.
دوستلار كۈلۈپ، دۈشمەنلىرىم يىغلاشتى،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۇستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:
قىرىق يىلدۇر ئۇچۇپ كەتكەن لاچىنىم،
قارا كۆزۈم، ئىمىرزادەم سەنمۇسەن؟ !
ئوڭۇممىدۇر، چۈشۈممىدۇر يا خىيال،
يۈسۈپ ئاتلىق مېنىڭ ئوغلۇم سەنمۇسەن؟

يۈسۈپ:
قىرىق يىلدۇر — ئايرىلىشتىن غەم يۇتتۇم،
قان يىغلىدىم، دەرد - ئەلەمنى ھەم يۇتتۇم،
رىزا بولۇڭ، سىزنى بەدەل ئەيلىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۇستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:
قايدا يۇردۇڭ، قايدا ئەردىڭ بىلمىدىم،
قايغۇ - غەمدە زەۋق - ساپا قىلمىدىم،
ھىجرىڭ بىلەن باغرىمنى مىڭ تىلغىدىم،
تازا باغىم، ئىمارىتىم سەنمۇسەن؟ !

يۈسۈپ:
بىرنەچچە كۈن چاھنى مەنزىل ئەيلىدىم،
دەمدىن - دەمگە ھالىم تەبدىل ئەيلىدىم،

سىزنى ھەردەم ئىشقا ھەمدىل ئەيلىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:
سېنىڭ ھىجرىڭ باغرىم كاۋاپ ئەيلىدى،
خۇدايىمنىڭ ئەمرى ناياپ ئەيلىدى،
دىلىم «يۇسۇپ» دەپ سېنى ياد ئەيلىدى،
ھەقتىن يەتكەن مېھرىبانىم سەنمۇسەن؟ !

يۇسۇپ:
ئەزىز ئاتا ! ئويناپ - كۈلۈپ يۈرمىدىم،
ئىجازەتسىز سۆزىڭىزنى قىلمىدىم،
بۇزرۇكۋارىم، خىزمىتىڭنى قىلمىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ئاتا بىلەن ئوغۇل ئاھالە بىلەن بىللە ھال - ئەھۋال سورىشىپ مىسىرغا كىردى. يۇسۇپ شەھەرنى زىننەتلەپ، ئاھالىگە نەچچە كۈن ئاش تارتتى، ئاتىسىنى مېھمان قىلدى. مىسىر ئاھالىسى توپ - توپ بولۇپ كېلىپ ياقۇپنى زىيارەت قىلىپ تۇردى.

ياقۇپ مىسىردا ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى، بۇ يىللار ئىچىدە خەلققە زۇلۇم - ستەم بولمىدى.

بىر كۈنى جەبرائىل كېلىپ ياقۇپقا:

— تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشتى، ئەمدى مىسىردا كۆپ تۇرماي كەنئانغا قايتقىن ! — دېدى.

ياقۇپ بۇ پەرماننى ئاڭلاپ مىسىر خەلقى ۋە يۇسۇپ بىلەن

خەيرلىشىپ ـ ۋىدالىشىپ، مىسىردىن كەنئانغا يۈرۈپ كەتتى. يۈسۈپ ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مىسىردىن نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە قايتا ۋىدالاشتى.

ياقۇپ كەنئانغا يېتىپ كەلگەندە، شام بىلەن كەنئان خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، زىيارەت قىلدى، دۇئاسىنى ئالدى. ياقۇپ كەنئانغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى بوۋىسى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقنىڭ يېنىغا قويدى.

يۈسۈپ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، مىسىردا يەنە بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلدى. كېيىن ئۇنىڭغىمۇ جەبرائىل ئاخىرەت سەپىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنى بۇيرۇدى. يۈسۈپ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، زىلەيخا باشلىق خوتۇن ـ باللىرى ۋە بارلىق دوستلىرى بىلەن ۋىدالاشتى. ئاخىردا يۈسۈپ زىلەيخاغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇش قالغىن، زىلەيخا، پانىي دۇنيادا،
سەن بىلەن تۇرماستىن، كەتمەكچى بولدۇم.
غەم يېمە ھەرگىزمۇ، قىلمىغىن سادا،
سەن بىلەن تۇرماستىن، كەتمەكچى بولدۇم.

زىلەيخا:
يۈسۈپۈم، سالمىغىن ھىجران دېغىنى،
بىر ئۆمۈر ئىككىيلەن يولداش بولايلى !
سەير ئېتىپ يۈرەيلى دۇنيا بېغىنى،
دۇنيادا بىر ئۆمۈر يولداش بولايلى !

يۈسۈپ:
ھەركىمگە ئەجەل ۋەھشىتى چۈشەر،
ئاتا ـ ئوغۇل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلار، كېچەر،
ئىمانىنى يولداش ئەيلىسە جەببار،
خۇش قالغىن، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:
سەن كەتسەڭ زار ئەيلەپ يىغلايمەن،
ھىجران ئوتىدا يۈرەك داغلايمەن.
سەنسىز جاننى مەن قانداق ساقلايمەن،
باقىي دۇنيادىمۇ يولداش بولايلى.

يۈسۈپ:
ھەركىمگە يەتسە ئەجەل خازانى،
سەۋر قىلىپ تۇرمايدۇ سائەت ـ زامانى،
مەن كېتەرمەن، يوقتۇر ھېچ شەك ـ گۇمانى،
ياخشى قال، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:
سەن بولمىساڭ قارا كۆزنى نە قىلاي؟
پىستە ئوخشاش شېرىن لەۋنى نە قىلاي؟
كېچە ـ كۈندۈز، ئاي ـ يىللارنى نە قىلاي؟
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۈسۈپ:
مەن كەتكەندە قىلماڭ كۆپلەپ ئاھۇزار،
يىغان چېكىپ يىغلاپ يۈرمەڭ زىيادە،

ياخشى قىلىڭ، تاپشۇرىمەن خۇداغا،
خۇش ئەمدى، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:
سەن كەتسەڭ دۇنياغا كۆزمۇ سالماسمەن،
قول ئۈزىتىپ قىزىل ئالما ئالماسمەن،
سەن كەتسەڭ مەن ئۆزۈم بۇنداق قالماسمەن،
سەۋر قىل، باقىي يۇرتتا بىللە بولايلى.

يۇسۇپ:
يۇسۇپ ھەق ئەمرىگە بېلىن باغلىدى،
زىلەيخا سەن ئۈچۈن يۈرەك داغلىدى،
جۇدا بولۇپ كېتەر يولىن چاغلىدى،
خوش ئەمدى، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:
سەن كېتىپ، دۇنيادا مەن نېمە قىلاي؟
ئارقاڭدىن ئىزىڭنى ئىزدەپ مەن باراي !
دۇنيانى پۇچەك پۇل ـ تىيىنغا ساتاي،
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۇسۇپ:
رازى بول، زىلەيخا، ئەمدى كېتىمەن،
ئاتا ـ بوۋاملارغا مەنمۇ يېتىمەن،
بالىلارنى خۇداغا تاشلاپ كېتىمەن،
رازى بول، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:
زىلەيخا قالدىغۇ بۇندا ئاھ ئۇرۇپ،
نازۇك جان كەتتىغۇ، بۇندا مەن تۇرۇپ،
يىغان ئەيلەپ يىغلايمەن ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ،
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۇسۇپ زىلەيخا بىلەن يىغلاشتى، رازلىق ئېيلىشتى، ۋىدالاشتى. يۇسۇپ جان ئۈزدى. زىلەيخا يۇسۇپنىڭ تاۋۇتىنى يىغلاپ يۆرۈپ ئايلاندى. ئاخىر:

«كۆزۈم سېنىڭدىن باشقىسىنى كۆرمىسۇن!» دەپ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېلىپ يۇسۇپنىڭ تاۋۇتىغا سالدى. زىلەيخا مىسىر ئاھالىسى بىلەن يىغلاپ چىقىپ، يۇسۇپنى دەپنە قىلدى. ئۆزدە مۇ شۇ يەردە جان ئۈزدى. يۇسۇپ بىلەن ئىككىسىنى بىر يەرلىككە دەپنە قىلىشتى.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "57u05ZC+5bCU5rCR6Ze05Y+y6K+XIOS4iSDnu7TlkL7lsJTmlodfNDAyMDk5MTMuemlw",
"filename_decoded": "\u7ef4\u543e\u5c14\u6c11\u95f4\u53f2\u8bd7 \u4e09 \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209913.zip",
"filesize": 40866132,
"md5": "6e6c4b9bca94e407ab5e778a50a3f1a0",
"header_md5": "57061fcd96779183468a6c6346c9ac0d",
"sha1": "929c9edc8152b040b868688e9b61c11106c11909",
"sha256": "99f3299db5f66efa211efbecd316ada729050c47e7c7c774f38d9b132fb4a367",
"crc32": 3674955702,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 42639912,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2569\u2556\u2569\u00bd \u255a\u00b2 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209913",
"pdg_main_pages_found": 374,
"pdg_main_pages_max": 374,
"total_pages": 384,
"total_pixels": 1525540096,
"pdf_generation_missing_pages": false
}